ئايمۇھەممەت ساھىبى

# بىرنى بىر دېگۈلۈك

(ھېكايىلەر)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

说一算一/阿依买买提·萨合比著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.3
ISBN7—228—08650—3

Ⅰ.说… Ⅱ.阿… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 014832 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:阿孜古丽·克里木
封面设计:艾克拜·萨力

**说一算一** (维吾尔文)
阿依买买提·萨合比 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
安萨尔排版中心排版
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 8.75 印张 插页:6
2004 年 8 月第 1 版 2004 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—3060

ISBN7—228—08650—3 定价:13.00 元



ئايمۇھەممەت ساھىبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇھەررىردىن

ياش يازغۇچى ئايمۇھەممەت ساھىبى 1965 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قوچى يېزىسى غەزەل كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1985 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1998 ـ يىلى چوڭلار ئالى مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1985 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە قاراقاش ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، قارامايي يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 ـ يىلىدىن بۇيان ھازىرغىچە قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئايمۇھەممەت ساھىبى 1984 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىرادە ھەققىدە» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «تارىم»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى قاتارلىق ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى، بىر بۆلۈك شېئىر، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. «تونۇردا»، «ساۋاب» قاتارلىق بەش پارچە ھېكايىسى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك

مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھالاكەت سىرتمىقى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، 2002 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «كۆئىنلۇن بۈركۈتى ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان. ئايمۇھەممەت ساھىبى ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، سىياسىي كېڭەش قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ھاكىم كەسپى ........................ 1
ئاچچىق ئالما ........................ 18
بۇ يەرنىڭ سوغۇقى قاتتىق........................ 47
خەير خوش، جىگدىلىك ........................ 94
قاياش ........................ 126
يۈك ........................ 159
ئۇستەل ھەققىدە ھېكايە ........................ 184
بىرنى بىر دېگۈلۈك ........................ 207
خۇمار ........................ 254

# ھاكىم كەپسى

— كەپ قالدۇق، ھاكىم كەپسى دېگەن دۆڭ مۇشۇ مانا، — يول بويىدىكى غاشا قومۇشلۇق زومچاق دۆڭنى بېشىنى بۇراپ ئىشارە قىلدى بوۋاي، — تۆپىسىگە چىقايلىمۇ؟

— چىقىپ باقايلى.

بوۋاي ئالدىمدا يول باشلاپ دۆڭگە ياماشتى. مەن بوۋايغا سوڭدىشىپ دۆڭگە چىققاندىن كېيىن تازا بىر تىنىۋېلىپ، ئەتراپقا نەزەر سالدىم. بۇ ئەتراپتا كەپە تۇگۇل بىرەر تۇپ مايماق جىگدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن خۇددى باغ ئارىلاپ بىرەر تال يىگىلەك ئالمىنىڭمۇ قارىسىنى كۆرەلمىگەن كىشىدەك ئەتراپقا ھەيران بولۇپ قارىدىمىۇ، يەنە دەررۇ ھاكىم كەپسى دېگەن مۇشۇ دۆڭنىڭ نامى ئۇخشايدۇ دەپ ئويلىدىم.

مەن بۇرۇن مايادۆڭ، قويۇندۆڭ، قومۇشدۆڭ، توغراقدۆڭ دېگەندەك دۆڭلەرنىڭ نامىنى خېلى ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، ھاكىم كەپسى دېگەن بۇنداقمۇ بىر دۆڭ بارلىقىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم ئىدى. ئېھتىمال بۇرۇنلاردا بۇ دۆڭگە كەپە تىكىپ قوي باققان بىرەرسى كېيىن تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ھاكىم بولۇپ قالغان بولسا، ياكى يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ئېزىقىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىرەر ھاكىم بۇ دۆڭگە كەپە تىكىپ بىرەر قېتىم يېتىپ ئۇخلىغان بولسا شۇنداق ئاتىلىپ قالغاندۇ. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يۇرتتا قايسىدۇر بىر ئەمەلدارلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان پالانچىنىڭ قۇدۇقى، پوكۇنچىنىڭ تېرىكى، پۇستانچىنىڭ ياڭىقى دېگەندەك ناملارمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغۇ. تۇرمۇشتا ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالغان بۇنداق ناملار ئازمۇ؟

— ئىلگىرى بۇ دۆڭدە بىر ھاكىمنىڭ كەپىسى بار ئىدى. بۇ راست گەپ، — دېدى بوۋاي كۆڭلۈمدىكىنى سەزگەندەك قىلىپ، — مەشرىپ ھاكىم دېگەن كىشى شۇ كەپىدە 40 كۈن تۇرۇپ، 40 مىڭ ئەمگەكچى بىلەن 40 مىڭ مو بوز يەر ئاچقان. شۇ قېتىمقى ئەمگەكنى «ئۈچ 40 قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ ھاكىم قالتىس بەلەن ئادەم ئىدى، جېنى تۆمۈردىن پۈتكەندەك دېسىلە. ئۇ ھاكىمنى خۇدا بىزگە بىر نېسىپ قىپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ھاكىم ئۆتتى. بۈگۈنى بىرنى ھاكىم سايلاپتۇ دەپ ئاڭلىساق، ئەتىسى پالانچى ھاكىم پارا يەپ موللاق ئېتىپتۇ، دەپ ئاڭلايمىز. كۈندە مىڭ ياڭزا گەپ. قۇلاقمۇ قاشىرىپ قالدى مۇشۇ كۈنلەردە، قايسى يالغان، قايسى راست، كىم ئاق، كىم قارا؟ يارانقان ئىگەم ئۆزى بىلمىسە، بەندە بىر نېمە دېمەك تەس. ھەي...

بوۋاي نېمىگىدۇر ئەپسۇسلانغاندەك خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك توردەك قورۇق قاپلىغان چىرايى ئەتىۋارلىق بىرەر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىدەك سولغۇن كۆرۈنەتتى. بوۋاينىڭ بۇ ھالىتىدىن ئىچىم سىقىلىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم.

بۇ دۆڭ ئۆگزە بويى ئېگىز بولۇپ، ئورنى بىر ئائىلىلىك ئۆي ئورنىچىلىك كېلەتتى. دۆڭنىڭ چوققىسى سېرىق قۇم بولۇپ، يان باغرىلىرىدا يېڭىدىن ئورىۋېلىنغان قومۇش كۆتەكلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۈنۈپ قالغان يانتاقلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. دۆڭنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە مەھەللىنىڭ دەل - دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. شۇ تەرەپتىن تاناپتەك سوزۇلغان قۇمساڭغۇ يول ھاكىم كەپىسىنىڭ بىر چېتىگە تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچى كۈن پېتىش

تەرەپتىكى ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئېگىز دۆڭلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. يولنىڭ يەنە بىر ياقىسىدا تاشلاندۇق كونا ئۆستەڭ بار بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئېگىز ـ پەس قاشلىرى تۈكۈچتەك ئۈنگەن خوخا، شۇۋاق، چۈچۈكبۇيا، يۇلغۇنلار ئاستىدا قالغانىدى. دۆڭنىڭ تۆت ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز شورلۇق بولۇپ، شورلۇقتىكى ئېرىق، قىرلارنىڭ ئىزى تېخىچە يوقىلىپ كەتمىگەنىدى. ئېرىق، قىرلارنىڭ بويلىرىدىن ئۆرلىگەن شور ئالىچىپار ئېرىگەن قاردەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بىر ياقلاردا توپ ـ توپ قوي ـ كالىلار ئوتلىشىپ يۈرۈشەتتى.

— بۇرۇن بۇ يەرلەر تاۋارنىڭ گۈلىدەك يەر بولغان، — دەپ ئېغىز ئاچتى بوۋاي بىر هازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ئاستا ئولتۇرغاچ يۈز ـ كۆزلىرىگە قونغان پاشىنى قورۇپ تۇرۇپ، — مەشرىپ هاكىمنىڭ پېشى قولىمىزدىن ئاجراپ كېتىپ، بۇ يەرلەرمۇ چۆلدەرەپ قالدى. هەي، بەك بەلەن ئادەم ئىدى، ياخشىغا كۈن يوق، ئەسكىگە ئۆلۈم، دېگەن گەپ بەرهەق راستكەن. ئادەم دېگەننىڭ جېنى ئىلكىدە چاغدا قەدرى ئۆتۈلمەيدىكەن، شۇ ئادەممۇ رەهمەتلىك بولۇپ قالدى مانا. رەهمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولار ئىلاهىم، ئۆزىمۇ ئەل ـ جامائەتنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكەن ئادەم ئىدى.

ئۇستۋاشلىرىمغا قونغان پاشىلارنى شاپىلاقلىغاچ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، كۈچەپ شوراشقا باشلىدىم.

— هەببەللى، ما ئىشلىرى جايىدا بولدى ئۇكا، ئېغىزلىرىغا ئوت قالاپ، بۇرۇنلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىپ، پاشىلارنىمۇ قوغلىۋەتتىلە.

بوۋاي بۇ چاقچىقىدىن مەمنۇن بولغاندەك پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. مەنمۇ دىمىغىمدا كۈلۈپ سالدىم.

— تاماكىلىرىدىن ماڭىمۇ سۇنسىلا ئۇكام، نى زامان بوپتىكەن شوراپ باقمىغىلى، بۇگۈن مەشرىپ هاكىم يادىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقاتقۇچىسى

كېلىپ. . .

بوۋاينىڭ بۇ گېپىگە سەل ھەيران بولدۇمىيۇ، دەررۇ ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇنۇپ چاقماق چېقىپ بەردىم. ئۇ بىرنى شوراپلا يۆتىلىپ قېقىلىپ كەتتى. يۆتەلدىن توختاپ كۆزلىرىنى سۈرتكەچ ھىجىيىپ قويدى.

— يۇت - قولدىن ماغدۇر كەتكەندە ئۆز كۈن يوقكەن ئادەمگە، بىز بوز يەر ئاچقان چاغلاردا مەشرىپ ھاكىم بىلەن مۇشۇ دۆڭدە مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ نەچچە قېتىم تاماكا چېكىشكەن، رەھمەتلىك مېنىڭ تاماكامنى چېكىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئىككى چىشلىق بۇقىدەك كۈچۈم بار ئىدى. كەتمەننى باش كۆتۈرمەي چېپىپ، تاغارنى بوغماي يۈدەتتۇق. مەشرىپ ھاكىم مۇشۇ دۆڭدە مېنى كۆرمەك ئادەمنىڭ ئالدىدا نەچچە قېتىم ماختاپ مۇكاپاتلىغان دېسىلە.

— مەشرىپ ھاكىم دېگەنلىرى قانداقراق ئادەم ئىدى؟

— نېمىسىنى سورايلا ئۇكام، دېسەم گەپ جىق. سىلى مۇخبىر كەنلا، مەنغۇ قارا تۇرۇك ئادەم. ئەقلىم كالتە - كۆسەي، شۇنداقتىمۇ مۇخبىر دېگەننى قولىقى ئۇزۇن، لىللا سۆزلەيدۇ، ھەقنى يازىدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن. بۇرۇن سىلىگە ئوخشاش مۇخبىرلار مەشرىپ ھاكىمنى مۇشۇ دۆڭدە رەسىمگە تارتىپ گېزىتكە چىقارغان. مەندىنمۇ خېلى گەپ سوراشقان. بىلگىنىمنى قالدۇرماي دەپ بەرگەنىدىم. مەندىن بىر-ەرسى بۇنداق گەپنى سورىمىغىلى نەچچە ئۇجمە پىششىقى بوپتىكەن. مۇخبىرغا دېمىگەننى كىمگە دەرمەن. ئادەم ياشىنىپ قالغاندا زېھنى تازا جايىدا تۇرمايدىكەن. قايسى يىلى ئىكەنلىكى ھېچ يادىمدا قالماپتۇ، ئىشقىلىپ، ھېلىقى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، پولات تاۋلاش دېگەن گەپلەر بوران چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى چاغلارمىكى دەيمەن، مەيدە يانچۇقىغا قەلەم قىسىۋالغان، كادىرغا ئوخشايدىغان بوغداي ئۆڭلۈك بىر

ئادەم ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ بىرنەچچە كۈن مۇشۇ يۇرتنى ئارىلىدى. ئۇنىڭ ئاتىنىڭ سۆڭگىچىگە قاپاق ئېسىپ مۇشۇ تەرەپكە كېلىپ - كېتىۋاتقىنىنى كۈندە نەچچە كۆرۈپ تۇراتتۇق. ئۇ بىرەرسىمىزگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۆيۈڭلەردە نەچچە جان، نەچچە ئەمگەكچى بار، دارامەت ئەھۋالىڭلار قانداق، ئەترەتتە نەچچە مو يەر بار، يۇرتنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگالدىن قۇدۇق كولىسا نەچچە مېتىردا سۇ چىقىدۇ، بىر تاشلىق سۇدا لاي ئېقىتىپ بىر كۈندە قانچىلىك يەر ئاچقىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك گەپلەرنى سورايتتى. كېيىن ئۇقساق ئۇ كىشى مەشرىپ ھاكىمكەن ئەمەسمۇ، ياقىمىزنى تۇتۇشتۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرگە يۇرت - يۇرتتىن ئەمگەكچى يۆتكەلدى. مۇشۇ دۆڭگە كەپە تىكىلىپ، كەپە ئۈستىگە قىزىل بايراق قادالدى. دۆڭ - دۆڭدە كانايلار كاككۇكتەك سايراپ، ئەمگەك دېگەن كېچە - كۈندۈز قايناپ كەتتى. ئات - ئېشەكلەرگە ساندۇق، داپ - دۇتارلىرىنى ئارتىپ كېلىشكەن سەنئەتچى، كىنوچىلار ھەر كۈنى ئاخشام بۇ دۆڭنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇردى. مەشرىپ ھاكىمنىڭ بىردەم ئارام ئېلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. باشلىق بولسا شۇنداق بولسا دېگۈم كېلىدۇ، ئۇ ھېلى بىر دۆڭدە يىغىن ئاچسا، ھېلى ئۇ دۆڭدە لاي ئېقىتاتتى. قولىدىن كەتمەن چۈشمەيتتى. بىر كەتمەن توپا ئۇسسا، بىر زەمبىل توشاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق ئىشلىگىنىگە قاراپ ھېچكىمنىڭمۇ ئارام ئالغۇسى كەلمەيتتى. ھارغىنىمىزنىمۇ ئۇقماي ئوتتۇز - قىرىق كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەم دېگەننىڭ كۈچىگە ھېچنېمىنى تەڭ قىلغىلى بولمايدىكەن. ئەمگەك تۈگىگەندە بېلىمىزنى رۇسلاپ، تاناپتەك تۈز ئېلىنغان يول، ئۆستەڭ - ئېرىقلارنى، ئەينەك يۈزىدەك تۈزلەنگەن يەرلەرنى كۆرۈپ بىر ئۇھ بىلەن ھاردۇقىمىز چىقىپ كەتكەنىدى.

بوۋاي پاشا چاقىقان گەدىنىنى قاشلاپ، سەل جىمىپ قالدى.
مەن بىر قاينام ـ تاشقىنلىق هايات تەسۋىرلەنگەن كىنو كۆرۈۋاتقاندەك خىيالدا مەيدە يانچۇقۇمدىن بىر تال تاماكا سۇغۇرۇپ تۇتاشتۇردۇم.

— بۇ دۆڭ نېمىشقىكىن، شۇ چاغدا قالدۇرۇپ قويۇلغان. كېيىن بۇ يەرلەر ئىككى يېزىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. تېگىنى بىز تېرىدۇق. تېگىنى ئاياغ تەرەپتىكى قارىساي يېزىسى تېرىدى، شۇ يىللىرى بۇ يەرنىڭ زىرائىتى دېگەن شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، بۇغدايلار بېشىنى كۆتۈرەلمەي، قوناقلار بىلەكتەك باش ئېلىپ، پاختا دېگەن تەلپەكتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. زىرائەت دېگەننىڭ ئۇنداق بولغىنىنى ئۆمرۈمدە بىر كۆردۈم. چۈشۈمدىمۇ كۆرمىدىم. مۇشۇ يەر بىزنى داجەيدىن ئۆگىنىشتىمۇ بىرىنچى قىلغانىدى. دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىشتىمۇ بىرىنچى قىلغانىدى. مەنمۇ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ نەچچە قېتىم ناھىيىگە بارغان. چوڭ يىغىنلاردا مۇكاپاتلانغان. مەشرىپ هاكىم ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات بەرگەن تۈمۈر ئارا هازىرغىچە ئۆيدە بار، ئۇپراپ كۆتمەكشىپ كەتكەن ئىدى، ساقلاپ قويدۇم. كۆزۈمگە خېلى ئۇز كۆرۈنىدۇ. شۇ يىللىرى نورمىمىزنى ساق ئېلىپ، دارامەت ئۆسۈپ، قورساق نانغا تويۇپ، هال ـ كۈنىمىز خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى. شۇنداق رەھبەر بۈگۈنكىدەك كەڭرى جاهاندا بولسىچۇ، تىرىلدۈرۈپ ئەكىلىۋېلىشنىڭ ئورنى يوقكەن. ئاڭلىساق، قولىدىن كەلگەندە بىرەر بالىسىنى بولسىمۇ ياخشىراق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماپتىكەن. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭمۇ ئاغرىنىشلىرى خېلى بارمىش. لېكىن ئۇ رەھمەتلىكتىن خۇدانىڭ، خەلقنىڭ قىلچىلىكمۇ ئاغرىنىشى يوق. ئادەم دېگەن شۇنداق هالال ئۆتكۈلۈك. ئۆلۈش يىلى ئۇ ئادەمنى بازاردا بىر كۆرۈپلا تونۇپ قالدىم. ساقاللىرى ئاقىرىپ مۈكچىيىپ

كېتىپتىكەن. ھالى بەك خاراب، كۆرۈشكىلى ئالدىغا بارسام مېنى خېلى تەستە تونۇدى. بىردەم ئەھۋاللاشتۇق. ناۋايخانىغا باشلاپ بىر قانچە گۆشگىردە يېگۈزەي دەپ قانچە تۇتسام ئۇنىمىدى. كۆرۈشكىنىم شۇ بولدى، قايتا ئۇچرىتىش نېسىپ بولمىدى. ياندۇرقى يىلى قازايى قەدەر يەتكەنلىكنى ئاڭلاپ، يېشىمىز چوڭلارنىڭ ئىچىمىز ئېچىشىپ كەتتى. تېخى قايسى كۈنى چۈشۈمگە كىرىپتىكەن. مۇشۇ دۆڭدە تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرغۇدەكمىز. مېنى كۆرمىنىڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا مۇكاپاتلىغۇدەك. ئاندىن، ئەمدى چېلىشىمىز، دەپ بېلىمنى تۇتۇۋالغۇدەك، مەن ئۇنىمىسام ئۇمۇ ھېچ ئۇنىمىغۇدەك. مەن كۆڭلۈمدە ھاكىمنى يىقىتىپ سالسام سەت بولماسمۇ، بىردەم كۈچ سىناشقان بولۇپ ئۆزۈم يىقىلىپ بېرەي، دەپ ئويلىغۇدەكمەن. ئۇ كىشى مېنىڭ بوش تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا كايىغۇدەكمىش. ئاخىر مەن ئۇنىڭغا تەتۈر چىماق سالدىم، ئۇ ماڭا ئىچ چىماق سالدى. بىز ئۇزۇن تۇتۇشۇپ، بىرسى بىرسىمىزنى يىقىتالماي ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكۈدەكمىز. ئويغانسام چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىپتىمەن. شۇ كۈنى سۈرە ياسىنىنى بىر ئۆتكۈزۈپ، رەھمەتلىكنىڭ روھىغا دۇئا قىلغانىدىم. بۈگۈن سىلى گېپىنى سوراپ قالدىلا مانا.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. پاشا - كۆمۈتىلارنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدىلا ئاڭلانماقتا ئىدى. بارا - بارا خىياللىرىم قالايمىقانلىشىپ، دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. شۇنداق بىر ئادەم شۇنداق تەقدىر بىلەن كېتىپ قالسا بۇنىڭغا كىممۇ ئۆكۈنمەي تۇرالىسۇن؟ ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە قولۇمدىكى ئويناپ ئولتۇرغان قومۇش يىلتىزىنى پاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ يەرگە تاشلىدىم. جىمجىتلىقنى بوۋاي يەنە ئۆزى بۇزدى.

— ھەي، ئۇ ئادەم ھاكىملىقتىن قالغاندىن كېيىن بۇ يەر

نىڭ ھەممىسى تاشلىنىپ كەتتى. يەر ئەسكى ئەمەس، ئەر ئەسكىكەن. ھازىرغۇ كۆنىمىز يامان ئەمەس. مۇشۇنداق تاۋارنىڭ گۈلىدەك يەرلەرنى تاشلىۋەتمىگەن بولساق بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كۈنلەرگە ئېرىشەلمەسمىدۇق. ھازىر نان يەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. لېكىن نان چىقىدىغان يەر يەنە شۇ، ھازىرقى باللار بىزنىڭ يېشىمىزغا بارغاندا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر جاھاندا، بىز دېھقان خەقنىڭ رىزقى يەردە، مۇشۇنداق داستىخاندىكى تەييار نانغەك يەرنى تاشلىۋەتسەك خۇدامۇ راۋا كۆرمەس.

— ھازىر ھەممە يۇرتتا تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ئىشقا نېمىشقا ئېتىۋار بەرمىگەندۇ، بۇ قاراشلىرىنى تەشكىلگە ئېيتىپ باقمىدىلىمۇ؟

— شۇنىمۇ گېپىم بار دەپ دەۋاتاملا ئۇكام؟ ئېيتمامدىغان، بىرنەچچىمىز ساقىلىمىزنى سۆرەپ يېزىغا نەچچە قېتىم بېرىپ دېدۇق. ھەر بارساق ئاغزىمىزغا قۇرۇق ئېمىزگە سېلىپ قايتىمىز. ئېمىزگىدىن ھېچ سۈت چىقاي دېمىدى. ناھىيىگە خەت يېزىپ سۇندۇق، ھېچ ئۇچۇرى بولمىدى. تەشكىلگە ساقلاپ تۇرماي كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۆزىمىز چاغلاپ تېرىۋېرەيلى دەپ يېزىغا سۇ تەلەپ قىلىپمۇ بېرىپ باقتۇق. سۇ پۇلىنى تۆلەيلى دەپمۇ باقتۇق. دېمىگەن گېپىمىز قالمىدى. بۇ ئىشقا جىن ئارىلىشىۋالدى دېسىلە.

— قانداق جىنكەن ئۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋالغان؟

— قانداق جىن بولاتتى، يېزىمىزنىڭ شاڭجىڭى ياسىن شاڭجاڭ دېگەن جىن. ھەممىسى شۇنىڭ كاساپىتى.

— ئۇ خاتا قىلغان بولسا ئۇنىمۇ باشقۇرىدىغان يەر بارغۇ.

— سىلى ئۇقمايلا، دېسەم گەپ جىق. بەلكى ئىشەنگۈلىرى كەلمەس. ياسىن شاڭجاڭ دېگەن قىلتىقى تولا ئادەم. تۆۋەنگە

بىر نېمە دېسە، يوقىرىغا باشقا بىر نېمە دەپ يالغان ئېيتىدۇ. يوقىرىمۇ بەزىدە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىدىكەن. بۇ يىل ئۇجمە قىزارغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئېتىزلىققا كېتىۋاتسام قوي ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىرسى ھاكىم كەپسىگە ھاكىم كەپتۇ، دېگەن گەپنى قىلدى. تىلىكىمىز ئىجابەت بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ كەلسەم راستتىنلا ھېلىقى تېلېۋىزوردا تولا چىقىدىغان گىدە چاچ مۇئاۋىن ھاكىم مەتسەيدى دېگەن كىشى تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردىم. ئەسلىدە قارىساي تەرەپتىن كېلىۋېتىپ مۇشۇ دۆڭنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغانىكەن. شوپۇرى ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئوڭدا يېتىپ، بىرنېمىلەرنى تاكىلداتقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا مەتسەيدى ھاكىم قولىدىكى ھاۋانچىنىڭ تېشىچىلىك بىر نەرسىنىڭ تايىقىنى چىقىرىپ كىمگىدۇر گەپ قىلىپ، ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى، دەرھال ئادەم كېلىپ ياردەملىشىشنى دېدى، گەپ ئارىسىدا ياسىن شاڭجاڭنىمۇ تىلغا ئالدى. گېپى تۈگەپ ئۇ نەرسىنى يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن مەن پۇرسەتنى توتاي دەپ ئېغىز ئاچتىم. مەن بۇرۇن بۇ يەرلەرنىڭ ياخشى يەر بولغانلىقىنى، كېيىن تاشلىنىپ كەتكەنلىكىنى، قايتا تېرىمغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا يېزىغا نەچچە قېتىم بارغانلىقىمىزنى، ناھىيىگە خەت يازغانلىقىمىزنى، ھەممىنى دېدىم، ئۇ كىشى شۇنداقمۇ؟ دەپلا ئولتۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا گەپمۇ قىلمىدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن شۇنداقمۇ دېگەندىن باشقا بىرەر ئېغىز گەپ ئاڭلاپ بولغۇچە مەھەللە تەرەپتىن ئىككى ماشىنا قويۇندەك يېتىپ كەلدى. ياسىن شاڭجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ مەتسەيدى ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر قەغەز ساندۇقتا بىر نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېنىغا ئەكېلىشتى. ياسىن شائجاڭ ساندۇقتىن بىر شىشىنى ئېلىپ ئاغزىنى پاراسلىتىپ ئىچىپ مەتسەيدى ھاكىمغا تەڭلىدى.

— ئاسلا، ئۇسساپ قالغانلا، توڭلاتقۇدىن ھازىرلا ئالغان، مۇزدەك تۇرۇپتۇ. كېلىدىغانلىرىنى بىلگەن بولساق، ھەي. . . جۇرسىلە، ماشىنا ئۇڭشىلىپ بولغۇچە دۆڭگە چىقىپ بىردەم ئارام ئالايلى، دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرسىمۇ خېلى پەيزى بولىدۇ، بۇ دۆڭنى ھاكىم كەپىسى دەپ ئاتايدۇ تېخى، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟

مەتسەيدى ھاكىم ياسىن شائجاڭغا ئەگىشىپ دۆڭ تەرەپكە مېڭىشىغا مەن يەنە ئېغىز ئاچتىم.

— ھاكىم، ياسىن شائجاڭمۇ تۇرۇپتۇ، مۇشۇ يەرنىڭ ئىشىنى بىر ئويلىشىپ باققان بولسىلا، جىق كۆچمىز كەتكەن يەر ئىدى، تاشلىنىپ قېلىپ. . .

ياسىن شائجاڭ ماڭا كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىپ، گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى.

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ مەتسەيدى ھاكىم ئاران بىر گەلگەندە. . . مۇشۇ تازنىڭ گەدىنىدەك يەرگە سېزىك تارتىپ قالغاندەك بۇ خەقلەر. . .

— مەتسەيدى ھاكىم ئاران بىر كەلگەندە دەۋالىمساق بىز بېرىپ تاپالمايدىكەنمىز، شائجاڭ.

— ئاكا، مەن نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، بىز بۇ يەرنى تەكشۈرۈپ باقتۇق. تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە يەتمىدى. تۇپراق تەركىبى ياخشى ئەمەس، يەر ئاستى سۇ يۈزى ئېگىز، بۇنداق گەپلەرنى سىلى چۈشەنمەيلا، زاغرا نانچە گەپ قىلسام بۇ يەر شورلۇق، ئاۋارە بولغانغا چۈشلۈق ئۈنۈم يوق. بۇنداق سالجىدەك چاپلىشىۋالمىسىلا ئادەمگە، — دېدى ئۇ.

— سۇ باشلىساق زەي قاچۇرۇپ بىر يىلدىلا يەر قىلغىلى بولاتتى.

— ھەببەللى، شۇ سۇ نەدە ئاكا، ھاكىمنىڭ يانچۇقىدا سۇ بارمۇ؟ مېنىڭ يانچۇقۇمدا سۇ بارمۇ؟ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا.

— بوز يەرگە قۇدۇق كولىسا، يۇقىرىدىن پۇل بېرەرمىش دەپ ئاڭلىغان. ھېچ بولمىسا شۇنداق قۇدۇقتىن ئىككى - ئۈچنى كولىتىپ بەرگەن بولسىمۇ. . .

— ئەستا. . . كاناي ياغلىغلى ياغ بولمىسا سۇناي ياغلىغلى نەدە ياغ، كادىرلارنىڭ مائاشىنىمۇ ۋاقتىدا تارقىتالمايۋاتقان مۇشۇ كۇنلەردە يۇقىرىنىڭ مەبلىغى بىلەن قۇدۇق كولىغاندىمۇ بىر نەرسە تېرىپ ئۇندۇرگىلى بولىدىغان يەرگە كولايمىز - دە، ئاكا. بۇ دېگەن ناھىيىنىڭ، يېزىنىڭ ئىشى، ماڭسىلا ھاكىم بۇنداق پەلىپەتىش گەپلەرگە قۇلاق سالماي! مەن بۇ يەرنى ئېچىپ ئۇنۇم قازانغىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بۇرۇنمۇ سىلىگە دېگەنغۇ، يەنە شۇ گەپ. . .

ئۇلار دۆڭگە چىقىشتى، مەن تۇرغان جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ياسىن شاڭجاڭ كۆزۈمگە شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. مەندەك بىر پۇقرانىڭ گەپلىرىگە ئېرەڭشىمەي، «شۇنداقمۇ» دەپلا قويغان ھاكىممۇ كۆزۈمگە ئانچە ئۈز كۆرۈنمىدى.

ھايال ئۆتمەي يەنە ئىككى ماشىنا ئادەم كەلدى. ماشىنىدا ئېلىپ كېلىنگەن قەغەز ساندۇق، تەمبۇر، دۇتار، كىگىز - گىلەملەر دۆڭگە توشۇلۇپ، داستىخان سېلىندى، مەززىلىك پاقلان كاۋىپىنىڭ پۇرىقى ئەتراپقا تارالدى. ئارقىدىنلا كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - ساز باشلىنىپ كەتتى. مەن ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشنى راۋا كۆرمەي دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ياناي دەپ تۇراتتىم. دۆڭدىن چۈشكەن بىرسى بىر ناننى كۆتۈرۈپ قېشىمغا كېلىپ دېدى:

— ئالسىلا ئاكا، ماۋۇ ناننى يېگەچ ماشىنىلارغا بىر دەم

www.uyghurkitap.com

قاراپ بەرسىلە! يولدىن هارۋا ـ ئۇلاغ ئۆتۈپ قالسا ماشىنىنىڭ بىر يەرلىرىنى جىجىۋەتمىسۇن!

مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي دەپ بىر ماشىنىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇردۇم. كۈن پاتماقتا ئىدى. تەيەممۇم قىلىپلا نامىزىمنى ئوقۇدۇم. ئۇلار هېچ ياندىغاندەك ئەمەس. قاراڭغۇ چۈشۈپ، دۆڭگە شام يېقىشتى، خۇپتەننىمۇ ئوقۇپ بولدۇم. بىر چاغدا مەھەللە تەرەپتىن يەنە بىر ماشىنا كەلدى. شۇ هامان ياسىن شاڭجاڭ دۆڭدىن چۈشۈپ ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ماشىنىدىن بىر تاغار نەرسىنى ئېلىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى هاكىمنىڭ ماشىنىسىغا باستى.

— نەچچىنى ئۆلتۈردۈڭلار! — سورىدى ئۇ ماشىنىدىكى-لەردىن.

— ئىككىنى، يەتمىش جىڭغا يېقىن گۆش چىقتى.

— ئەمدى دەرهال بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتىن بولامدۇ ياكى دوختۇرخانىدىن بولامدۇ، بەش ـ ئالتە قىز تېپىپ كېلىڭلار، شوخراقلىرىدىن كەلسۇن! ئۆتكەندىكىدەك تىرنىقىنى كوچىلاپ ئولتۇرىدىغان بىرنېمىلەرنى يىغىپ كەلمەڭلار يەنە. ئۇنئالغۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار، بۈگۈن ئاي تاماشاسى قىلىمىز.

— بولىدۇ.

ئۇلار مېنى كۆرمىدى. ماشىنا قايتىپ كەتتى. ياسىن شاڭجاڭمۇ دۆڭگە چىقىپ كەتتى. دۆڭدىكىلەر ئالىتاغىل توۋلاشقا، شىشىلەرنى پەسكە ئېتىشقا باشلىدى. كىمدۇ بىرى ئېگىز ـ پەس دەسسىگىنىچە دۆڭدىن يۇمۇلىنىپ چۈشۈپ كېتىپ، يەنە كىچىك بالىدەك ئۆمىلىگىنىچە تۆپىگە چىقىپ كەتتى. شۇ هامان ئۇلارنىڭ كۈلكىسى جاڭگالنى بىر ئالدى.

— ماۋۇ ئاداش دۆڭدە موللاق ئېتىپ ئويىنغىلى تۇردىمۇ

نېمە؟

— ۋەت. . . ھاھ. . . ھاھ. . . ھا. . .

— دۆڭدە ئۇلتۇرۇش قىلىسمۇ خېلى پەيزى بولىدىكەن جۇمۇ، شۇغىنىسى، پاشا تولىكەن.

— پاشا دېگەنمۇ ئايال كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ قونىدىكەن.

— ھاھ. . . ھا. . . ھى. . .

— ھاكىم كەپىسىدە ھاكىم بىلەن ئۇلتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچساق خېلى پەيزى بولىدىكەن.

— بۇ دۆڭگە ئىسمى - جىسمىغا لايىق كەپە تىكىپ قويساق بولغۇدەك.

— كەپىگە ئارام جاڭگال مەيخانىسى دەپ ۋىۋىسكا ئېسىپ قويايلى.

— ۋەت. . . ھاھ. . . ھا. . .

بىر چاغدا بېشىمنى تىزىمغا قويۇپ ئۇلتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چۈش كۆرۈپتىمەن چۈشۈمدە مەشرەپ ھاكىم كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە قېشىمغا كېلىۋاتقۇدەك. كەتمەنلەرنىڭ گۈپۈلدەشلىرى، دۆڭ تەرەپتىن كىنونىڭ، سەنئەتچىلەرنىڭ نەغمە - ناۋالىرى، كۈلكە - چاقچاقلار قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئاڭلىناقتا.

— ماۋۇ ئاداشنى، نەگە كەتتىكىن دېسەم دالىدىغا كېلىپ بېشىنى چېتىنغا تىقىپ ئۇلتۇرۇپتىغۇ، قورساق ئاچتىمۇ يا؟

— ئېچىشنىغۇ ئاچتى. قوينۇمدا بىر نان بار ئىدى، بىللە يەمىز دەپ يېمەي ساقلاپ ئولتۇرغان.

— ئاچچىق تاماكىدىن بىر تال چېكىشمەمدۇق؟

— چەكسەك چېكەيلى.

مەن تاماكا يۆگەشكە باشلىدىم. لېكىن قولۇم ئۆزۈمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەستەك، ھېچ قولاشمايدۇ. قولۇمغا نېمە بولغاندۇ دەپ سىلكىپ باقتىم. لېكىن مىدىرلىتالمىدىم. قولۇم خۇددى تاش ئېسىپ قويغاندەكلا ئېغىر ئىدى. كۈچەپ بىرنى سىلكىۋىدىم، تاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. قولۇم ئالدىمدىكى ماشىنىغا تېگىپ كېتىپتىكەن، خېلى ئاغرىدى، قارىسام ئۇلار بارغانچە ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ. كىمدۇر بىرى ھۆ دەپ قوسۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ھاكىم كەپسىنى شۇنداق بولغاشتى. بۇ بەدقىلىقلاردىن مېنىمۇ ھۆ تۇتۇپ، ئورنۇمدىن قوپقىنىمچە ئۆيگە كەتتىم دېسىلە.

بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ خىياللىرىم بارغانچە چىگىشلىشىپ كەتتى. تۇرمۇش دېگەن راستتىنلا كىنوغا ئوخشايدىكەن. كىنونىڭ ئۆزىمۇ تۇرمۇشنىڭ كۆرۈنۈشىغۇ. ئۇنىڭدا ياخشىلىقمۇ، رەزىللىكمۇ ھەممىسى بولىدىكەن. جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇڭا ھەر ياڭزا، خۇددى مۇشۇ دۆڭدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئوخشاش.

مەن دۆڭنىڭ يان باغرىلىرىدا يېرىم ـ يارتا تۇپىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بوتۇلكىلاردىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ بوۋايغا بۇرالدىم.

— غەلىتە ئىشقۇ بۇ، ناھىيە بۇ يېزىغا بوز يەر ئېچىشنى ئورۇنلاشتۇرمىغانمىدۇ؟ ھازىر ھەممە يەردە كىشى بېشىغا يېرىم مودىن بوز يەر ئېچىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتسا.

— ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، بۇلتۇر يېزىمىزغا 500 مو بوز يەر ئېچىش ۋەزىپە قىلىنغانىكەن. قانداق يەردىن ئاچتۇق دېمەملا، مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قومۇش، يانتاقمۇ ئۈنمەيدىغان قۇم دۆۋىلىرىنى تۈزلەپ، نەچچە ئاي ھەپىلەشتۇق. ئۈستەڭ ـ ئېرىق ئالدۇق، كۆۋرۈك، زاكو سالدۇق، ھەربىر ئائىلىگە بىردىن ياغاچ ئالۋاڭ قويۇپ، كۆچۈرۈلىدىغان

ئائىلىلەرگە ئۆي سالدۇق. تەشكىل بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشنى ئىختىيار قىلغانلارغا تەييار ئۆي، بەش مو يەر بېرىمىز، ئۇسۇمسىز قەرز پۇل بېرىمىز، بەش يىلغىچە بىر تىيىنمۇ باج ئالمايمىز دەپ شۇنچە سۆزلىگەن بولسىمۇ ئىنىس ـ جىن مەن كۆچەي دېمىدى. نېمىشقا دېسىلە، ئۇ يەردىن بىر توپ زىرائەت ئۇندۇرۇشكە ھېچكىمنىڭمۇ كۆزى يەتمىگەن گەپ، ھازىرغا كەلگەندە ئۆيلەر پەرسۇدە① بولۇپ، ئاچقان يەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىدا قالدى. نۇرغۇن كۆچمىز زايا بولدى. ئاڭلىساق يۇقىرىدىن نۇرغۇن پۇل بەرگەنىكەن. ھەممىسى قۇمغا يەم بولدى. بەزىدە ھۆكۈمەتنىڭمۇ بىكار پۇلى جىق ئوخشايدۇ، دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ.

— ئەجەب ئىش، مۇشۇنداق تەييار يەرنى ئاچايلى دەپ بىرەر باشلىق نېمىشقا ئوتتۇرىغا چىقمىغاندۇ ياكى ياسىن شاڭجاڭ ئېيتقاندەك بۇ يەر ناچار، تېخنىكا تەلپىگە يەتمىگەن يەرمىدۇ يا؟

— ئۇنداق گەپكە ئىشەنمىسىلە، دېدىمغۇ، ياسىن شاڭجاڭنىڭ قىلتىقى تولا دەپ. ئۇنى خەلق ئالدىدا شاڭجاڭ دېگەن بىلەن ئارقىسىدىن ياسىن قىلتاق دەيدۇ. بۇ يەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگىلى ئادەم كېلىشىغۇ كەلدى. بىراق، كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىنى مايلاپ، بۇ يەر ئانداغەي، ماندىغەي دەپ رايىنى ياندۇرۇپ، يولغا سېلىپ قويدى.

— ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىكەن، بۇ يەر يا ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى كۆمۈپ قويغان يەر بولمىسا.

— ئۇنىڭ مەقسىتى باشقا، دېسەم ئىشەنمەيلا، بۇلتۇر

---

① پەرسۇدە — خوتەن شېۋىسى. بوزۇلۇش، ۋەيرانچىلىققا ئۇچراش دېگەن مەنىدە.

يۇقىرى يېزىمىزغا نامرات ئائىلىلەر چارۋا باقسۇن دەپ نەچچە يۈزمىڭ كوي پۇل بەرگەنىكەن. ئۆسۈمى يوق پۇلكەن دېسىلە، ئۇ شۇ پۇلغىمۇ قىلتاق قۇرۇپتۇ. قارىماققا باشقىلارغا بەرگەن بولۇپ، ھېسابتا ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ. ئۇ شۇ پۇلغا ئۈچ ـ تۆت يۈز قوي، بىرەر يۈز كالا ئېلىپ، مۇشۇ يەرنى يايلاق قىلىپ بېقىۋاتىدۇ، ئەنە ئاۋۇ ئوتلىشىپ يۈرگەن قوي ـ كالىلار سورىسا باشقىلارنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا پۇل بېرىپ باقتۇرىۋاتقان گەپ. شۇنچە قوي ـ كالىنى يايلاق بولمىسا نەدە باقىدۇ؟ ئۇ بۇ يەرنى شۇڭا ئاچتۇرمىغان گەپ. يېقىندا ئاڭلىساق ئۇ بۇ يەرنى يۇقىرىغا يايلاق دەپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، قولىغا كېنىشكا ئېلىۋالغانمىش. ئۇ يەنە تېخى تاغدىنمۇ يايلاق ئېگىلىگەنمىش. بۇ ئىشنى يېزىمىزدا ئاڭلىمىغانلار قالمىدى دېسىلە.

بوۋاي ئاچچىق خورسىنغىنىچە جىمىپ قالدى. ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. مەن ئىشنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتكەندەك بولدۇم. كەچكى شەپەق يەر ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ھالرەڭ نۇرغا كۆممەكتە ئىدى. مەن بوۋاينىڭ ئۆكۈنۈش بىلەن تولغان كۆڭلىگە تەسەللى بەرگۈم كېلىپ ئۇنىڭغا بۇرالدىم.

— ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت ئاكا، ئۇ ھامان ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرغانلار ئۆزى قىلتاققا چۈشمەي قالمايدۇ.

— باشقىلار يۇقىرىغا ئەرزمۇ سۇنۇشقانىكەن. تەكشۈرگىلى كەلگەنلەر تۇتامغا چىققۇدەك بىر نەرسە تاپالماي يەنە قايتىپ كەتكەنمىش. ئاڭلىساق ئۇنىڭ ناھىيىدىمۇ خېلى ئارقا تېرىكى بار ئىمىش. سىلى مۇشۇ ھەقتە كۆڭلىمىزدىكى گەپنى ئىككى

ئېغىز قىلىپ بىر نەرسە يازغان بولسىلا، بىزدەكلەرنى تۈزۈك چاغلاپ كېيىمىزگە ئىشەنمىگەنلەر مۇخبىر دېگەننىڭ كېيىگە ئىللا ـ بىللا ئىشىنىدۇ.

ــ يازىمەن ئاكا، چوقۇم يازىمەن.

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، دۆڭدىن پەسكە چۈشتۇق. بىرنەچچە قەدەم يىراقلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇ دۆڭ بىلەن ــ ھاكىم كەپىسى بىلەن خوشلاشماقچى بولغانەك ئارقامغا بۇرۇلدۇم. مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان شۇ دۆڭ شۇ تاپ كەچكى قۇياشنىڭ شەلپەر نۇرىغا كۆمۈلۈپ، كۆزۈمگە شۇنچە ھەيۋەت كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەن شۇ كۆرۈنۈشنى بىر پارچە بەدىئىي سۈرەتكە تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزدۈم. كۆڭلۈمدە بىر ھاياجانلىق خىيال كەزمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاچچىق ئالما

مەن ئەسلى جەمە ئالدىدا ئالما ساتاتتىم، ئاز تولا يولىنى قىلىپ كىتابخانا ئالدىغا كېلىشۋالغىنىمغىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام بۇ يەر ماڭا بەكلا يېقىپ قالغانىدى. تۆت يولنىڭ دوقمۇشى بولغاچ بۇ يەردە ئادەم كەم بولمايتتى. كىتابخانىغا كىرىپ - چىقىدىغانلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. جەمە ئالدىدىكىدەك «كېمىنى خۇدايىم بېرەر» دەپ تۇرىۋالىدىغانلار، بىر كۈندە نەچچە رەت كېلىپ قول سۇنىدىغان تىلەمچىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. كىتابخانىغا كىرىپ - چىقىدىغانلار ھەر ھالدا ئۆزىنى سورايدىغان، كۆپ بولمىسىمۇ يانچۇقى بوش تۇرمايدىغان ئادەملەر ئىدى. مىجەز - خۇلق، قىزىقىش - ھەۋەس دېگەنمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا ئاشۇ مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىدىن يېگىلى بولمايدىغان كىتابقا پۇل بۇزغاندىن كۆرە ئالما بولسىمۇ ئالغاچ كېتەي دەيدىغانلار چىقىپ تۇراتتى.

— ئالمىنى قانداق ساتتىڭلا؟

شۇئان خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدىمدا پۇزۇر كىيىنگەن بىر يىگىت ئاغزىمغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەڭگە گۈللۈك گالستۇكىنىڭ قىسقۇچى ئەتمىيازنىڭ ئاپتىپىدا ئالتۇندەك يالتىرايتتى.

— كېلىشىپ ساتتۇق ئۇكام... كېلىشىپ... كىلوسى ئاران بەشكوي.

— نېمە؟... نېمانداق قىممەت ئالما بۇ؟

— بازار نەرخى شۇنداق ئۇكام، قۇرت يېمىگەن مۇزدەك ساقلانغان ئالما بۇ.

— ھە نېمە بولسىمۇ. . . نەدىكى ئاچچىق ئالمىنى. . . غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. نېمە ئامال؟ تىجارەتچى دېگەن ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتىدىغان گەپكەن.

— ئۇكاموي، ئالمىدەك بىر ئۇز بالا تۇرۇپ قىممەت كۆرسەڭ قانداق بولىدۇ؟

ئۇ يىگىت قوشۇمىسىنى تازىلىق قەغىزىدەك پۇرۇشتۇرگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. «نەدىكى ئاچچىق ئالمىنى. . . » بۇ گەپ زەردەمنى قايناتتى. نازكەش خوتۇندەك ياڭزا قىلىپ، ئەتىر پۇرىتىپ يۇرگەن بىلەن بىر كىلو ئالمىغا چىقىش قىلمايدىغان سىيدام نوچىكەنسەنغۇ تايىنلىق، — دېدىم ئىچىمدە. بىر سېۋەت ئالمىنى ئالما قىلماق ئاسان گەپمۇ؟ ئالما دېگەن پىلەكتە بولمايدۇ، بىلەكتە بولىدۇ، بىلەكتە. . . ئۇنى شۇنداق تەستە ئالما قىلغان ئادەمنىڭ باققالغا ئەرزان بەرگۈسى كېلەتتىمۇ؟ باققالچىلىقنىڭ جاپاسىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بىر تال ئالمىنى سېتىپ بولغۇچە ئۇنى گەمىدە نەچچە قېتىم ئۆرۈپ - چۆرۈيدىغان گەپ. ئالما دېگەننى كىلوسى بەشكوي توگۇل ئونبەشكويدىن ئالسىمۇ يەنە ئەجرى قالىدۇ ئادەمنىڭ. نېمە چارە؟ قىلماي دېسە ھۇنەر شۇ، قىلاي دېسە بازار شۇ. ھەممىسى جان باقماقنىڭ تەسلىكى. . .

— ئالما ئالىلى تۇغقانلار. . . تەمىنى يەپ ئۇققانلار. . . ئاق ئالما، قىزىل ئالما. . . ھەممىسى ئېسىل ئالما. . . بۇگۇن ئالساڭ بار، ئەتە كەلسەڭ يوق. ئالما ئالغاچ بار خوتۇنۇڭغا، سۆيەپ قويار چوككىدەي. . . ئۇز كۆرەنگەن قىزچاققا ئالما تەڭلەپ كۆڭلىنى ئۇتتۇال. . ئاخشاملىققا يولدا تۇتتۇال. . . ھە مانا. . .

ئاغزىمغا سۇدەك كېلىۋېرىدىغان گەپلىرىمنى ئېرىنمەي يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم تەكرارلاپ قويدۇم، مالنى ئالماي گەپنى ئالىدىغان پوكانىيلار خېلى كۆپىيىپ قالدى مۇشۇ كۈنلەردە. رادىئو، تېلېۋىزورلىرىمۇ كۈندە ئۆتمەس ماتانى داملاپ ساتاتىنىڭ گېپى. بۇ گېپىمگە كىتابخانا ئىشىكىدىن كىرىپ ـ چىقىشىۋاتقانلار پىخىلداپ كۈلۈشكەندەك قىلىشتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىرەر سومكا ئالما ساتقاندەك خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي كىتابخانىنىڭ سالپاڭ قۇلاق دىرېكتورى كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالدىمغا كەلگەنىدى.

— ئاكا. . . سىلى بىر ساقالدىمان ئادەمكەنلا، — دېگەنىدى ماڭا تەنبىھ بېرىپ، — بۇ دېگەن جەمئىيەتكە بىلىم تارقىتىدىغان كىتابخانا. . . سىلى بۇنداق پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىپ ۋارقىراپ يۈرسىلە تازا قاملاشمايدىكەن!

— نەرى قاملاشمايدىكەن؟ سىلى مەندىن ئايدا ئاتمىش كوي يەر ئورنى ئېلىشنى بىلسىلە غوجام! — دېگەنىدىم شۇ چاغدا زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئەمدى ھۆل نەرسە دېگەننى ئانچە ـ مۇنچە ماختاپ سېتىۋالمىساق كىتاب ئەمەسكەن سىلىدەك قاقلاپ ساتىدىغان.

سالپاڭ قۇلاق دىرېكتور يا ئاچچىقلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي سالپايغىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى بىرەرسى كېلىپ ماڭا ئۇ، بۇ دەپ باقمىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن بەش ـ ئالتە يەشىك ئالما قاچىلاپ، قول ھارۋىغا بېسىپ مۇشۇ ئورۇنغا كېلىمەن، قاراڭغۇ چۈشكەندە كەلگەن يولۇمچە كېتىمەن، ئاغزىم ئۆزۈمنىڭ، نېمە دېگۈم كەلسە شۇنى دەپ ساتىمەن. سودام ئاقسۇن ئاقمىسۇن ئاي توشقاندا يەر ئورنى پۇلى، تازىلىق پۇلى، باج ـ رەسمىيەت دېگەندەك پۇللارنى كۆن ئاتلاتماي تاپشۇرىمەن. كۆن ئاتلاتقىلى بولاتتىمۇ؟ سودىنىڭ تايىنى يوق دەپ يالۋۇرغاننىڭ نېمە

پايدىسى؟ بىر كۈن ئاپتاپقا قاقلىنىپ، سوغۇقتىن دۈگدىيىپ ئولتۇرغانغا چۈشلۈق بىرەر كىلو ئالما ساتالماي كېتىدىغان چاغلىرىممۇ بولىدۇ تېخى. باققالچىلىقنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۈق دەردى ــ جاپاسى بار. بۇنى ئالارمەنلەر چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمايدۇ.

بۈگۈن قانداق كۈن بولدىكىن؟ ئالەم چۈش بولغىچىمۇ بىرەر كىلو ئالما سېتىلماي دېمىدى. ئۈيقۇ بېسىپ ئىچ ــ ئىچىمدىن ئەسنەك تۇتۇشقا باشلىدى. بېلىمنى سەل رۇسلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم، بىنا ئاستىدىكى «شىنخۇا كىتابخانىسى» دېگەن قىزىل خەت چاڭ ــ توزانغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. كىتابخانا ئىشىكىدىن كىرىپ ــ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. لېكىن بىرەرسىنىڭمۇ قولىدا بىرەر پارچە كىتاب يوق ئىدى. قارىغاندا مۇشۇ كۈنلەردە كىتابخانىنىڭ سودىسىمۇ تازا ئاقمىغاندەك قىلاتتى. قانداق كۈن بولۇپ كەتتى بۇ؟ نەچچە كۈن بولدى، يانچۇقۇقا كىرگەننىڭ ھېچ تايىنى يوق. ئەتىياز كىرگەندە كۈزلۈكتىكى باغ نەرخى سېتىشنىڭ تېخى ئورنى بولمىسا؟ زىيان دېگەن ھەممە ئادەمگە ئاچچىق.

بۇلارنى خىيال قىلغانسېرى كۆڭلۈم يېرىم بولماقتا ئىدى. بېشىم قاتاتتى. «نەدىكى ئاچچىق ئالمىنى. . . ». بۇ گەپنى ئويلىماي دەپ يەنە ئويلاپ قالاتتىم. ئويلىسام ئىچىم بىر توپ ھەرە كىرىۋالغاندەك مىژىلدايتتى. نېمە دېگىنى ئۇ؟ تېتىپ باقماي تۇرۇپ بىر تاتلىق ئالمىنى. . . ھە؟ ! «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دېگەندەك كىتابخانىنىڭ ئالدىدا باققالچىلىق قىلىپ يۈرۈپ كىتاب خۇمار بولۇپ قالغانىدىم. بۇ ياشقا كەلگەندە ئەينەك تاقىمىسام خەت ئوقۇيالمايدىكەنمەن، ساقال ئەستەغپۇرۇللاغا يەتكەندىكىن ئاغرىنىشىم يوق. شۇڭا، خېلى پۇلغا كۆزەينەكمۇ ئالغانمەن. چولام تەگكەندە ئانچە ــ مۇنچە قىزىقارلىق ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئوقۇپ قويىمەن. «مىڭ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېچە»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «ھېسام چاقچاقلىرى» دېگەن كىتابلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىنى ئېچىپ بىر ئاز ئوقۇپ قويسام نەچچە سائەتلەپ قول ھارۋامغا ئېسىلىپ، قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گەجگەمنىڭ تارتىشىپ، بەللىرىمنىڭ تېلىپ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. كىتابخانىدا كىتاب ساتىدىغان قىرقىما چاچلىق، ئاق سۆزۈك بىر قىزچاق بار. ئۆزىمۇ ئوچۇق چىراي، خېلى چاقچاقچى. قايسى كىتابنى دېسەم بېرىدۇ، شالتاق قىلماي ئوقۇپ بولۇپ زېرىككەندە ئەكىرىپ بېرىمەن. بەزىدە بەش ـ ئالتا ئالمىنى بىر سولياۋ خالتىغا سالىمەن ـ دە، ئالمىدەك قىز، ئالمامنى يەڭ، لېكىن مەندەك قېرىنىڭ ئارمىنىنى يەپ سالماڭ، دەپ ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ، كۆلدۈرۈپ قويۇپ يېنىپ چىقىمەن. لېكىن، بۈگۈن كۆزەينىكىمنى تاقاپ بولۇپمۇ يەنە كىتابقا قارىغۇم كەلمىدى.

«نەدىكى ئاچچىق ئالمىنى. . .» بۇ گەپ قۇلاق تۈۋىمدىن ھېچ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئويلىماي دەپ يەنە ئويلاپ سالاتتىم. توساتتىن بىرسى يادىمغا كېلىپ قالدى. ئۇمۇ «ئاچچىق ئالما» دېگەن گەپنى بىرنەچچە قېتىم دېگەنىدى. بىز شۇ گەپ بىلەن تونۇشۇپ بىر مەھەل ئاغىنە بولۇپ قالغانىدۇق.

ئۇ تېخى ئالدىنقى يىلى بۈگۈنكىدەك كۈنلەر ئىدى. ئۇ ئالدىمدىكى ئالمىلار ئارىسىدىن تەبەسسۇم قىلىپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئاچچىق ئالما، ھەي. . . ئاچچىق ئالما. . . نېمە دېگەن بەلەن. . .

ئۆگزىدىن بىرسى كاللامغا ئوتۇن تاشلىغاندەكلا چۆچۈپ كەتتىم. ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان چىمەن دوپپىلىق، قارىماتاق بىرسى قېشىمدىلا ئۆزىچە ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن تېخىمۇ جىلى بولدۇم.

— قانداق ئادەم ماۋۇ؟ ئاغزىدىن پوق ئېقىتىپ. . . كىمنىڭ ئالىمىسى ئاچچىقكەن؟ — ئۇ بىردىنلا ھېلى ماڭا، ھېلى ئالىملىرىمغا قارىغىنىچە پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلىدى.

— خاپا بولمىسىلا! مەن سىلىنىڭ ئالىملىرىنى دېمىدىم، ھاياجاندا ھېلى كۆرگەن كىتابنىڭ ئىسمىنى دەپ سايپتىمەن. كىتابنىڭ نامى شۇنداقكەن. يېڭىدىن كەلگەن ئىكەن، بەك بەلەن. . .

دەررۇ بۇ ئادەمنىڭ بىر كىتاب مەستانىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن كىتابخانىدىن قۇرۇق قول يېنىپ چىقىشىپ قېشىمدىكى پەشتاقتا ئاللىقانداق بىر كىتابنىڭ ئارمىنىنى يەپ ئولتۇرىدىغان مەستانىلەرنى تولا كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭغا قوپال تەگكىنىمدىن مەنمۇ سەل خىجىل بولدۇم.

— مېنىڭ ئالىملىرىمنى دېگەن چېغى دەپتىمەن، خاپا بولمىسىلا - ھە! — دېدىم ئاۋازىمنى سەل يۇمشىتىپ، — سىلىنى شۇنداق ھاياجانغا سېلىپ جۆيلەتكەن قانداق كىتابكەن ئۇ؟

— رومانكەن دېسىلە. . . رومان. ئۇنى يازغان كاساپەتنىڭ ئاغزىغا ناۋات كەپلەپ قويغۇم بار شۇ تاپتا، مۇشۇ كۆنلەردە بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزمۇ خېلى تاتلىق بىر نەرسىلەرنى يازىدىغان بوپكەتتى دېسىلە.

— نېمىنى يېزىپتۇ ئۇنىڭدا؟

— تۇرمۇشنى يازمامدۇ. . . تۇرمۇشتىكى مۇھەببەتنى.

ئۇنىڭ ھاياجىنى تېخىچە بېسىلمىغاندەك ئىدى. بۇ ئادەم ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىلەرنى بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭغا قېشىمدىن ئورۇن كۆرسەتتىم.

— بۇ يەردە ئولتۇرسىلا. . . ئۆرە تۇرغۇچە!

— بەك بەلەن يېزىلغان كىتابكەن دېسىلە، — ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى ئۇ، — ئازراق ئوقۇپلا ياشلىقىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتقانىدەك بولدۇم. مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يازغانىدەكلا. . . ياش چاغلىرىمدا يۇرتىمىزدا بىر زەردار ئائىلىنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بولىدىغان، پەرىزاتنىڭ ئۆزى دېسىلە! ئۇنىڭدەك چىرايلىق قىزنى مەن مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇنىڭغا كۆيۈپ قېلىپ كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىغان. لېكىن، چىرايلىقنىڭ ھالى يوغان دەپ ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقىدىن ئۇنىڭ ھالىغا بويلىشالمىغانىدىم. ئۇنى ئالالمىغىنىمغا ھازىرغىچە ئىچىم كۆيىدۇ. كېيىن ئۇ قىز قانداق بولدى دېمەملا؟ مېنىڭغۇ ياراتمىدى. مەندىن قولى ئۇزۇنلارنىمۇ ياراتمىدى. نۇرغۇن ئادەملەر چاي ئىچكۈزۈپ بولۇپ يېنىشىپ كەتتى. مەمتاخۇندىن ئەمتاخۇننىڭ قولى ئۇزۇن بولسا مەمتاخۇننىڭ چېپىنى ياندۇرىۋەتتى. ئەمتاخۇندىن سەمتاخۇننىڭ مەرتىۋىسى چوڭ، مال ـ دۇنياسى كۆپ بولسا ئەمتاخۇندىن يېنىۋالدى. تالاشقان شە ئاق قالغانىدەك ئاخىرى ھېچكىم ئالمىدى. چېچى ئاقارغىچە ئەرگە تېگەلمەي تول قالدى. كېيىن ئائىلىسى سورۇلۇپ ساراڭ بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇستىۋېشى جۇلدۇر كېپەن، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدۇ. پات ـ پات كوچا ـ كويلاردا ئالدىمغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئىچىم ئاغرىپ بىرەر ـ ئىككى كوي سەدىقە بېرىپ ئۆتۈپ كېتىمەن. روماندا مۇشۇنداق بىر تراگېدىيىنى يېزىپتۇ. سىلى ئالىمچىكەنلا، كونىلاردا «بوي يەتمىگەن ئالمىنىڭ تەمى ئاچچىق» دېگەن بىر گەپ بارغۇ؟ بوي يەتمىگەن ئالما نېمە بولماقچى؟ شېخىدا تۇرۇپ، مۇنەككە ئايلىنىپ، ئاخىرى تۆۋۈنگە چۈشۈپ سېسىيدىغان گەپ. روماندا مۇشۇ تۇرمۇش ھەقىقىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ.

بۇ ئادەم ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كېتىدىغان ئالىجوقىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭغا خېلى قىزىقىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى تازا ئاڭقىرالمىساممۇ

قورسقىدا ئازدۇر - كۆپتۇر «ئۇمچى» بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر ئالما بىلەن پىچىقىمنى سۇندۇم.

— بىزدە بۇنداق ياخشى ئەسەرلەر ئاز، — دېدى ئۇ ئالما سويغاچ، — ياخشى ئەسەرنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلار تېخىمۇ ئاز. ھازىر ھەممە ئادەم پۇلغا، ئەيش - ئىشرەت، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتتى. «دۇۋە دۇۋىگە يىغىلار» دېگەندەك پۇل شۇلارنىڭ قولىدا. بىزدەكلەر كىتابخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغانغا چۇشلۇق بىرەر - ئىككى پارچە كىتابنى قولتۇقىمىزغا قىستۇرۇپ ماڭالمايمىز. ئەدناسى بۇگۇنمۇ ھېلىقى كىتابنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەلمىگىنىمگە بىر كۆزۈم ئارقامدا قالدىغۇ؟

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قىممەت دېسىلە. . . بەك قىممەت.

— نەچچە پۇلكەن؟

— ئوتتۇز كوي.

— ئوتتۇز كوي؟

— ھەئە. . . ئوتتۇز كوي. ئوتتۇز كوينى شاررىدە يانچۇقتىن سۇغۇرۇپ بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ ئۆيگە بارسام خوتۇن - بالىلىرىم ۋارقىرىدە يىغلاپ سالامدۇ؟ بىزمۇ بىر ئۆيگە باش بولۇپ قالغان بەندە. مائاشىم بار دېگەن بىلەن ئۆزۈمگە چۇشلۇق دەردىم بار. بىز توققۇز جاننىڭ كۇنى بىرلا مېنىڭ مائاشىمغا قاراشلىق. ئىككى بالامنى پۇل تۆلەپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتىمەن. خوتۇننى داۋالاتمىسام تېخى. ئادىمىگەرچىلىكنىڭ باغىقى كەلمەيدىغان كۇندىن بىرسى يوق مۇشۇ كۇنلەردە. بىر تال باغاق كەلسە يىگىرمە كوي سۇغا چىلاشتى دېگەن گەپ. ئەل قاتارىدىن چۇشۇپ قېلىشقا يۇز چىدىمىغان. بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۇتۇن چىقارماق ئاسان گەپمۇ؟ بىر ئۆي دېگەندە بىر ئايدا نېمە كېتىپ، نېمە قالىدۇ؟ بۇنى دېمىسەممۇ بىلىلا. ئوتتۇز كوي دېگەن بىزنىڭ ئۆينىڭ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئايلىق سەي پۇلى. گۆش ـ تۇخۇم دېگەننىغۇ كۈندە ئىشلىتىپ ئولتۇرمىساقمۇ كۈن كېتىپ بارىدىكەن. لېكىن شۇ ئوتتۇز كوي بولمىسا بىر تۇڭ گاز ئالغىلى بولمىغان.

تۇرۇپ بۇ ئادەمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇ شەھەر ئىچىدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. ماتېماتىكا مۇئەللىمى ئىكەن. بىر ئۆينىڭ غېمىدە مەنلا دەردمەنمىكىن دېسەم بۇ مائاشى بار مۇئەللىم مەندىنمۇ دەردمەندەك قىلاتتى.

ــ بىر كىتابنى ئوتتۇز كويدىن ساتقۇچە ئەرزانراق ساتسا بولمامدىغاندۇ؟ ھېچ بولمىسا بەش ـ ئالتە كويدىن بولسىمۇ. . .

ــ شۇنى دېمەملا؟ ــ دېدى ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىنى سۇرتۇپ، پىچىقىمنى سۇنغاچ، ــ بۇ ھەممىسى كىتاب نەشر قىلىدىغان نەشرىياتنىڭ ئىشىمىكىن دەيمەن. ئاڭلىسام نەشرىيات كىتابنى نەچچە پۇل چىقارغۇسى كەلسە شۇنچە پۇل چىقىرىدىكەن. كىتاب دېگەننى قەغەزگە باسىدىغان گەپ. قەغەز دېگەن كوشىكى بىر پۇل، ئەرزان نەرسە تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر كومپيۇتېر پەيدا بولۇپ كىتاب ـ ژۇرنال باسىدىغان ئىش ئاسانلىشىپ كەتتى. يىغىپ ـ تۆشەپ ئون يۈەنلىك سەرمايە كەتمەيدىغان بىر كىتابنى ئوتتۇز يۈەن باھادا چىقارسا بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ گۆشگىردىنى قىممەت ساتىمەن دەپ ساتالماي ئاخىرى ئۆزى يېگەن ناۋايدەك خەق ئالمىسا نېمە پايدىسى؟ كىتابخانىنىڭ پوكىيىدە توپا بېسىپ تۇرىدىغان گەپ.

بۇ مۇئەللىمنىڭ گېپى مېنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ــ ھەق گەپنى قىلدىلا، ــ دېدىم مەن ئۇ سەل جىمىپ قالغان پۇرسەتتە، ــ كىتاب پۇلىنىڭ قىممەتلىكى مېنىڭ جېنىمغىمۇ خېلى ئىكەك سالغان. بىزنىڭ ئۆيدىمۇ كۈندە كىتاب پۇلىنىڭ جېدىلى. بالىلار ھەر كۈنى ئەتىگەن يوتقاندىن

سۆغۇرۇلۇپ بولغۇچە كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ كىتاب پۇلىسى دەپ بېشىمنى ئۇماچ قىلىدۇ. يوق دېسەم مەكتەپكە بارغىلى ئۇناشمايدۇ. بېرەي دېسەم يا ئاز پۇل ئەمەس. تاپقان ـ تەرگىنىم باللارنىڭ كىتاب پۇلىسىدىن ئاشمىغان، بىزغۇ شەھەر دېگەندە مىدىرلاپ يۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەنمىز. يېزىدىكى تۆت تەڭگە تېپىشى يوق بىچارە دېھقانلارنى قانداق قىلىدىغاندۇ دەيمەن؟

ــ شۇنداق، ــ دېدى مۇئەللىم خىيالچان ھالەتتە ئەتراپقا نەزەر سالغىنىچە، ــ مال باھاسى ئۆستى. بەزىسىنىڭ باھاسى بىر ـ ئىككى قاتلاندى. لېكىن كىتاب باھاسى ئون ھەسسە، يىگىرمە ھەسسە قاتلىنىپ كەتتى. ئون ـ ئونبەش يىلنىڭ ئالدىدىكى يەتتە ـ سەككىز موچەنلىك دەرسلىك كىتاب ھازىر يەتتە ـ سەككىز كويدىن كەم ئەمەس. بۇنداق بولمىسا بولاتتى.

مۇئەللىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە خورسىنىپ قويدى. ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. ئىككىمىز ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ بىر تالدىن تاماكا يۆگەپ چېكىشتۇق.

ــ «ئاچچىق ئالما» دېگەن كىتابنى ئالماي قويمايمەن، ــ دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، ــ ھەمىشە بۇنداقمۇ ئۆتمەسمەن. بۇ كىتاب توغرىسىدا بىرەر ئوبزور يېزىش ئويۇممۇ تۇغۇلىۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم.

ــ نېمە... بىر نەرسە يازىمەن دەملا؟ ئۆزلىرى مۇخبىرلىقمۇ قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ بىرنەرسە يازىدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى مۇخبىر دېسەك بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا مۇخبىر دېگەننى چوڭ بىلىپ، يازغۇچى ـ شائىرلارنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان ئۇسال ئادەت بار. مېنىڭ مۇخبىرلىققا خوشۇممۇ يوق. ئىلھامىم كەلگەندە ئانچە ـ مۇنچە تەتقىقات ماقالىسى، ئوبزور، تەزكىرە دېگەندەك نەرسىلەرگە قەلەم تەۋرىتىپ قويىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قولىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

— ئاللا كارامەت. . . كىتابمۇ يازىدىكەنلىدە؟

— يازمەن دېسەممۇ بولىدۇ.

مەن بۇ مۇئەللىمنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا قايتىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. مۇشۇنداق بىر ئاۋارە مۇئەللىم كىتاب يازمەن دېسە كىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كېلىدۇ ـ ھە؟! كىتاب يازىدىغان ئادەم چوڭ شەھەرلەردە بولماي بۇنداق يىلبويى توپا يېغىپ تۇرىدىغان ياقا يۇرتتا مۇئەللىملىك قىلاتتىمۇ دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. لېكىن، ئىشەنمەي دېسەم ئۇ ھېچ پو ئاتقاندەك كۆرۈنمەيتتى. پو ئاتىدىغان ئادەمگىمۇ ئانچە ئوخشىمايتتى.

— سىلىنىڭ يازغان كىتابلىرى مۇشۇ كىتابخانىدا بارمۇ ھازىر؟

— يوق. نەشرىياتقا بىر پارچە ئىلمىي كىتاب سۇنغانىدىم. ھازىرغىچە نەشر قىلدۇرالمىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— نەشرىياتتىكىلەر كىتابىڭ ياخشى يېزىلىپتۇ، پىلانغا ئالدۇق، لېكىن ئىككى مىڭ تىراژنى ئۆزۈڭ تاپ! تاپساڭ نەشر قىلىمىز، بولمىسا قىلمايمىز دېدى. مەندەك بىر قوڭالتاق مۇئەللىم نەدىن تاپاي ئۇنچىلىك تىراژنى؟ بىزنىڭ مەكتەپ يۈز پارچىغا خەت يېزىپ بەردى. ئاخىر بولماي مۇشۇ كىتابخانىنىڭ دىرېكتورىغا يالۋۇردۇم. كىتاب يازغان گۇناغا يىلىنىپ دېمىگەن گەپلىرىم قالمىدى.

ئۇ ئورنىدىن قوزغالدى. مەن ئالمان ـ تالمان بىر سولياۋ خالتىغا ئالما قاچىلاپ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويدۇم. ئۇ رەھمەت ئېيتقىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىسى كۆز ئالدىمدىن يىتكىنى بىلەن يارقىن سىماسى كۆڭلۈمدە قالغانىدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ھېلىقى مۇئەللىم بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ قالدۇق. ئۇ ئالدىنقى كۈنى يەنە كېلىمەن دېگەندەك قىلغانىدى. دېگەندەك ئۇ مىڭ - مىڭ ئادەملەر ئارىسىدىن مەن تەرەپكە — كىتابخانىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىز كونا ئاغىنىلەردەك قىزغىن كۆرۈشتۇق.

— يەنە كىتاب خۇمارى تۇتتىمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدىم مەن سالام، سەھەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا قېشىمدىن ئورۇن كۆرسەتكەچ.

— بۇ خۇمار تۇتمايدىغان ئوتتۇز كۈندىن بىر كۈن يوق دېسىلە، — دېدى ئۇ سەل ھىجايغاندەك قىلىپ، — ئوتتۇز ئاخشامنىڭ ھەممىسىدە ئازراق كىتاب كۆرۈپ ياتمىسام ئۇيقۇم كەلمەيدىغان ئادىتىم بار، كۆزۈم بىرەر ياخشى كىتابقا چۈشتىمۇ، بولدى، ئۇنى بىر ئوقۇمىسام ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقان ئادەمدەك تاۋىم يوق يۈرىمەن.

— قېنى، ئالما سويغاچ ئولتۇرسىلا! — بىر ئالما بىلەن پىچىقىمنى سۇندۇم ئۇنىڭغا، — ئادەم دېگەننىڭ خۇي - پەيلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ - دە.

— ھەشقاللا، — دېدى ئۇ ئالما بىلەن پىچاقنى قولۇمدىن ئالغاچ، — ئۆزلىرى يىل - ئاي، ئوتتۇز كۈن ئالما ساتامدىلا؟

— ئەمدى. . بۇنىڭدىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدىكەن.

— سودىلىرى قانداقراق؟

— ھەپتە - ئون كۈندىن بېرى ئالمىنىڭ باھاسى سەل كۆتۈرۈلۈۋىدى، خېرىدارنىڭ تايىنى قالمىدى. بەزى كۈنلىرى ئاپتاپقا قاقلىنىپ، ئالمىنىڭ توپىسىنى قېقىپ ئولتۇرغانغا چۈشلۈق بىرەر جىڭ ئالما ساتالماي كېتىدىغان چاغلىرىمىزمۇ بولىدۇ دېسىلە.

— ئەرزانراق ساتسىلا بولماسمۇ؟ سودا دېگەننىڭ ئېقىپ تۇرغىنى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدى. . . بىزنىڭمۇ ئالغان يېرىمىز بار. ھۆكۈمەتمۇ باجنى ئۆستۈرىۋالدى. قاراپ تۇرۇپ زىيان تارتقۇمىز كەلمەيدىكەن. . . قانداق قىلىمىز ئەمدى؟

— سىلىنىڭمۇ دەردلىرى باركەن ـ دە، ئاغرىنىش يوق، ھازىر جاھان شۇنداق تۇرسا، — دېدى ئۇ ئالمىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئالقىنى بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىنى سۈرتكەچ، — ئەدناسى ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئوتتۇز سىنىتلىق كىتابنى ھازىر خەقنىڭ ئېلىشى بىلەن كارى يوق، ئوتتۇز كويدىن نەشر قىلىۋاتسا. . . كىتابخانىغا ئوتتۇز ئادەم كىرىپ بىرسى بىر پارچە كىتاب ئالمىسا. . . بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ يەنە ئوتتۇز يىلدىن كېيىن جاھان نېمە بوپ كېتەر دەيمەن؟

ئۇ خورسىنغاچ بىر تال تاماكا يۆگەپ تۇتاشتۇردى. مەن بىردىنلا ئۇنىڭ ئوتتۇزنى تولا ئېغىزغا ئېلىشلىرىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدىم. شۇئان «بۇ بىر غەلىتە ئادەممۇ، نېمە؟» دېگەن ئوي خىيالىمدىن كەچتى.

— قىزىقكەنلا، — دېدىم ئۇنى گەپكە سالغۇم كېلىپ، — بايام ئوتتۇز ـ ئوتتۇز دەۋرگەندەك قىلدىلا. بۈگۈنى بىر ياڭزا، ئەتىسى بىر ياڭزا گەپ قىلىدىكەنلا.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ مېنىڭ چاقچىقىمدىن ھېچبىر غەيرىلىك ھېس قىلمىغاندەك بىپەرۋا ھالدا، — يېقىندىن بېرى ئوتتۇزنى تەتقىق قىلىمەن دەپ شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

— نېمە؟ — تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدىم، — ئوتتۇزنى تەتقىق قىلىپ نېمە قىلىلا؟

— بىرەر پارچە كىتاب يېزىش خىيالىم بار.

— يەنە شۇ كىتابنىڭ ئىشتىياقىمۇ؟ يا باستۇرالمىسا، ئۇنىڭدىن كۆرە سىڭگەن نانلىرىنى يەپ ئۆتسىلە بولماسمۇ؟

— ھازىر باستۇرالمىسام كېيىنچە بىر گەپ بولار،

ئىشقىلىپ ئەمگەكچىمىنىڭ يەردە قالمىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.
— ئوتتۇز دېگەننىڭ نېمىسىنى تەتقىق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىر تال دۇۋەت تەتقىق قىلىمەن دېسىلىمۇ خېلى قاملىشار ئىدى.
— سىلى بىلمەيدىكەنلا، — دېدى ئۇ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خىر - خىر كۈلگىنىچە، — ئوتتۇز بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىشلار كۇرمىڭ جاھاندا. ئوتتۇز ئارقىلىق تارىخنى، ئۆرپ - ئادەتنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ تۇرغۇن ئىشلىرىمىز شۇ رەقەمگە چېتىشلىق. سىلىدىن بايا «يىل - ئاي، ئوتتۇز كۈن ئالما ساتامدىلا؟» دەپ سورىسام «ھەئە» دېدىلىغۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سىلىدىن سورىمىدىم تېخى. ئۆزۈمنى ئالسام مەن ئوتتۇز كۈن خىزمەت قىلىپ ئاران بىر ئايلىق مائاشقا ئۆلىشىپ جان باقىدىغان ئادەم. ئوتتۇز يىل ماتېماتىكا دەرسى ئۆتتۈم. ھەپتىگە ئوتتۇز سائەت دەرس بېرىمەن. بىزنىڭ مەكتەپتە ئوتتۇز مۇئەللىم بار. ئوتتۇز مۇئەللىمنىڭ كاللىسىدىكى ئوي ئوتتۇز ياڭزا. بىز كۆرگەن كۈن ھازىرقى ئوتتۇز ياشلىق قىز - يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چۈشسە ۋاك دەپ سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇز كۈننى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى سىلى بىز ئويلاپ يېتەلمەيمىز. كۈندە ئوتتۇز ياڭزا ياسىنىشىپ، ئوتتۇز رېستوراننىڭ گېپىنى قىلىشىپ يۈرگەن. مەن ئوتتۇزنى مۇشۇنداق تەتقىق قىلىۋاتىمەن. ئەمدى چۈشەندىلىمۇ؟ ئەدناسى ئوتتۇز كوي پۇلغا ئېشىنالماي بىر پارچە كىتابنى ئالالمىدىمغۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭ كۆڭلۈمدە بۇنداق سوئال تولا. نېمە ئۈچۈن دەپ سوئال قويساقلا يەشكىلى بولمايدىغان مەسىلە يوق.
بۇ مۇئەللىمنىڭ گەپلىرى ماڭا بىر تۇرۇپ سەل غەلىتە، بىر تۇرۇپ خېلى «تۇزى» باردەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ باشقا

www.uyghurkitap.com

گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى تازا ئاڭقىرالمىساممۇ ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا دېگەن گەپلىرى مېنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. مەن ئۇيغا پېتىپ ئولتۇرۇپ: راست ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە مۇئەللىم، كادىر دېگەنلەرنىڭمۇ ھالىغا ۋاي! ئىچىدىغان سۈدىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى پۇلغا ئالىدۇ. مائاش ئالدىم دېگەن بىلەن بازارغا بىر چىقسا يانچۇقىدىكى پۇل سېۋەتكە سۇ ئۇسقاندەك تۇرمايدۇ. بىرەر كىلو ئالما ئالغىلى كۆزى قىيماي بەش كوي پۇلنىڭ ئالدى - كەينىگە نەچچە قېتىم قاراشقان بىچارىلەر، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

— ئىككى سائەت ۋاقتىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرغاچ، — كىتابخانا ئىچىگە بىر كىرىپ چىقايلى.

— ھېلىقى ئوتتۇز كويلۇق كىتابنى ئالغىلىما؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئەتەي ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— بۈگۈن يانچۇق قۇرۇق، ئوتتۇز كوي پۇل بولسا تەلپەكنى ئاسمانغا ئاتىدىغان گەپ، — دېدى ئۇ كىتابخانا بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقاچ ھىجايغىنىچە، — بىردەم بولسىمۇ كۆزنى ھېيتلىتىمىز، شۇ.

— ھەمىشە بۇنداق ئۆتۈپ بولغىلى بولارمۇ؟

— بۇنداقمۇ ئۆتمەسمىز. مۇشۇ ئايلىق مائاشنى ئالغاندا كۆزۈمنى يۇمۇپ بولسىمۇ ھېلىقى كىتابنى ئالمىسام بولمىدى.

— نېمىدى ئۇ كىتابنىڭ ئىسمى؟

— «ئاچچىق ئالما».

— توغرا. . . توغرا. . . شۇنداق دېگەنتىلە. قەغەزدىكى ئاچچىق ئالمىنى ئالغىچە ئالدىمدىكى تاتلىق ئالمىدىن ئېلىپ يېسىلە بولماسمىدى.

— سىلىنىڭ تاتلىق ئالمىلىرىنى ھېلىقى ئاچچىق ئالمىغا تەڭ قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ چاقچىقىمغا جاۋابەن ئارقىسىغا قارىغىنىچە، — ئالاي دېسەم تۆت ئالمىنى بەش كوي

دەپ ئولتۇرسلا، قانداق ئالغىلى بولدى؟ ئالسامۇ ھېلىقى كىتابتىكى قىزدەك قاق بولۇپ قۇرۇغاندا ئاندىن ئالالىغۇدەكمەن ئالمىلىرىنى.

— مېنىڭ ئالمام قىز بالا ئەمەس جۇمۇ، ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالىدىغان.

— ئوخشاش. . . ئوخشاش گەپ، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەتكەچ.

مەن مۇنداقلا كۈلۈپ قويدۇمىيۇ، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى شۇئان ئويلىنىپ قالدىم. راست قىز بالا بىلەن ئالمىنىڭ نېمە پەرقى؟ قىز بالا دېگەن خام گۆش ئەمەسمۇ؟ ۋاقتىدا ئەرگە بېرىۋەتمەي ئۆيدە ئۇزۇن ساقلىسا پۇراپ قالىدىغان گەپ. ئالما دېگەن ھۆل نەرسە، ۋاقتىدا قولدىن چىقىرىۋەتمىسە سېسىيدىغان گەپ. خىزىردەك بىر گەپنى قىلدىغۇ بۇ مۇئەللىم. لېكىن، قاراپ تۇرۇپ كىمنىڭمۇ مېلىنى ئەرزان ساتقۇسى كەلسۇن؟ لەڭپۇڭچى جېنىدا ئىككى موچەنلىك لەڭپۇڭنى ئاۋۋال بەش موچەنگە، كېيىن بىر كويغا ئۆستۈرۈۋالدىغۇ؟ بەش سىنىتقا بېلەت ئېلىپ كىنو كۆرىدىغان، بىر موچەنگە ئوتتۇز شاپتۇل بېرىدىغان زامان نەدە قالدى؟ پايدىغا كىم ئۆچ؟ زىيانغا كىم ئامراق؟ ھازىر زامان دېگەن شۇنداق تۇرسا. بىرسى چالما دېگەن بىلەن بىرسى ئالما دەپ ئالىدىغان گەپ. كىتابنى قىممەت چىقىرىشتى دەيدۇ تېخى. كىتاب باسىدىغان ئورۇنغىمۇ پۇل لازىم ـ دە. بولمىسا ئەخمەق ئەمەس ئۇلارمۇ بىكاردىن ـ بىكار كىتاب باسىدىغان.

ئۇنىڭ كىتابخانىدىن قاچانلاردا چىقىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىم. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ئۇ يەنە كىتابخانا بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى.

— كەلسىلە، — دېدىم سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا يېنىمدىن ئورۇن كۆرسەتكەچ، — بۈگۈنمۇ يەنە خۇمار تۇتتىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— بىرەر سائەت ۋاقتىم بار ئىدى، — دېدى يېنىمدا جايلىشىپ ئولتۇرغاچ، — بىردەم بولسىمۇ كۆزۈمنى ھېيتلىتىپ كېلەي دەپ بۇياققا ئۆتتۈشۈم. «ئاچچىق ئالمىنى» بۈگۈن ئوقۇپ تۈگىتىمەن.

— يەنە كىتابخانا ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپما؟

— نېمە ئامال؟

— تېخىچە ئوتتۇز كويغا يېتەلمىدىلىمۇ؟

— ئوتتۇز كوي تۈگۈل توققۇز كويغىمۇ يېتەلمىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مائاشنى بېرىدىغانغا يەنە تېخى توققۇز كۈن بار.

— ھازىر نېمىنى تەتقىق قىلىۋاتىدىلا؟

— توققۇزنى؟ — دېدى ئۇ چاقچىقىمغا پەرۋا قىلمىغاندەك چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

— توققۇزنى؟ — دېدىم يەنە ھەيران بولۇپ.

— ھەئە. . . توققۇزنى.

— توققۇزنىڭ نېمىسىنى تەتقىق قىلىلا؟

— تەتقىق قىلاي دېسە ئىش جىق، توققۇز — بىرلەر خانىسىدىكى ئەڭ چوڭ سان. مېنىڭ ئۆيۈممۇ بىر چوڭ ئائىلە، توققۇزۇم تەل ئەمەس. توققۇز جاننى باقالماي كۈندە پايپاسلاپ يۈرىمەن. شۇڭا، كىتاب ئالغۇدەك پۇلغىمۇ ئېشىنالمايمەن. تەتقىق قىلاي دېسە توققۇزغا باغلىق ئىشلار چاچتىن تولا. مانا بۇ توققۇز قەۋەتلىك كىتابخانىغا توققۇز قېتىم كەلسەممۇ نېمىشقا بىرەر پارچە كىتاب ئالالماي قۇرۇق قول كېتىمەن؟ بۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئېغىر مەسىلە. ئۇنىڭدىن باشقا توققۇز ئاسمان، توققۇز قات زېمىن، توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز، توققۇز كىلو بىر چارەك. . . دېگەندەك گەپلەرنى تولا دەيمىز. نېمىشقا شۇنداق دەيمىز؟ بۇلارنى رەتلەپ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قىممىتى

بار، قىزىقارلىق بىر نەرسە پۈتۈپ چىقىدۇ. قارىسام بۆگۈن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىمۇ توققۇز يەشىك ئالما تۇرۇپتۇغۇ؟...

بىردىنلا كۈلۈپ كەتتىم.

— مېنىڭ ئالمامنى تەتقىق قىلغىلى تۇردىلىمۇ ئەمدى؟

— ئويناشمىسىلا، سىلىنىمۇ تەتقىق قىلىمەن تېخى، — دېگىنىچە مۇئەللىممۇ كۈلۈپ كەتتى.

— زەي سالماي پو ئاتقىلى تۇردىلا ئەمدى. مېنى ئانام بىلەن دادام تەتقىق قىلىپ بولغان تۇرسا.

— لېكىن ئۇلار سىلىنىڭ قانداق ياشاشلىرىنى تەتقىق قىلالمىغان ـ دە.

— ئىككىلىرى قىزىق گەپ قىلىشىدىكەنلا، — دېدى بىردىنلا ئالدىمدا پەيدا بولغان كىتاب ساتقۇچى قىز پىخىلداپ كۈلگىنىچە، — گەپ سېتىپ ئولتۇرماي ئالما ساتقاچ ئولتۇرسىلا... مۇنداق!

ئۇ قىز يۇقىرىدىن مېھمان كېلىپ قالدى، دەپ ئىككى كىلو ئالمىنى نېسى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئارقىدىن مۇئەللىممۇ كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ئۇ مۇئەللىم يەنە يېنىمدا پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ غەلىتە گەپلىرىگە خېلى قىزىقىپ قالغانىكەنمەن. شۇڭا، بۈگۈنمۇ كۆرۈشۈپ بولغۇچە ئۇنى بىردەم گەپكە سالغۇم كېلىپ يېنىمدىن ئورۇن كۆرسەتتىم.

— قانداق، ھېلىقى كىتابنى ئوقۇپ بولدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— ئوقۇپ بولدۇم، — دېدى ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن قەغەز سۇغىرىپ تاماكا يۆگىگەچ، — يەنە بىر ئوقۇغۇم بار.

— يەنە مۇنقىمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ قويدۇم.

— ئەمدى... ھازىرچە ئىلاج يوق.

— ئۇنتۇز كويغا يېتەلمىدىلىمۇ تېخى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ياق. . . مائاشنى بەرگىلى يەنە يەتتە كۈن قالدى.

— هازىر نېمىنى تەتقىق قىلىۋاتىدىلا؟

— يەتتىنى.

— يەتتە دوزاخ، يەتتە نەزىر دېگەندەك گەپلەرنىمۇ؟

— ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىپلا، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى شورىغاچ، — مۇشۇ كۈنلەردە كىتابخانىنىڭ يەتتە پەشتىقىدىن چىقىپ - چۈشمەك بەك تەسلىشىپ كەتتى. نېمىشقا دېسىلە، يەنە شۇ ئېگىز شاختىكى ئالمىغا بوي يەتمىگەنلىكىنىڭ ئىشى. كېچىدىن بېرى ئۇخلىماي يەتتىنى تولا خىيال قىلىپ يېتىپ نېمە ئۈچۈن يەتتە كۈن بىر ھەپتە بولىدۇ؟ يەتتە ئىقلىم، يەتتە دوزاخ دېگەنلەر قايسى؟ يەتتە نەزىر رامىزانىنىڭ يەتتىسى دېگەنلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، قىز - يىگىتنىڭ توپى بولغاندا يەتتە قېتىم ئوت چۆرگىلىتىش، يەتتە قات كۆرپە سېلىش دېگەنلەرنىڭ سەۋەبى، يەتتە يولنىڭ تەمىچى، يەتتە كۆۋرۈكنىڭ تارشىسى، يەتتە خىل مېۋىنىڭ شېخىدا ئوت قالاپ، يەتتە بۇلاقنىڭ سۈيىنى قاينىتىپ رەتنامە ئوقۇش دېگەندەك ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ رەتلەپ چىقىش ئويۇم تۇغۇلۇپ قالدى.

— بۇ تولا ئاڭلىغان كونا گەپقۇ؟

— كونا گەپلىكى راست. ئۇنىڭ سەۋەب، ماھىيەتلىرىنى كىشىلەرگە تونۇتقاندا ئاندىن ئۇ يېڭى گەپكە ئايلىنىدۇ. ئاڭلىسام بىزنىڭ يۇرتىمىزمۇ قۇيرۇقلۇق يەتتە ئادەم، يەتتە پوتاقلىق بىر توپ چىنار دەرىخى بارمىش. قۇيرۇقلۇق يەتتە ئادەم يا ئالتىگە قالماسمىش، يا سەككىز بولماسمىش، يېڭىدىن بىرسى تۇغۇلغان كۈنى چوڭىدىن بىرسى ئۆلەرمىش. ئۇلار ئۆزئارا تويى قىلىپ ئەلمىساقتىن تارتىپ شۇنداق ياشاپ كەلگەنمىش. ئۇلارنى قايسىبىر ئۇلۇغنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپتىكەن دېيىشىدىكەن. ھېلىقى يەتتە پوتاقلىق چىنارنى يەتتە قېتىم ئايلانغان ئادەمنىڭ بەخت - تەلىيى ئېچىلارمىش، تۇغماس خوتۇن

بولسا بويىدا قىلىپ يەتتە پەرزەنت يۈزى كۆرەرمىش. بۇ بىر سىرلىق گەپ. يېقىندا تىنچ ئوكيانىنىڭ تەكتىدە مىسىردىكى پىرامىداغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەتتە پىرامىدا بايقالغانمىش. تەتقىق قىلماي تۇرۇپ بۇنداق گەپلەرنىڭ ئېقىنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلغىلى بولمايدۇ. . .

بۇ مۇئەللىمنىڭ گەپلىرى بىلەن ئوي ـ خىياللىرىم تۆت تامغا چېچىلىپلا كەتتى. يەتتە دوزاخنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتى، قويۇق يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان يەتتە ئادەم، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، تاغ ـ شەددىلەر ئارىسىدىكى كۆرۈنمىسىز يەتتە قەبرە، سىر پاي سوقۇۋاتقان جەندە ـ كۆلالىق قەلەندەر، پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازان، شاخ ـ پۇتاقلىرى كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان چىنار. . . خىيالىمدا بۇ نەرسىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئېتىرىشەتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولاتتى. شۇ تاپ ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەندەكلا بولماقتا ئىدىم.

بىر چاغدا قارىسام مۇئەللىم ھېلى ئولتۇرغان ئورۇن بوش تۇراتتى. ئۇنى كىتابخانىغا كىرىپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ قاچانلاردا كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرمىدىم. بۇ ياققا كۈن ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان مۇئەللىمنى ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتسىمۇ كۆرمىدىم. يەتتە كۈن ئۆتتى. توققۇز كۈن ئۆتتى. ئوتتۇز كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. يەنە كۆرمىدىم. ئۇ ھەرقاچان كەلسە ئاۋۋال ماڭا ئۇدۇل بولاتتى. بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن كىتابخانىغا كىرىپ كېتەتتى. ئەجەب ئىش، كىتاب خۇمارى يامان بىر ئادەمنىڭ شۇنچە زامان ئۆتسىمۇ كىتابخانىنىڭ بوسۇغىسىغا بىرەر قېتىم كېلىپ قويمىغىنى نېمىسى؟ كېسەل چىراي كۆرۈنەتتى. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانمىدۇيا؟ يا بولمىسا بىر ئىشلارنى تەتقىق قىلىمەن دەپ قازناق ئۆيدىن چىقماي يەنە كىتاب يېزىۋاتامدىكىن.

شۇنداق ئۇي بىلەن بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن كىتاب ساتىدىغان قىزدىن ئاڭلىسام ئۇ مۇئەللىم قازا قىلىپ كەتكەنىكەن. شۇ چاغدا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىمغا ھېچ ئىشەنمەيلا قالغانىدىم. مانا ئەمدى شۇ ئىشقىمۇ بىر يىل بولۇپ قالغانىدى.

خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرگەن چاغدا كونا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇردۇم ـ دە، قول ھارۋامغا بېسىپ ئۆي تەرەپكە ئالدىمنى قىلدىم.

ــ كونا تامنىڭ چالمىسى ئەمەس، يېڭى باغنىڭ ئالمىسى ماۋۇ... ھە مانا تۇغقانلار... كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ ئال! خوتۇن ئالساڭ سۆيۈپ ئال!... بۇگۈن با، ئەتە يوق. ئالدىڭغا با، كەينىڭگە يوق. ئەرزان ساتتىم، نەق ساتتىم... ھە مانا...

ــ كىلوسىنى نەچچە پۇل ساتتىڭلا؟

ــ ئاران بەشكوي غوجام.

ــ باھاسى سەل ئۆرىكەن.

ــ قىممەت كۆرمەي ئالسىلا! «ئالغان پايدا، ساتقان زىيان» دەپتىكەن، ئەمدى تۆتىنچى ئاي كىرىپ ئالما چېچەكلەپ قالغاندا كۆزدىكى بازار ھازىر يوق غوجام...

ــ ئۈچ كويدىن بەرمەملا؟

ــ كۆزلۈككە بېرەي غوجام.

ــ ئەمىسە كۆزلۈككە كېلىپ ئالاي.

ــ خۇدايىم كۆزلۈككىچە جانابلىرىنى ئامان قىلا.

يەنە بىر خېرىدار يېنىپ كەتتى. قارىغاندا بۈگۈنمۇ سودام ئاقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەتىدىن بېرى تولا توۋلىغانلىقتىن گېلىم قۇرۇپ ئىچ ـ ئىچىمدىن ئەسنەك قىستىماقتا ئىدى. كۆكتە مۇئەللىقتە تۇرغان كونا كىتابخانا بىناسىنىڭ

ئۆگزىسىدىلا كۆيۈۋاتقان ئوتتەك يېلىنجايتتى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. شەھەرنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىدە سوپىسوپىياڭ سايراپ ئۈجمە پىششىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ھاۋا - جاھان كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئولتۇرسام، قوپسام خىيالىم ھويلىمىزدىكى يېرىم گەمە ئالمىدا ئىدى. گەمە ئىچىگە كۈندە نەچچە چېلەك سۇ سېپىپ باقساممۇ ئالمىنىڭ يەنە سۇيى قېچىپ يىگىلەشكە باشلىغانىدى. پايدا جىق چېقىمسىمۇ بۇرۇنراق قولدىن چىقىرىۋەتمىگەنلىكىمگە ئەمدى پۇشايمان قىلىمەن. پۇشايمان بىلەن باھانى بىر كوي چۈشۈردۈم. مەنلا ئەمەس ھەممە باققال چۈشۈردى. يەنە ئالىدىغان خېرىدارنىڭ تايىنى يوق. شۇ خىيال بىلەن غەمگە پېتىپ ئولتۇراتتىم، بىرسى ئالدىمدىكى تارازىنىڭ تەخسىسىنى تاراقشىتقاندەك قىلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام كىتاب ساتىدىغان قىز، ئۇ پىخىلداپ كۈلگىنىچە:

— ئالما ساتماي ئۇخلاپ ئولتۇرغانلىرى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇخلاپ قالغىنىم يوق سىڭلىم. خىيال بىلەن خالىزىم بولۇپ قاپتىمەن. مەڭزىڭىزدەك چىرايلىق ئالمىدىن بىرنى يېمەمسىز؟

— مەڭزىمدەك چىرايلىقمىش تېخى... قېرى خوتۇننىڭ كۆكسىدەك سولىشىپ قالغان ئالمىنى...

— ئەمدى خوتۇن كىشىمۇ قىز چاغدىكىدەك تۇرمايدىكەن سىڭلىم.

— چاقچاقلىرىنى قويسىلا، — دېدى ئۇ قوشۇمىلىرىنى بىر ئۇماق تۈرگىنىچە، — ھېلىقى قازا قىلىپ كەتكەن مۇئەللىم بارغۇ، كىتابخانىغا پات - پات كېلىپ سىلى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىتاب خۇمار كىشى. شۇنىڭ ئۆيىنى بىلەمدىلا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەكتەپتە ئولتۇرىمەن دېگەنىدەك قىلىغان ئۇ رەھمەتلىك، — دېدىم بىردىنلا ھېلىقى مۇئەللىمنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۆيىنى سوراپ قالدىڭىزغۇ ئەمدى؟

— بۇ ئاكىلار نەشرىياتتىن كەلگەنىكەن، — دېگىنىچە يېنىدىكى سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنى ماڭا كۆرسەتتى ئۇ، — شۇ كىشىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشى بار ئىكەن.

— ئۇ رەھمەتلىك كىتاب يازىدىم دېگەندەك قىلىغان، — دېدىم ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ، — شۇ ئىش بىلەن كېلىشكەن ئوخشىمامىلا؟ ھەرقايسىلىرىنى ئولتۇرسا - قوپسا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇلاردىن چېچىغا ئاق ئارىلىغان، گالستۇكلۇق، خام سېمىز بىرسى، — ئۇ كىشى بىزگە بىر پارچە كىتاب سۇنغان، ئۆز ۋاقتىدا تىراژى بەشمىڭغا يەتمەي نەشر قىلىنمىغاندۇق. بۇ يىل نەشر قىلماقچى، ئاڭلىسام ئۇ يەنە بىر پارچە كىتاب يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن سانلىق ماتېرىياللارنى توپلىغانىكەن. بۇ قېتىم شۇ ماتېرىيالنى دەپ كېلىشىمىز ئەمدى.

— بۇنىسى بەرھەق راست، — دېدىم دەررۇ، — ئۇ بىر كەلسە ئوتتۇزنى، بىر كەلسە توققۇزنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن دەپ يۈرەتتى. كوچىدا - كاسسىردەك ئاغزىدىن سان چۈشمەيتتى. بىز ھايات چېغىدا ئىززىتىنى قىلماي توپىغا ئايلىنىپ بولغاندا ئاندىن قەدرىگە يېتىدىغان مۇشۇنداق خەق مانا.

— ناۋادا بىز ئاڭلىغاندەك راستتىنلا قىممىتى بولسا بۇ بىر بازارلىق كىتاب بولىدۇ. خوتۇن - بالىلىرى ساقلاپ قويغان بولسا رازى قىلىپ ئېلىپ كەتمەكچى.

— رازى قىلىپ؟ پۇلمۇ بېرەمىلا تېخى؟

— ھەئە. . . بېرىمىز.

— بىچارىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى تۆت تەڭگىنىڭ

قارىسىنى كۆزلىرىگە سۈرتكۈدەك بولغاندۇ مۇشۇ كۈنلەردە. . .
نەچچە پۇل بېرەلا؟
— قىممىتىگە قارايدىغان گەپ، ياراپ قالغۇدەك بولسا ئون مىڭ كويچە بىر نەرسە بېرەمىز.
— ئون مىڭ كوي؟
بىردىنلا ئاغزىمنى كامارىدەك ئاچقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. راست گەپنى قىلسام مەن بىر ئۆمۈر ئالمىچىلىق قىلىپ بۇنچىلىك پۇلنىڭ بىلىنمۇ باغلاپ باقمىغانىدىم.
ئۇلار خېلى ئۇزاپ كېتىپ قالغانىدى. ھېلىقى مۇئەللىم قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ قايسىدۇ بىر سانىنى ھېجىيلىغىنىچە ئالدىمدىكى ئالمىلار ئارىسىدىن كۆلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. «رەھمەتلىكنىڭ روھى بىر خۇش بولىدىغان بوپتۇ ـ دە، ئۇ بۇ كۈنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرگەن بولسىچۇ. . .» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.
— ئالمىنى قانداق ساتتىلا ئاكا؟
خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدىمدا دېھقان سىياق بىرسى بۇنى ئېلىپ، ئۇنى قويۇپ، ئالما كۆرۈپ تۇراتتى.
— ئاران ئۈچ كويدىن ساتتۇق، ئالسىلا!
— قورۇلۇپ قالغان ئالما ئىكەن، سەل يولىدا گەپ قىلمامىلا؟
— تېخى ئۆتكەن ھەپتە بەش كويدىن ساتقان، بۇ ھەپتە باھاسىنى چۈشۈردۇق، قىممەت كۆرمەي ئالسىلا!
— ئۈچ كوي دېسىلە ماڭا سەل سەپرا كەلگۈدەك.
— كەينىلىرىگە يانماي سىلىمۇ بىر نېمە دەپ باقمامىلا؟
بۇ خېرىدارمۇ ئالغۇسى كەلمىگەندەك ئىككىلىنىپ كېتىپ قالدى.
كۈن ئۆتمەكتە، بىر كۈن كەچ بولسا يەنە بىر كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يورۇماقتا ئىدى. يېڭىدىن يورۇغان ھەربىر كۈن ئالىملىرىمنىڭ سۈيىنى قاچۇرۇپ بارغانچە يىگىلەتمەكتە ئىدى. گەمىدىكى ئالىملىرىم تېخى ھېچقانچە سېتىلمىغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھەربىر خېرىدار كۆزۈمگە قەلەندەردەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. باھانى تۆت كويدىن ئۈچ كويغا چۈشۈرسەم ئىككى كويدىن تىلەپ تۇرۇۋالغان. مەيلى ئەمدى دەپ ئىككى كويغىمۇ چۈشۈرۈپ باقتىم، ئىككى كويغا چۈشۈرسەم بىر كويدىن تىلەپ تۇرۇۋالغان. بۇنداق خېرىدارنىڭ تىلەمچىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ساتاي دېسەم تېخى، ساتماي دېسەم تېخى؟ ھەممە ئادەم ئالدىغا مېڭىۋاتسا مەن كەينىمگە دەسسەپ كۆڭلۈم جىلە.

بىر كۈنى شۇ خىيال بىلەن كالالامنى تاتىلاپ ئولتۇراتتىم. كىتابخانا ئىچى بىردىنلا كۈنكى بۇزۇلغان ھەرە توپىدەك پاتپاراقشىپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدىم. قوچاق ـ قوچاق كىتابلار ئىشىك ئالدىغا پوكۇلدىتىپ قالايمىقان تاشلانماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا كىتاب ساتىدىغان قىزمۇ بىر قوچاق كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قالدى.

— نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدىم ھەيرانلىقتا ئورنۇمدىن، — باشقا بىر يەرگىمۇ كۆچمەيدىغانسىلەر؟

— نەگە كۆچەمىز؟ — دېدى ئۇ قوچىقىدىكى كىتابلارنى يەرگە تاشلىغاچ، — سېتىلماي بېسىلىپ قالغان كىتابلارنى كىلوسى ئىككى موچەندىن سېتىۋېتىدىغان بولدۇق.

— ئالە شەرىڭنى! — دەپ بىردىنلا يوتامغا مۇشتلىدىم، — سىزمۇ ئەمدى بىزگە ئوخشاش كىلولاپ ساتىدىغان بوپسىز ـ دە.

ئەتراپتىكى كىشىلەر بىردىنلا پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمە ئامال ئەمدى، سېتىلماي بېسىلىپ قالسا؟ باھانى چۈشۈردۇق بولمىسا، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى چۈشۈردۇق، ئىلانمۇ بەردۇق. ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق دەپ خەقنىڭ ئالغۇسى كەلمەمدىكىن ـ تاڭ؟ مەنمۇ بىلمىدىم. ھېچقانچە

سېتىلمىدى.

شۇ ئان مەنمۇ جىق ھەسرەت چېكىپ كەتمىسەم بولغۇدەك دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، كەلگۈلۈك مېنىڭ بېشىمغىلا ئەمەس، كىتابخانىنىڭ بېشىغىمۇ كەلگەنىدى. كىتابلار تۆپە ـ تۆپلەپ تاشلانماقتا ئىدى. تاشلانغان كىتابلارنى كىملەردۇر پومىداقلاپ تاغار ـ چىپتىلارغا تىقىشاتتى. شۇ ئەسنادا كۆزۈم بىر كىتاب تېشىدىكى «ئاچچىق ئالما» دېگەن خەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ھېلىقى كىتاب مەستانىسى مۇئەللىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. «رەھمەتلىك بىچارە گېپىنى تولا قىلىپ، ئوتتۇز كويغا ئېشىنالماي بىر كۆزى ئارقىسىدا كەتكەن كىتابقۇ ـ بۇ؟» دەپ ئويلىدىم ۋە ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى كىتابنى ئېلىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنىڭغىچە ئۇ كىتاب بىر چىپتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

— نېمە قىلىدىكەن بۇ كىتابلارنى، — دەپ سورىدىم قېشىمدا تۇرغان بىرسىدىن.

— نېمە قىلاتتى، — دېدى ئۇ بىپەرۋا ھالدا، — قەغەز دېگەننى ئىشلىتەي دېسە نېمىگە ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ. تېۋىپلار دورا يۆگەيدۇ، ئورۇقچىلار ئورۇق تۈگىدۇ. ماتاڭچىلار ماتاڭ يۆگەپ ساتىدۇ، قەغەز دېگەن خالاغا كىرگەندىمۇ لازىم بولىدىغان نەرسە.

كىتاب قاچىلانغان تاغار ـ چىپتىلارنىڭ ئاغزى چىگىلىپ قول ھارۋىسىغا بېسىلدى ـ دە، كىملوغا بېسىش ئۈچۈن بىر ياققا ئېلىپ كېتىشتى.

— كىتابخانا ئىشخانىلىرىنىمۇ ساتقۇدەك بوپتۇ ـ دە، — دېدى شۇ ئەسنادا قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى.

— شۇنى دەيمەن، غەلىتە بىر ئىش قىپتىغۇ بۇلار، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمراھى جاۋابەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بىرەر ياقا ـ پۇشقاقتىكى مەكتەپكە بولسىمۇ ئىئانە قىلىۋەتكەن بولسىچۇ كاشكى.

— شۇڭا تەرەققىي قىلالمايدىغان مىللەت بىز.

ئۇلار يىراقلاپ كېتىشتى. يەنە ئۆز ئىشىمنىڭ غېمىغا چۈشتۈم. ئالمىلاردا يېقىندىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغان تىرناقچىلىك سېسىق جايلار مانا ئەمدى بارغانچە كېڭىيىپ كەتكەنىدى. بەزى ئالمىلارنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك بۇزۇلۇپ بولغانىدى. ئاخشام بىر سېۋەت ئالمىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يېرىنى پىچاقتا ئويىۋەتكەنىدىم. مانا شۇ ئالمىمۇ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كىلوسىنى بەش موچەندىن بېرەي دېسەممۇ پۈچۈق كۆرۈپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى سېلىپ قويىدىغان ئادەم يوق. ئالمىلىرىمنىڭ ھالى يوغان كادىر كىشىلەرگىمۇ ئەرزىگۈچىلىكى قالمىدى. ئەرزان نەرسىلەرگە ئامراق يېزىلىق دېھقانلارنىڭمۇ ئالدىمدا ھېچ توختىغۇسى يوق ئىدى. ئەمدى بىر كويلۇق ئالما ساتالىسام ماڭا شۇ بىر كوينىڭ ئۆزى پايدا ئىدى. زىياننى ئويلىغۇم كەلمەيتتى. ئويلىسام كۆزۈم بىردىنلا ياشقا تولاتتى.

كۈنلەر شۇنچە تېز ئۆتمەكتە. ئاڭلىسام يېزىلاردا ئۈجمە پىشقانمىش، ئۈجمىنىڭ ئارقىسىدىن خوندەك پىشىدىغان گەپ. بازارغا يېڭى مېۋە كىرگەن ھامان كونا مېۋىنى مۇتقا بەرگىلىمۇ ئادەم تاپقىلى بولمايتتى. بىر كۈنى «كۈنلەرنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولسا ـ ھە؟!» دېگەننى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، بازار باشقۇرۇش، تازىلىق كومىتېت، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەندەك ئورۇنلارنىڭ كادىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرگۈچىلەر يەردىن ئۈنگەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئالدىنقى كۈنىمۇ كېلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىشكەنىدى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— تۈنۈگۈن بىز سىلىگە نېمە دېگەن؟ — دېدى تەددى بىلەن، — بۇنداق سېسىق ئالمىنى بازارغا ئاچىقمىسىلا دېسەك

يەنە گەپ ئاڭلىماپتىمۇ؟ شەھەر مۇھىتىنى بۇلغاپ. . .

— ئەمدى ئۇكىلىرىم، جان ھەلەكچىلىكىدە، — دېدىم ئۇلارغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، — جىق زىيان تارتىپ كەتتىم. زىيان دېگەن ئاچچىقكەن. ھېچ بولمىسا بىر ئۆينىڭ تۆز ـ گۈگۈتىغا بولسىمۇ ياراپ قالار دەپ. . .

— كىم ئالىدۇ بۇنداق سېسىق ئالمىلىرىنى؟ ئۆيدە كالا باقسىلا بولماسمۇ؟!

— ئەمدى. . . ئانچە ـ مۇنچە بۇزۇلۇپ كەتكەن بىلەن يېگىلى بولىدىغان يەرلىرى بارغۇ ئۇكىلىرىم.

— قويسىلا ئۇنداق گەپنى! — دېدى يەنە بىرسى قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ، — يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلىشۈەتسىلە!

— ئەتىدىن باشلاپ ئاچىقماي ئۇكىلىرىم.

— سىلىگە نەچچە كۈن بولدى بۇنداق گەپنى دېگىلى، پۇل ئالسىلا! پۇل! . . .

— ئىسسىق جان ئېلىشسىلا بار، سىنىتىنىڭ ئۇرۇقى يوق ئۇكىلىرىم.

ئۇلار بىردىنلا غوۋغا سېلىشىپ ئالمىلىرىمنى قول ھارۋامغا باستى ـ دە، ئۆزلىرى ئىتتىرىپ مېڭىشتى. «نەگە ئاپىرىلا، بولدى مەن ئۆزۈم ئېلىپ كېتەي» دەپ يالۋۇرۇپ دېمىگەنلىرىم قالمىدى. «مىلتىقىڭ بولسا ئېتىۋەت! گۇناھ قىلغان بولسام تۈرمىگە سولىتىۋەت!» دەپ ھەيۋە قىلغان گەپلىرىمگىمۇ پەرۋا قىلىشمىدى. ئاخىرى ئالمىلىرىمنىڭ سۇپۇندە كاتىكىغا تۆكۈلگىنىگە قاراپلا تۇرۇپ قالدىم.

ئۇلار قىلغۇلۇقىنى قىلىپ بىر ياققا كېتىشتى. لېكىن، مەندە شۇ تاپ كەتكىلى ئىككى قەدەم ئالغۇدەكمۇ ماغدۇر قالمىغانىدى. ماغدۇرۇمنىڭ ھەممىسى ئالمىلىرىم بىلەن ئەخلەت ـ سۇپۇندىلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. سۇپۇندە كاتىكىغا تۆكۈۋېتىلگەن ئالمىلىرىمغا قارىغىنىمچە قانچىلىك تۇرۇپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. بىر چاغدا كۆزۈم قىزىل

رەڭلىك بىر خەتكە چۈشكەندەك قىلدى. سىنچىلاپ قارىسام يىرتىپ تاشلىنىۋېتىلگەن بىر كىتابنىڭ تاش ۋارىقىدىكى «ئاچچىق ئالما» دېگەن خەت ئىكەن. ئۇ خەت ئەخلەت ـ سۈپۈرۈندە، چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدىن خىرە ـ شىرە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ خەت بارا ـ بارا ئالمىلىرىمدىن ساقىپ ئېقىۋاتقان ئۇماچتەك غىل ـ غەشلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

ــ ئېسىت، بۇنداق سېسىتىپ ئولتۇرغۇچە بۇرۇنراق سېتىۋەتكەن بولسىچۇ، ــ دېدى شۇ ئەسنادا قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى، مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ بىر قاراپلا بىر يەردە كۆرگەندەك، ئۇنى تونۇغاندەك قىلدىم. ئۇ دەررۇ ئېسىمگە كەلدى. ئۇ بىر چاغدا «نەدىكى ئاچچىق ئالمىنى. . .» دېگىنىچە زىتىمغا تېگىپ قويۇپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ تەڭگە گۈللۈك گالستۇكىنىڭ قىسقۇچى شۇ تاپتىمۇ قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا چۈشىنىكسىز ھالدا قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئاران ـ ئاران تۇرغان كۆزلىرىم بىردىنلا ئېچىشىپ ئۇ يىگىتنىڭ قارىسى بىلەن ئەخلەت ـ سۈپۈرۈندىلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئالمىلىرىمنى كۆرەلمەيلا قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە كۈنگىچە ئۆرە بولالماي ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىم. كىتابخانىنىڭ ئالدىغا ئالما ساتقىلىمۇ بارمىدىم. بەزىدە ئۇ يەردە ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، خەقنى كۈلدۈرۈپ ئالما ساتىدىغان، كىتابخانىغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار بىلەن، كىتاب ساتىدىغان ھېلىقى چىرايلىق ياش قىز بىلەن چاقچاقلىشىپ كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان، خالىسام كۆزەينەمنى تاقىۋېلىپ قىزىقارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ بىردەم زېرىكىشىمنى تۇزىدىغان كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمنى ئويلاپ قالىمەن. لېكىن، ئەمدى ئۇ تەرەپكە ئالدىمنى قىلغىلى پەقەت رايىم قالمىغانىدى.

# بۇ يەرنىڭ سوغۇقى قاتتىق

1

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنىڭ يەر ناملىرى ئاجايىپ. بەزىدە شۇ ئاجايىپ نامالارنى، ئۇنىڭ نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۆزۈمچە خىيال قىلىپ كېتىمەن. «چىنار باغ» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىنىڭ باغلىرىدا نەدىمۇ بىر تۈپ چىنار بولسۇن؟ «شاخلىق» دېگەن مەھەللىدە ئېھتىمال بۇرۇنقى زامانلاردا شاخ ـ شۇمبا كۆپ بولغىيدى، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس. «بوستان» دېگەن مەھەللە چۆلدەرەپ، قاقاسلىشىپ كەتكەن. «ئاچچىق» دېگەن مەھەللىنىڭ نېمىسى ئاچچىقكىن ـ تاڭ؟ «ئانارلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىزنىڭ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ بېغىدىن بىرەر تۈپ ئانار كۆچىتىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ نامالارنىڭ ھەممىسى تۈگمەس تېپىشماققا ئوخشايدۇ. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇن مەھەللىمىزدە ھېلىمشاھ يۈز بېشى دەيدىغان بىر كاتتا ئادەم يۇرت سوراپ ئۆتكەن ئىكەنمىش. ھېلىمشاھ يۈز بېشى بوي ـ بەستى ئۆينىڭ تورۇسىغا تاقىشىدىغان، شاپ بۇرۇتى ئىككى سىقىم بېدىدەك كېلىدىغان، رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان، مۇز چىراي، غورا قاپاق ئادەم بولۇپ، بىر ئانارلىق بېغى بار ئىكەنمىش. شۇ باغنىڭ سەۋەبى بىلەن مەھەللىمىز شۇنداق ئاتىلىپ قالغانمىكىن؟

دادامنىڭ ھېلىمشاھ يۈز بېشى بىلەن، ئانامنىڭ ھېلىمشاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈز بېشىنىڭ بېغىدىكى ئانار بىلەن ئىسمىداش بولۇپ قالغىنىنى ئويلىسام تېخىمۇ ھەيران قالىمەن. كىچىك چاغلىرىمدا بۇنى سورىسام:

— ھېلىمشاھ يۈز بېشىدەك يۇرت سوراپ، ئالدىدىن بەتتە پولۇ، گۆش - كاۋاپلار ئىشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان كاتتا ئادەم بولۇپ ياشاپ ئۆتسۇن، دەپ ئىسمىمنى شۇنداق قويۇپتىكەن، — دېگەنىدى دادام.

— ھېلىمشاھ يۈز بېشىنىڭ بېغىدىكى ئانارنىڭ گۈلىدەك چىرايلىق ئايال بولسۇن دەپ، ئىسمىمنى ئانارگۈل قويۇپتىكەن، — دېگەنىدى ئانام.

لېكىن دادام نەدىمۇ ھېلىمشاھ يۈز بېشىدەك ياشاپ ئۆتسۇن؟ ئانام نەدىمۇ ئانار گۈلىدەك بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ يېشى 60لارغا ئۇلىشىپ قالغانىدى، ئۇلار بىر ئۆمۈر جاپادىن قول ئۈزەلمەي، بىر ئۆينىڭ غېمىدىن قۇتۇلالماي، تۇپىغا مىلىنىپ ئىشلەپ، يىلىكى قۇرۇپ، يېغى ئاخىرلىشىپ ئۆچەي دەپ قالغان جىنچىراغقىلا ئوخشاپ قالغان ئادەملەر ئىدى.

«ئانارلىق» جەنۇبىي شىنجاڭنىڭمۇ جەنۇبىدا. شەھەرگىمۇ يىراق. شەھەردىن كۈن چىقماستا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغان كىشى كۈن پېتىشقا يېقىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بىراق مەن ئۇ مەھەللىنى ئەسلا يىراق كۆرمەي، ئايدا بىر - ئىككى قېتىم بولسىمۇ بېرىپ - كېلىپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۇ مەھەللىدە ھېلىمشاھ يۈز بېشىدىنمۇ كاتتا بىلىدىغان دادام، ئانار گۈلىدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ئانام بار - دە.

يېڭى يىل بايرىمى كۈنى سەھەردە يولغا چىقىپ، كەچتە ئانارلىق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدىم. نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان قار شەھەرگە قارىغاندا يېزىدا تېخىمۇ قاتتىق ياغقان بولسا كېرەك. ۋادىكىلىك، پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى، شاخ - شۇمبىلىق چەللىلەر، يول بويلىرىغا بېسىپ

قويۇلغان پاسار، قومۇش - يانتاقلار قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇ مەھەللىگە كېلىپلا سوغۇقنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدىم. شۇئىرغان دەستىدىن قولنى يەڭدىن چىقارغىلى بولمايتتى. تالا - تۈزدە بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. قاياقلاردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان ئاق قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىۋاتقان، توخۇلارنىڭ پالاقلىغان، پاسار - قومۇشنىڭ شاراقلىغان، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشكەن ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن مەھەللە، ھەتتا پۈتۈن جاھان قېلىن قار ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەكلا ئىدى. قار كېچىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە ئۆيگە كەلدىم. مورا بېشىدىكى جىنچىراغ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئانام، دادام لار مورا ئوچاقنىڭ كۆلۈڭگىگە قول قاقلاشقىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار مېنىڭ ئىشىكتىن كىرىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشتى.

— تۇۋا خۇدايىم، تېخى ھېلىلا گېپىڭىزنى قىلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ، بالام؟

— خۇداغا شۈكۈر، سىلەرمۇ ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟

— ئوبدان تۇردۇق، جېنىڭىز سىرقىراپ كەتكەندۇ بۇ سوغۇقتا؟ قېنى ئوچاقنىڭ قېشىغا كېلىڭ، غوجام.

ئۇلارنىڭ بىرسى قولۇمدىكى سومكىنى ئالسا، بىرسى ئۇستۇبېشىمدىكى قارلارنى قاقاتتى. ئاخىر ئۇلار مېنى مورا ئوچاققا يېقىن ئولتۇرغۇزۇشتى. ئوچاقتا جىگدىنىڭ شىلاش ئوتۇنى تۈتۈن چىقىرىپ، ۋىشىلداپ كۆيمەكتە ئىدى. قازاندا چامغۇردەك بىر نەرسە قايناۋاتقاندەك قىلاتتى.

— قانداق، ئاغرىپ قالماي ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپ قايتا ھال - ئەھۋال سورىدىم سوغۇقتىن ئۇششۇپ كېتەي دەپ قالغان قوللىرىمنى ئوتقا قاقلىغاچ.

— خۇداغا شۈكۈر، بالام، — دېدى دادام لاخشىگىر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوچاقتىكى ئوتنى چوخچىلىغاچ.

— كېلىنىم بىلەن نەۋرەم ساق - سالامەتمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانام يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئۇلارنى نېمىشقا ئېلىپ كەلمىگەنسىز؟

— ساق - سالامەت، — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرگەچ، — سوغۇقتىن قورقۇپ ئېلىپ كەلمىدىم.

— بۇ يىل سوغۇقنىڭ خېلى جېنى بار، — دېدى دادام غىڭشىلداپ يۆتەلگەچ، — نەچچە كۈن بولدى قار توختىمىغىلى، ئاسماننىڭ بىر يېرى بۆسۈلۈپ كەتكەنمىكىن دەپ قالدىم. خۇدانىڭ قەھرى - غەزىپى يېغىۋاتامدۇ، ھېچ بىلمىدىم. خۇدانىڭ قەھرى - غەزىپى ياغسىمۇ ھەق. بەندىنىڭ كۇپۇرلۇقى ئەدەپ كەتتى. ئىنساپ - ديانەتنى ئۇنتۇپ قالدۇق مۇشۇ كۈنلەردە.

دادامنىڭ بۇ گەپنى نېمىگە، كىمگە قارىتىپ دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىدىم. ئانام كۇلۇڭدىكى قوقاسقا تۇخۇم كۆمدى.

— بىردەم گەپلىشىپ ئولتۇرغىچە پىشىپ قالىدۇ، بالام، — دېدى ئانام ئورنىدىن تۇرغاچ، — سىزنى كېلىپ قالار دېمەي شۇڭگۇتماق ئەتكىلى قازانغا شالغام (سەي - چامغۇر) سېلىپ ئولتۇرغان ئىكەنمەن.

— ھەر يىلى بىر قوينىڭ گۆشىنى قازناققا ئېسىپ قويۇپ، ساقلاپ يەيدىغان چاغلىرىمىز ئىدى، — دېدى دادام يەنە گېلىنى غىڭشىلداتقىنىچە، — بۇ يىل قىش بىرەر پاقلانغا ماجالىمىز يەتمىدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇجمە پىششىقىنىڭ ئالدىدا ئېغىلدا ئون - ئون ئىككى قوي بار ئىدى، ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە تۆت قوي قالدى. ئۇنىڭمۇ ئىزىنى قورۇتىۋەتمەيلى، دېدۇق. كەنتتىكى كادىرلار ھەر كۈنى پۇل دەپ ئىشىك ئالدىدىن كەتمەيدۇ.

بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان دادام كۆزلىرىمگە بارغانچە مۆكچىيىپ، قىرىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا كەلگەندە بىر پاقلان ئېلىپ سويۇپ يەڭلار دەپ پۇل بېرىپ كەتكەنتىمغۇ؟

— ئۇ پۇلمۇ كادىرلاردىن ئاشمىدى، بالام. گۆش يېمىسەكمۇ مەيلى، كەنت كادىرلىرىنىڭ سىېسىق گەپلىرىنى ئاڭلىمايلى دېدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— قانداق پۇلكەن ئۇ؟ ھەر كۈنى ئالسا ــ ئالسا تۈگىمەيدىغان؟

— قانداق پۇللىقىنى يارانقان خۇدا ئۆزى بىلمىسە بەندىگە قاراڭغۇ. ئىشقىلىپ بۇ كادىرلارنىڭ پەتىۋاسى موللامىنىڭكىدىن جىق. بۇ كۈنى بىر ياڭزا گەپ قىلىپ كەلسە، ئەتىسى بىر ياڭزا گەپ قىلىپ كەلگەن. ۋاقتىدا بەرمىسەك ئىزا ــ ئاھانەت، قىيامەت قايىم بولغان، كادىرلار ئالغان پۇل نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدۇ؟ بۇنى بىز بىلمەيمىز. ھېسابلاپ كۆرسەم مۇشۇ ئاي ئىچىدە يىگىرمە ــ ئوتتۇز خىل پۇل تۆلەپتىمەن. ئالدىنقى ھەپتە بىر قوچقار ساتقان ئىدىم. ئۆيگە بىر پۇللۇق تۇز ــ گۈگۈت ئالماي، توزغاقتەك توزۇپ تۈگىدى.

— سىزنى ئوقۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىكىدىكى ئاق نانغا ئۇلاشتۇرۇپ قويۇپتىكەنمىز، — دېدى ئانام، — شەھەردە راھەت كۆرىدىكەنسىز، كەتمەن ــ تاغارغا گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىڭىز بۇ مەھەللىدە بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن قانداق تۈتۈن چىقىرار ئىدىڭىز؟ بىزغۇ يېلىڭ بولساق يۆلىگىلى سىز بار. يۇرتىمىز توم. مەھەللىدىكى يا يۆلەنچۈكى يوق، يا ئىككى پۇل تاپقۇدەك ھالى يوق كىشىلەرنىڭ كېلىدىن قانداق نان ــ سۇ ئۆتۈپ، كېچىسى كۆزىگە قانداق ئۇيقۇ كېلىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ كۈنلەردە.

— كەنتىمىزدە سېلىمشاھ شۇجىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كەتتى. سېلىمشاھ شۇجىنىڭ دادىسى كېرىمشاھمۇ، كېرىمشاھنىڭ دادىسى ھېلىمشاھ يۈز بېشىمۇ قاپىقىدىن قار - مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، باغرى تاش خەقمىشكەن، يەنە شۇ خەقنىڭ قولىغا قالغىنىمىزنى كۆرمەمدىغان؟ سېلىمشاھنى شۇجى قىلىشنى ئويلاپ تاپقانلارنىڭ كۆزىگە كۆرسىتەر خۇدايىم. سېلىمشاھ شۇجى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھېچ ھالىنى قويمىدى. تەشكىلنىڭ كۆزىنى بويىغان كىم؟ بۇنىڭ سورىغىنى قىلىدىغان ئادەم يوق. دېھقان خەق دېگەن بېدىگە ئوخشاش ئورۇپ تۇرسا، يەنە كۆكلەپ تۇرىدىكەنمىز.

ئانام، دادامىلارنىڭ دەردى خېلى يېغىلىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا دەردمەن بولۇپ يۈرمىسە بولاتتى. بىر ئۆمۈر كەتمەن چېپىپ، يەر بىلەن ھەپىلىشىپ تارتقان جاپاسىغا لايىق ئارامدا ياشىسا بولاتتى. ئولتۇرسام، قوپسام ئويلايدىغىنىممۇ شۇ ئىدى. لېكىن مەن ئاتا - ئانامغا بېرىپ تۇرسام، بەرگىنىمنى سېلىمشاھ شۇجى ئېلىپ تۇرسا، بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟

پۇت - قوللىرىم خېلى ئىسسىپ قالدى. لېكىن ئىچ - باغرىمغا قانداقتۇ بىر سوغۇق شامال كىرىۋالغاندەك ئىدى. بۇ سوغۇق شامالنىڭ نەشتىرى بىلەن ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ، چىشلىرىم كىرىشكەنىدى.

— بۇ گۆشتە تاماق ئېتىپ يەرسىلەر! — دېدىم ئايالىم سومكىغا قاچىلاپ بەرگەن بىر سان گۆشنى ئېلىپ ئانامغا سۇنغاچ.

— نېمە قىلارسىز ئاۋارە بولۇپ؟ — دېدى ئانام خېمىر يۇقى قوللىرى بىلەن گۆشنى قولۇمدىن ئالغاچ، — شەھەر

دېگەندە ھەممە نەرسىنى پۇلغا ئالىدىغان گەپ، قولىمىز سەل قىسقا بولۇپ قالدى، بولمىسا بىرەر قوي سويۇپ ئاپىرىپ بېرىش بىزنىڭ يولىمىز ئىدى. رەھمەت بالام، رەھمەت! خۇدايىم ئىككى ھەرەمگە بارغىلى نېسىپ قىلار!

كۆلۈڭدىكى قوقاسقا كۆمگەن توخۇملارمۇ، چامغۇر سالغان شوڭگۇتماقمۇ پىشىپ داستىخان سېلىنىدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئانام سېلىپ بەرگەن ئورۇن - كۆرپىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. مورا بېشىدىكى جىنچىراغ تۈتەك چىقىرىپ كۆيمەكتە ئىدى. شۇئان بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەندەك بولۇپ:

— چىراغ ياندۇرۇپسىلەرغۇ؟ توك يوقما؟ — دەپ سورىدىم.

— توك پۇلىغا ئېشىنالماي سىمىنى كەستۇرىۋەتتۇق، بالام، — دېدى دادام ئورۇن - كۆرپىسىگە قىڭغايغاچ، — بىر ئاي دېگەن توخۇنى تاخ، مۇشۇكنى پەش دەپ بولغۇچە بىر دەمدىلا كېلىپ قالىدىكەن. توك پۇلىنى تۆلەمدۇق؟ باشقا پۇللارنى تۆلەمدۇق؟ ئىككى - ئۈچ ئاخشام ياندۇرغان توك پۇلىغا بىر جىڭ ياغ ئېلىپ قويساق ئىككى - ئۈچ ئاي ياندۇرغىلى بولىدىكەن. يېزا دېگەندە توك ياندۇرمىساقمۇ، كۈن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بالام.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. بىر تۇرۇپ «ئاتا - ئانام توك پۇلىنىمۇ نېمانچە قىلىدىغاندۇ؟ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ يورۇق ئولتۇرسا بولمامدىغاندۇ؟» دېگەننى ئويلىسام، بىر تۇرۇپ «بۇ مەھەللىدە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى - ھە؟! جەمئىيەت كەينىگە ماڭماي ئالدىغا ماڭسىچۇ! كادىرلار نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

— بىزمۇ ئاشۇ چىراغقا ئۇخشاپ قالدۇق، بالام، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دادام بىر ھازادىن كېيىن يوتقىنىنى چۈمكىگەچ، — كۆرگەن كۈنۈمنى ئويلىسام، يۈز ياشتىن ئېشىپ كەتتىمىكىن دەيمەن. كۆرىدىغان كۈنۈم، يەيدىغان رىزقىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئادەم دېگەن چىراغقا ئوخشاش مەخلۇق. چىراغنىڭ يېغى تۈگىسە ئۆچۈپ قالىدۇ. بىز سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى، پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، بالام!

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، دادا؟ — دېدىم دەررۇ دادامنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — بىر ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز مانا؟ ئۇنداق خىياللارنى قىلغۇچە يېگۈڭىز بارنى يەپ، كىيگۈڭىز بارنى كىيىپ، بىر كۈن بولسىمۇ كۆڭلىڭىزنى خۇشال تۇتۇپ ئۆتسىڭىز بولماسمۇ؟

— يۇرت ئىچىدە مەن دېمەتلىك كىشىلەر كۆپ قالمىدى، بالام، — دېدى دادام يەنە بىر پەستىن كېيىن، — پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمايدۇ. جان بار يەردە قازا بار، تونۇغۇن بار ئادەم بۇگۇن يوق. بەختاخۇننى كۆمۈپ قويغىلى تېخى ھەپتە، ئون كۈن بولمىدى. بار - يوقنى بىللە كۆرۈپ، بىر مەھەللىدە تەڭ قېرىغان كىشىلەر ئىدۇق. چامغۇر - زەدەكنى كۆمگەندەكلا كۆمۈپ قويدۇق. ئىنس - جىنغا يامانلىقى تەگمىگەن، خۇدانىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بەش ۋاخ نامىزىنى قازا قىلماي ئۆتكەن ئادەم ئىدى. بەختاخۇن دەپ ئاتىغان بىلەن بەختىنىڭ يۈزىنى بىر كۆرەلمەي ئۆتۈپ كەتتى بىچارە. بۇ دۇنيادا كۆرمىسە ئۇ دۇنيادا كۆرەر!

— قايسى بەختاخۇن ئۇ؟ — دەپ سورىدىم دەررۇ مەھەللىدىكى بەختاخۇن ئىسىملىك بىرنەچچە كىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەچ.

— قايسى بەختاخۇن بولاتتى؟ — دادام بېشىنى مەن تەرەپكە بۇرىدى، — قوشنىمىز بەختاخۇنچۇ، بەختاخۇن كىگىزچى.

شۇئان بەختاخۇن كىگىزچىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ

«ئىم» دەپ سالدىم ئىچىمدە. بەختاخۇن كىگىزچى ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئۆچكە ساقال ئادەم ئىدى. كىچىك چاغلىرىمدا ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى غۇۋا ئېسىمدە. باشقا يۇرتلۇق كىشىلەرگە ئەرگە تېگىپ كەتكەن ئىككى قىزى بولىدىغان. شۇ قىزلىرى ھېيت - ئايەم كۈنلىرى كىچىك باللىرىنى ئېلىپ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان. بەختاخۇن كىگىزچىنى قاچانلا ئۇچراتسام بېشىغا سەللە تەلپىكى، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيىپ يۈرگەن سىياقتا كۆرەتتىم. قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئادەم ئىدى. ئېتىز - ئورەكنىڭ ئىشىدىن قولى بوشىغان چاغلاردا باشقىلارنىڭ كىگىزىنى ئېتىپ بېرىپ جان باقاتتى. ئىش ھەققىگە بىر - ئىككى داس بۇغداي، قوناق بەرسىمۇ ئېلىۋېرەتتى. بىر نەرسە بەرمىسىمۇ «تاپقاندا بېرەرلا» دەپ كېتىۋېرەتتى. مەسچىتتىن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدىن قالمايتتى. ئىگىسى كۆرمىدى دەپ، باشقىلارنىڭ بىر - ئىككى باش قوناق، تۆت - بەش تال ئۆرۈك - شاپتۇل، بىرەر ساپ ئۈزۈم دېگەندەك نەرسىسىگە ھەرگىز قول ئۇزاتمايتتى. ھالال ياشاپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئۇنى بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئۆيگە كەلگەن چېغىمدا كۆرگىنىم ئېسىمدە، ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىم شۇ بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە:

— سىلىنىڭ بىر توخۇلىرى بىزنىڭ ھويلىدىكى پاسارنىڭ ئارىسىدا يېتىپتىكەن، شۇ توخۇنىڭ تۇخۇمىكەن، — دېگىنىچە ئىككى تۇخۇمنى ئېلىپ كىرگەنىدى.

دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەررۇ:

— ئىككى تال تۇخۇمنىمۇ ئېلىپ كىرگەنلىرى نېمىسى؟ بىز ئۇنداق پىتىنىڭ ئۇچىيىدە ھېسىپ قويىدىغان خەق بولمىساق، — دېگەندە، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلىنىڭ ھەققىلىرىنى ئاخىرەتكە ئېلىپ كەتمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمدى، ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئۆزلىرى يېسىلە! — دېگىنىچە ئىككى توخۇمنى دادامغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، چىقىپ كەتكەنىدى.

— ھەممە ئادەم مۇشۇ كىشىدەك بولسا - ھە؟! — دېيىشىپ قالغانىدۇق شۇ چاغدا.

— خېلى تىمەن كۆرۈنەتتى، نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى؟ — دەپ سورىدىم دادام تەرەپكە بېشىمنى بۇراپ.

— ھەي. . . ياشلىقىدا قىلمىغان ئىشنى بىر پۈتى گورغا ساڭگىلاپ قالغاندا قىلىپ. . . ھاراق ئىچىپ ئۆلۈپ كەتتى.

— نېمە؟

ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇنى «كېسەل بولۇپ ئۆلدى»، «ئاچ قېلىپ ئۆلدى»، «مۇزلاپ ئۆلدى»، «تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلدى»، «ماشىنا بېسىۋېلىپ ئۆلدى» دەپ ئاڭلىغان بولسامۇ بىر گەپ ئىدى. لېكىن بەختاخۇن كىگىزچىنى — بەش نامازنى قازا قىلمايدىغان، ئۆمرىدە بىر تال تاماكا چېكىپ باقمىغان، مۆمىن، ياۋاش .بىچارىنى ھاراق ئىچىپ ئۆلدى دېسە كىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن؟

— بىزمۇ ئۆز قۇلىقىمىزغا ئىشەنمىدۇق. ئادەم دېگەن ھەر خىل سەۋەب بىلەن ئۆلىدىغان گەپكەن، — دادام ئېغىر خورسىندى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى. . .

ئانام مورا بېشىدىكى جىنچىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى. شۇئان كۆز ئالدىمغا شەكىلسىز، چەكسىز قاراڭغۇلۇق نامايان بولدى. خىياللىرىم ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كەتتى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىردەم بەختاخۇن كىگىزچىنىڭ بىچارە سىيماسىنى، بىردەم بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۇرۇتى ئىككى سىقىم بېدىدەك كېلىدىغان، قوشۇمىسى كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك تۈرۈلگەن سېلىمشاھ

شۆجىنىڭ سوٚرلوٚك ھالىتىنى كۆرۈۋاتقانىدەك بولماقتا ئىدىم. ئۇلارنىڭ بىرسى يىلىنىپ، يالۋۇرسا، يەنە بىرسى قولىلىرىنى شىلتىپ چالۋاقىغانىدەك قىلاتتى. بىرسى قورقانلىقتىن تىترىسە، بىرسى دەرغەزەپ بولۇپ تىترىگەنىدەك ئىدى. بىرسى يىغلىسا، بىرسى كۈلگەنىدەك كۆرۈنەتتى.

2

ئانارلىق مەھەللىسىدە «قوغاچ بېشى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دوقمۇش بار. بۇرۇن ئاشۇ دوقمۇشتىكى يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئېرىقتا راستتىنلا سېسىپ كېتەي دەپ قالغان بىر كونا قوغاچ بولىدىغان. ئۇ قوغاچ ئۈستىدىن ماشىنا، تراكتور تۈگۈل ئېشەك ھارۋىلىق كىشىلەرمۇ خېلى تەستە ئۆتەتتى. كېيىنكى يىللاردا كونا قوغاچنىڭ ئورنىغا قوشلاپ سېمونت قوغاچ قويۇلۇپ، قوغاچ ئۈستى ئازادە، توپتوز يولغا ئايلانغانىدى. بۇ يەرگە كىمدۇر بىرسى توك تۈگمىنى چۆرىگەندىن كېيىن، قوغاچ بېشى كوندە دېگۈدەك ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. تۈگمەن تېشىنىڭ گۈلدۈرلىگەن، تاقىلدىغۇچىنىڭ تاقىلدىغان، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشقان ئاۋازلىرى كېچە - كۈندۈز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىشكەن، غەمسىز كىچىك باللار قوغاچ ئىچىدە، تۈگمەن ئەتراپىدا قى - چۇ قىلىشقىنىچە بىرسى - بىرسىنى قوغلىشىپ ئوينىشاتتى. سۇ كەلگەن چاغلاردا جېنى ئىچىگە پېتىشماي، قوغاچ ئۈستىدىنلا ئېرىققا موللاق ئاتاتتى. سۇدىن چىقىپ، قۇم توپىغا مىلىنەتتى. توپىدىن قوپۇپ يەنە سۇغا موللاق ئاتاتتى. ياشلار كونا تاغار، يا بىرەرسىنىڭ چاپىنى دېگەندەك نەرسىنى قوغاچ ئۈستىگە يېيىپلا ئەتىگەندىن - كەچكىچە قارت ئوينىشاتتى. بەزىدە تېخى قارت تالىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈجە ــ خورازدەك بىر ــ بىرىگە ھۇرپىيىشىپ كېتىشەتتى. ئوتتۇرا ياشلىقلار قوغاچ ئۈستىگە قونۇپ ئولتۇرۇشقىنىچە تاماكا چېكىشەتتى. چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. ياشانغانلار تۈگمەن تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقىنىچە مۈگدىشاتتى. جاھاننىڭ ھەممە پاراڭلىرىنى قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى كۈن چىقماستا باشلانسا، كۈن پاتقاندىمۇ تۈگىمەيتتى. شۇ ھالدا بۇ يەردە ئۇ دۇنيانىڭمۇ، بۇ دۇنيانىڭمۇ پارىڭى بولاتتى. چەت ئەلنىڭمۇ، جوڭگونىڭمۇ پارىڭى بولاتتى. ئەرنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ، كادىرنىڭمۇ، دېھقاننىڭمۇ، كالا ــ قوينىڭمۇ، بۇغداي ــ قوناقنىڭمۇ ــ ھەممىنىڭ پارىڭى بولاتتى.

بىر كۈنى بۇ يەردە بەختاخۇن كىگىزچىنىڭمۇ گېپى چىقىپ قالدى.

ــ قايسى كۈنى بەختاخۇن كىگىزچى كادىرلار بىلەن غىزىلدىشىپ قاپتىكەن، ــ دېدى تۈگمەن تېمىغا يۆلىنىشكىنىچە سوغۇقتىن سالۋا تەلپەكلىرىنى چۈمكەپ كىيىشىپ، قوللىرىنى كۆرەك جۇۋىلىرىنىڭ يەڭلىرىگە تىقىشىپ، شۈمشىيىپ ئولتۇرۇشقانلار ئارىسىدىن چارساقال، ئورا كۆز ئادەم، ــ چىقاننىڭ ئۈستىگە كۈدۈمبا چىققاندەك ئاخشام يەنە غىزىلدىشىپ قاپتىمىش. ئۇنىڭغا سېلىمشاھ شۈجى جىق ئاھانەت قىلغانمىش.

ــ بەختاخۇن كىگىزچى كاشىلا تېرىپتۇ مانا، ــ دېدى ئولتۇرغانلاردىن كەكە ساقال، گەزنە يۈز بىرسى، ــ ئۆزى تىكەندەك يالغۇز جان ئادەم بولغاندىكىن، كادىرلار نېمە دېسە ماقۇل دەپ جان ساقلىماي ــ ھە؟ تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى نەدە بار؟

ــ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان ياۋاش ــ يۇمشاق ئادەم تۇرۇپ سېلىمشاھ شۈجىغا گەپ ياندۇرالاپتىما؟

ــ ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە دېگەن شۇ ــ دە.

ــ نېمە تالىشىپ قاپتۇ ئۇلار؟

— نېمە تالىشاتتى؟ — دېدى بايىقى چارساقال، ئۇرا كۆز ئادەم، — بىر ئۇچى بىلەكتىكى، بىر ئۇچى يۈرەكتىكى قەغەزنى تالاشامدۇ؟ كادىرلار ئالىمەن دېگەن. دېھقان يوق دېگەن. شۇ گەپ ئەينا.

— ھەي، سېلىمشاھ شۇجىمۇ پەقەت گەپ يېمەس بولۇپ قالدى مۇشۇ كۈندە. بېرىپ تۇرساڭ ياخشى، بېرەلمىسەڭ بىردەمدىلا ئەسكى بولغىنىڭ بولغان، ئىككى كۈن توختاپ تۇرسىلا، پۇل راسلاپ بېرەي دېسە، يا ئاڭلىمىغان، يا دېھقانىنىڭ ئۆيىدە پۇل زاۋۇتى بولمىسا.

— موزاي كالىنى دورىمامدۇ؟ ئۇنىڭ بوۋىسى ھېلىمشاھ يۈز بېشىمۇ شۇنداق باغرى تاش ئادەممىشكەن.

— ھاي! — دېدى ئارىدىن بىرسى ئەتراپىقا نەزەر سالغاچ، — «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ يانبۇلۇڭغا باق! كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق!» دەپتىكەن. سېلىمشاھ شۇجىنىڭ خوي - پەيلى ئەسكى، تەخسىرەتكە كەتمەيلى يەنە. ئاغزىمىزغا ھېزى بولۇپ سىڭگەن نېنىمىزنى يېگىنىمىز ئەۋزەل.

— شۇجى بولىۋالدىم دەپ ئەزانى كۆزگە ئىلمىسە، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ئۇز گېپىنى قىلغۇسى كەلمەيدىكەن ئەينا.

— يىغىدىغان پۇلنى كۆزلۈكتە ھەممە ئادەم پاختىنى سېتىپ، يانچۇقى پۇل كۆرگەن چاغدا يىغماي، يانچۇق قۇرۇقدىلىپ قالغاندا پۇل دېسە كىمنىڭ قولىقىغا ياقىدۇ؟

— سۇنى سىڭگەن يەرگە سىپىپ، قوزۇقنى ماڭغان يەرگە قاققۇلۇق، بۇ كۈنلەردە «كاناي ياغلىغلى ياغ بولمىسا، سۇناي ياغلىغلى ياغ نەدە؟»

— كادىرلار تۇنۇگۈن بىزنىڭ ئۆيگىمۇ پۇل دەپ بېرىشقانىكەن. ئاڭلاپ ئولتۇرسام سەككىز، ئون تۇرلۇك پۇلنىڭ ئىسمىنى ئوقۇغاندەك قىلىشتى. قارىسام، سېلىمشاھ

شۇجىنىڭ ئەلپازى يامان. بىر ئۆيىنىڭ تۇز ـ گۇگۇت، تۇگمەن غەللىسى دېگەندەك ئىشلارغا ئەسقاتار دەپ، چېشىمنىڭ كاۋىكىدا ساقلىغان پۇلنى ئېلىپ بەرمەي بولمىدى. كېيىمغا ئىككى كۈن مۆھلەت بېرىشتى. مۆھلەت ئىچىدە بەرمىسەم جەرىمانە تۆلىگۈدەكمەن. بۇ ئىككى كۈندە قانداق پۇل قامداشنى ئۆزۈممۇ ھېچ بىلمەيمەن. ئۆيدە بارنى بېرىپ سويغان پىيازدەكلا قالدىم. تۇگمەن غەللىسىگىمۇ پۇل يوق ئەمدى.

ـــ ھەممە ئۆيدە قازاننىڭ قۇلىقى تۆتكەن. «كالىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ چۈشۈپتۇ» دەپ، مەنمۇ ئولتۇرسام، قوپسام شۇ غەمدە. كادىرلارغا ئەتە بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئىكەنمەن. بۇ مەھەللىدە بىرەرسىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىشقا ھېچ كۆزۈم يەتمىدى.

ـــ يۇرتنى تاشلاپ بىر يەرگە كېتەي دېسە تېخى، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن يۇرتكەن. بولمىسا مەدىكارچىلىق قىلىپ بولسىمۇ كۈن ئالاتتۇق.

ـــ سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئاغزىدىن توختىماي چىقىۋاتقان پۇل سېلىقىنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق، ھېچ بىلىپ بولغىلى بولمىدى مۇشۇ كۈندە؟

ـــ ھەق بولسا ئۆزىمىزگە، ناھەق بولسا ئۆزىگە. جاھاندا سورىقى يوق ئىش يوق. خەقكە يامانلىق قىلسا ئۆزى تارتىشىدىغان گەپ. قىلىۋالدىم، ئېتىۋالدىم دېگەن بىلەن ھېساب ئەمەس. ھېلىمشاھ يۈز بېشىدىنمۇ ئېشىپ قالغان ئالەم بۇ. سېلىمشاھ شۇجىدىنمۇ ئېشىپ قالدۇ تېخى.

ـــ سېلىمشاھ شۇجى بەختاخۇن كىگىزچىگە قانداق ئاھانەت قىپتۇ دېمەمسىلەر؟ ـــ دەپ سورىدى بايىقى چارساقال، ئۇرا كۆز ئادەم ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ.

ـــ قانداق ئاھانەت قىپتۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرسى.

— سېلىمشاھ شوجى بەختاخون كىگىزچىنىڭ يۈزلىرىگە تۆكۈرۈپ، ئۇستۇۋېشىغا توپا چېچىپ، ئېغىزىغا ئالغىلى بولمايدىغان سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ، تۆگۈلۈپ سالغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇپتۇ.

— ئۇنچە قىلىپ كەتمىسىمۇ يېنىدا پۇل بولسا بەرمەسمىدى؟ بىر ۋاقلىقىغا تاپسا، بىر ۋاقلىقىغا يوق، ئاران ئۆرە مېڭىپ يۈرگەن ئادەم تۇرسا ئۇ. كىگىزچىلىك ھۈنىرى بار، دېگەن بىلەن ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا يۈز كوي پۇلنى سالغىلى بولىدىغان ھۈنەرمىدى ئۇ؟ يېقىندىن بېرى كېسەللىنىشكەن ئۇ بىچارە. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ - دە. ئېھتىمال، ئېغىلىدا تۆت تەڭگىگە يارايدىغان بىرەر پاقلىنىمۇ يوق ئۇنىڭ.

— ھەي! جاھاندا نېمە تەس دېسە، دېھقانىنىڭ كۈن ئالىقىدىن تەس ئىش يوقكەن. دېھقان خەقنى ئانىسىنىڭ بىجىقىنى قاتتىق چىشلەپ سالغان خەقمىكىن دېگۈم كېلىدۇ.

— دېھقان خەق دېگەن باشقىلار گەدىنىمىزگە مىنىپ، قەيەرگە ھەيدىسە، شۇ يەرگە مېڭىۋېرىدىكەنمىز.

يىراقتىن بىر توپ كىشىلەرنىڭ غاز سىياقىدا مېڭىپ، قوغاچ بېشىغا قاراپ كېلىۋاتقان قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار ئاللىقانداق پاراڭلارنى سېلىشقىنىچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. تۆگمەن تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقانلار بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇدى. شۇ ھامان پاراڭ توختاپ، ھەممىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. غاز سىياقىدىكىلەر بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. غازنىڭ بېشى بولۇپ كېلىۋاتقىنى سېلىمشاھ شوجى ئىدى. قانات - قۇيرۇقى بولۇپ كېلىۋاتقانلار كەنت مۇدىرى، كونا ساقچى چاپىنى بىلەن سالۋا تەلپىكى پەقەت ماسلاشمىغان ئامانلىق مۇدىرى، قولتۇقىغا چوت قىستۇرۇۋالغان بوغالتىر، سومكا كۆتۈرۈۋالغان كاسسىر، بەزىلىرىنىڭ قوشالتاق كىيگەن ئۆتۈكى كالاپلىشىپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاپاق

قايناپ تۇرغان، بەزىلىرىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ ئارغامچىدەك تومۇر ھەم ئۇزۇن ئىشتان بېغى تىزىغىچە ساڭگىلاپ قالغان مەھەللە باشلىقلىرى دېگەندەك كىشىلەر ئىدى.

سېلىمشاھ شۇجى ئېگىز بويى، بۇقا گەدەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۇرۇتى ئىككى سىقىم بېدىدەك كۆرۈنەتتى. كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك قات ـ قات تۈرۈلگەن قوشۇمىسى خېلىلا بۆرتۈپ چىققانىدى. ئۇ ئىككى قولىنى قىسقا دىراپ چاپىنىنىڭ ئىككى يان يانچۇقىغا تىقىۋالغانىدى. بېشىدىكى ئىككى غېرىچ كېلىدىغان كۆرپە تەلپىكى بەئەينى خورازنىڭ تاجىسىغا، ھۆپۈپنىڭ سۈپۈچىگە ئوخشاش ئۇنى تېخىمۇ ئېگىز، بەھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇراتتى. قوغاچ بېشىدا بولغان پاراڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىككى غېرىچ كېلىدىغان كۆرپە تەلپىكىنى كۇچالىق دەمدۇ، خوتەنلىك دەمدۇ ئاتاقلىق ئۇستا تەلپەكساز بەش يۈز يەنگە تىكىپ بەرگەنمىش. ئۇنىڭ مىلىك كويىغا ئىككى غېرىچ ئەمەس، ئۈچ غېرىچ كەلگۈدەك تىكتۈرگىسى بار ئىكەنمىش. لېكىن ھېلىقى تەلپەكساز «مەندە ئۇنداق قېلىپ يوق، ئۇنداق قېلىپنى ياساپ تىككەن بىلەنمۇ ئارىسىغا پولات سىم ئورناتمىساق باشلىرىدا ئۆرە تۇرمايدۇ، ھېچقىزىنىڭ پاچىقىدەك قاتلىشىپ خاپا قىلىدۇ» دەپ تىكىپ بەرمىگەنمىش.

كەلگەنلەر ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. ئولتۇرغانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراشقىنىچە يەنە پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇلار بىرسىنىڭ ئۆيىگە پول دەپ مېڭىشتى ھەقاچان، — دېدى چا ساقال، ئورا كۆز ئادەم.

— كىمنىڭ ئۆيىدە قىيامەت قايىم بولىدىغاندۇ ئەمدى؟ — دەپ غودۇڭشىدى كەكە ساقال، گەزنە يۈزلۈك كىشى.

— تەتۇر پېشانە بىرسىنىڭ تۇۋۇقى سىرقىرايدىغان بولدى ـ دە.

— بۇ مەھەللىدە كىمنىڭ پېشانىسى ئوڭ ھازىر؟ ھەممىمىز تەتۇر پېشانە. بىزنىڭ تۇۋۇقىمىزمۇ چۇشكىچە سىرقىرىمىسا كەچكىچە، كەچكىچە سىرقىرىمىسا ئەتىگىچە سىرقىرايدۇ تېخى.

— بەختاخۇن. . . بەختاخۇن كىگىزچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاشتى ئەنە، — دېدى ئاردىن بىرسى بوينىنى سوزۇپ، — قاراڭلار!

ئولتۇرغانلار بىردىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بەختاخۇن كىگىزچىنىڭ ئۆيى تەرەپكە بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى.

— ئۇھ! — دەپ سالدى قوغاچ بېشىدا قاراپ تۇرغانلاردىن بىرسى، — ئاخشام تېخى نۇرغۇن ئاھانەت ئاڭلىسا، بوگۇن يەنە. . . سالجىدەك چاپلىشۋالدىغۇ بولار. پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالىغان بولسىغۇ بىر گەپ ئۇ بىچارە.

— مەن دېمىدىممۇ؟ سېلىمشاھ شۇجى بىلەن سەن ـ پەنلەشكەن ئادەمگە ئۇز كۇن يوق دەپ. نېمە قىلار ئىدى ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن غىڭ بىلدىشىپ؟

— بىچارىنىڭ تۇۋۇقى سىرقىراپ كەتكەندۇ شۇ تاپتا؟ بۇ پەرەزنىڭ خاتاسى يوق ئىدى.

بەختاخۇن كىگىزچى كۇن چۇش بولاي دېگۇچىمۇ تالا ـ تۇزگە چىقمىغان، گېلىغىمۇ تۇزۇك بىر نەرسە يېمىگەنىدى. قوپاي دېسىمۇ پۇت ـ قولىدا ئۆرە تۇرغۇدەك ماغدۇر يوق. ئوچاقتا قالايدىغان ئوتۇننىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. شاخ ـ شۇمبا، پاسار ـ قۇمۇش دېگەنلەر قاردا قېلىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. «سېلىمشاھ شۇجى ئۇنىڭ يۇزلىرىگە تۇكۇرۇپ، ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ يۇزىنى قويمىغان تۇرسا، ئۇ تالا ـ تۇزگە چىقىپ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ پۇل تاپ دېگەن بىلەن ساتا ـ ساتقۇلۇقنىڭ تايىنى بولمىسا، نەدىن تاپىدۇ ئۇ پۇلنى؟ يا ئىسسىق جاننى سېتىشنىڭ ئورنى بولمىسا؟ سېلىمشاھ شۇجى كەلسە بىر پاي ئوق بىلەن ئېتىۋېتەلمەس، ساقىيىپ قوپقاندا بىر گەپ بولار...»

ئۇ شۇنداق ئويلار بىلەن بېشىنى تاشتەك قاتۇرۇپ يېتىۋاتقاندا هويلا ئىشىكى ئەنسىز قېقىلىشقا باشلىدى. سىرتتا بىرنەچچە ئادەم گۇدۇڭشۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بەختاخۇن، هوي بەختاخۇن! كالىدەك ياتماي ئىشىكنى ئاچسىلا! چاپسان بولسىلا، چاپسان! هېلى بولمىسا ئىشىكنى ئۆرۈۋېتىمەن بىكار!

بەختاخۇننىڭ يۈرىكى دەز كەتكەن چىنىدەك جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكىلەرنىڭ كادىرلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئەمدى ئىشىكنى ئاچمىسا بولمايتتى. كادىرلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ سامانلىرى پىرىسلاپ تۇرغان كونا تەكىيىگە جەينىكىنى تىرەپ بېشىنى كۆتۈردى. ئورنىدىن تۇرىۋاتقاندا پۇت ـ قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. كىرلەش خەسە كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كۆرەك جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىدى ـ دە، يالاڭ پۇتلىرى بىلەن هويلىدىكى قار ئۈستىگە غىرىسلىتىپ دەسسەپ چىققىنىچە غارال ئىشىكنى ئاچتى.

— هە... بەختاخۇن، — دېدى سېلىمشاھ شۇجى ئاۋازىنى بوراندەك گۈركىرىتىپ، كۆزلىرىنى مىختەك قادىغىنىچە، — بىز ئىزدىمىسەك بىزنى ئىزدىمەمدىلا؟

— ئە... ئەمدى شۇجى، — بەختاخۇننىڭ پۇت ـ قوللىرى تۈگۈل ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى، — سىلىنى تولا ـ تېرىم يول ماڭدۇرمىسام بولاتتى. قۇ... قورۇق قول ئىزدىيەلمىدىم.

— بۈگۈن قول يەنە قورۇق ئەمەستۇ؟
— ئە. . . ئەمدى شۇجى. . . ھېچ ئىلاج قىلالمىدىم.
— ئاخشام بىز سىلىگە نېمە دېگەن؟ بۈگۈندىن قالمىسۇن دېمىگەنمىدى؟
— شۇ. . . شۇنداق دېگەن شۇجى. ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇپلا، كېسەل بولۇپ قېلىپ پۇلنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدىم.
— يوتقاندىن چىقماي ياتسىلا كىم ئىلاجىنى قىلىپ بېرەتتى؟
— ئە. . . ئەمدى شۇجى، يامان كۈنكەن بۇ، سىلى بىزگە ئاتا، بېغىمدا ئۈچ - تۆت توپ تېرىكىم بار ئىدى. شۇنى سېتىپ پۇل قىلىپ بولغۇچە ئىككى - ئۈچ كۈن مۆھلەت. . .
— بولمايدۇ، — دەپ ھۆركىرىدى سېلىمشاھ شۇجى، — تۈنۈگۈن كەلسەك ئەتە دېگەن، بۈگۈن كەلسەك يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن، ئانىسىنى مىڭ ئۇنداق ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ! كىمنى ئەخمەق قىلىلا؟ قەلەندەرمۇ بىز كۈندە خەقنىڭ ئىشىكىنى قاقىدىغان؟
— يوقسۇ شۇجى، يوقسۇ، — دېدى تېخىچە يالاڭ ئاياغ قارغا دەسسەپ تۇرغىنىچە پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەۋاتقان بەختاخۇن، — ئەمدى ئالدىلىرىدا مەنمۇ خىجىل.
— سىلى ھېلىمۇ خىجىل بولمايدىكەنلا! — دېدى قولتۇقىغا چوت قىستۇرۇۋالغان بوغالتىر سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەچ.
— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ چۇرقىراشتى باشقىلار تەڭلا، — ھېلىمۇ خىجىل بولمىدى بۇ ئادەم. ئىشىمىز يوق بىكار قالغان ئادەممۇ بىز؟ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ، خەلقنىڭ خىزمىتى ئەمەسمۇ؟ تەشكىل ئورۇنلاشتۇرمىغان ئىشقا ئاغزىمىزنىڭ بىر قات تېرىسىنى ئۇپرىتىپ يۈرەمدىمىز بىز؟
— بىزگىمۇ تەڭلىك. بىزنىڭمۇ ئىسسىق ئۆيىمىز يوقمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلغان گۇناھقا ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يامىدەك ئېزىلىپ يۈرىدىغان گەپكەن. پۇلنى ۋاقتىدا يىغىپ يېزىغا ئۆتكۈزمىسەك بىر ياز خاپىلىق تارتىپ قىلغان خىزمەتنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ خەق ئۇچۇن ئىشەك گۆشى يەپ، يېزىنىڭ ئىزا - ئاھانىتىنى بىز ئاڭلايمىز. بۇ خەقنىڭ يېنىدىن ئۆتمىگەن. بىز نېمە كويدا، بۇ خەق نېمە كويدا؟

— تىرىك جان بولغاندىكىن بىر ئامالىنى قىلماي - ھە؟ قولۇم - قوشنىلاردىن ئۆتنە - يېرىم قىلىپ، كېيىن پۇلغا ئېرىشكەندە بەرسىمۇ بولاتتىغۇ؟

بەختاخۇن بىر توپ قۇشقاچ جاۋىلدىشىۋاتقاندەك سۆزلەپ، قايناپ كەتكەنلەرنىڭ قايسى بىرىگە جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

— سىلىنىڭ گەدەنلىرىدىكى پۇل ئاز پۇل ئەمەس، — دېدى بايىقى قولتۇقىغا چوت قىستۇرۇۋالغان بوغالتىر قولىدىكى خاتىرە بېتىنى ۋاراقلىغاچ، — چارۋا توختام پۇلى، ئوغۇت قەرزى، فوندى يەر پۇلى، سۇ راسخوتى، دېھقان بېجى، چاشقان دورىسى پۇلى، تىراكتور كىراسى، سۇغۇرتا پۇلى، بېدە ئۇرۇقى پۇلى، پىلە باقمىغاننىڭ جەرىمانىسى، گېزىت - ژۇرنال مۇشتەرى پۇلى، ئۆستەڭ مۇھاپىزەت ھەققى، نامراتلارغا ياردەم. . . سىلى بۇلارغا بىر سىنىت ئۆتكۈزمەي ھەممىسىنى يىغىپ ئولتۇردىلا. ئۆز ۋاقتىدا پارچە - پارچە بېرىۋەتمىگەندىكىن، ئەمدى ئېغىر كېلىدۇ مۇشۇنداق. بىزدە باشقا ئامال يوق. تۆلەپ قويۇشنىڭ ئورنى يوق. ئۆزلىرىدىن كۆرۈپ، ھەممىسىنى بېرىۋەتسىلە ئەمدى!

بوغالتىرنىڭ ئاغزىدىن ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك ئارقا - ئارقىدىن چىققان بۇ پۇللاردىن بەختاخۇننىڭ كاللىسى ئېلىشىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئازراق ئېسىگە كەلگەندەك بولدى - دە:

— چارۋا پۇلى دېگەندەك قىلدىلا، مېنىڭ ئېغىلىمدا بىر تال مۈشۈك چاغلىق مېلىم يوق ئىدى، ئىشەنمىسىلە ئېغىلىمغا باشلىرىنى تىقىپ بېقىشقان بولسىلا، — دەپ غۇدۇڭشىدى بوغالتىرغا قاراپ.

شۇئان سېلىمشاھ شۇجى قۇيرۇقىغا يانتاق قىسىلىپ قالغان ئېشەكتەك، سالجى چاپلىشىۋالغان مايمۇندەك، قۇيرۇقىنى ئىشىك قىسىۋالغان مۈشۈكتەك چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك تۈرۈلگەن قوشۇمىسى تېخىمۇ قاتلىشىپ، بۇرۇتى بەختاخۇننىڭ تېخىچە قارىغا دەسسەپ تۇرغان يالاڭ ئاياغ پۇتىدىنمۇ ئۆتە دىرىلدەپ كەتتى.

— ھۇ، پايتىما كىگىز، پەسەندى! ئېغىلىڭدىكى قويلىرىڭ نەگە كەتتى سېنىڭ؟ چارۋا توختام پۇلى يىغدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، ئاناڭنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويدۇڭما؟

— يوقسۇ شۇجى، ئەمدى. . . بىردىن - يېرىمدىن سېتىپ ئىزى قۇرۇپ قالدى.

— ئۇزۇڭ سېتىپ خەجلەپ بولۇپ، يالاڭ تۆشلىكىڭنى كۆرسىتىپ تۇرامسەن ئەمدى؟ ئېغىلىڭدا بولمىسا بىزنىڭ دەپتەردە بار!

— ساتقان بولسام ئەتىيازدىن بېرى راسخوت تۆلىدىم شۇجى، بازاردىن بىر گۆشگىردە ئېلىپ يېگەن يېرىم يوق.

— كىمگە تۆلىدىڭ ئۇ راسخوتنى؟ ئاناڭغىما؟

— ھەرقايسىلىرىغا تۆلىگەندىمەن، شۇجى؟

— تۆلىگەن بولساڭ گەدىنىڭدە ئىششەك پۇل يىغىلىپ قالامتى، سېسىق پايتىما؟

— تۆلەپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدىكەن ئەينا. تۆلىمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگەن يېرىم يوق. يەنە بەر دېسىلە بېرەي دېدىم، شۇجى.
— قاچان بېرىسەن؟
— پۇل تاپقاندا بېرەي، شۇجى.
سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئاۋازى بارغانچە قارا بوراندەك گۈركىرىمەكتە، قوللىرى بوراندا قالغان قارانچۇقتەك پۇلاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ بەختاخۇننى قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىشكە، چىرايى تاتىرىپ شۇمشىيىپلا كەتكەن بەختاخۇن قەدەممۇ قەدەم ئارقىسىغا داجىشقا باشلىدى.
— بەرسەڭ بۈگۈن بېرىسەن! بۈگۈن بەرمىگىنىڭنى كۆرەي قېنى!
— بۈگۈن مەندە ئىسسىق جاندىن باشقا نېمە يوق. ئالاي دېسىلە شۇنى ئالسىلا مانا!
شۇ گەپ بىلەن تەڭ بەختاخۇن ئارقىسىغا داجىشتىن توختاپ، قەددىنى رۇسلىغانىدى. ئۇستىگە يېپىنىۋالغان كۆرەك جۇۋىسى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن سېلىمشاھ شۇجى يولۋاستەك بىر يۇلقۇنۇپلا بەختاخۇننىڭ گېلىنى سىقتى ـ دە، يەردىن ئۈزۈپ دەس كۆتۈردى. شۇ تاپتا سېلىمشاھ شۇجى راستتىنلا يىرتقۇچ يولۋاسقا، بەختاخۇن بولسا يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ ئاغزىدىكى بىچارە قوزىغا ئوخشاپ قالغانىدى. «يولۋاس»، «قوزا» نى ئۇيان ـ بۇيان گۈۋشىمەكتە، «قوزا» نىڭ پۇت ـ قوللىرى يەرگە تەگمەي پۇلاڭلىماقتا ئىدى.
— ھۇ، پايتىما كىگىز، پەسەندى! بۈگۈن يا گەدىنىڭدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالماي قويمايمەن، يا سەن پەسەندىنى كىگىز ئېتىپ پىشۇرىمەن! . . .
— مىلتىقىڭ بولسا ئېتىۋەت! تويدۇم بۇ جاندىن، ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى مەندە؟!
سېلىمشاھ شۇجى ئەمدى راستتىنلا «كىگىزچى» گە ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ «كىگىزچى» نىڭ ئېغىر مۇشتىكى

ھەربىر ئۇرۇلغاندا پىلىدەك يەڭگىل «قوي يۇڭى» پىلك - پىلك ئۇچۇپ يەرگە چۈشەتتى. «كىگىزچى» نىڭ كۆچلۈك پۇتلىرى گۈس - گۈس قىلىپ ھەربىر تېپىلگەندە، يەردە سوْنايلىنىپ ياتقان «كىگىز» ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغاندەك يۇمىلىناتتى. قارغا مىلىنىپ كەتكەن «كىگىز» تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. «كىگىزچى» ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر، قولۇم - قوشنىلار قار ئۈستىدە سوْنايلىنىپ ياتقان «كىگىز» نى باش - ئايىغىدىن كۆتۈرۈشكىنىچە ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى.

3

جۇدۇنلۇق ئاسماندىكى قۇياش غۇۋا كۆرۈنەتتى. شىۋىرغان ئۇچۇرۇپ كەلگەن قار توزۇندىلىرى يۈز - كۆزلەرگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. كىمدۇ بىرسى يول بويىدىكى قار ئۈستىگە تۆكۈپ قويغان كۆل، ئەخلەتلەر ئۈستىدە سوغۇقتىن تۆكلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر توپ ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاشقىنىچە بىر نەرسىلەرنى چوقۇشماقتا ئىدى. بىرەيلەن ھويلىسىدا توخۇ، كەپتەرلەرگە دان چېچىپ بېرىۋاتاتتى.

قارغا كۆمۈلگەن مەھەللە يولىدا بەختاخۇننىڭ غىچىرلىتىپ قار دەسسەپ كېلىۋاتقان قارىسى كۆرۈندى. ئۇ سەللە تەلپىكىنى باستۇرۇپ كىيىپ، قوللىرىنى كۆرەك جۇۋىسىنىڭ يەڭلىرىگە تىقىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيدىن تالاغا چىقىپ باقمىغىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالغان، چىققۇدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئاران كېتىپ باراتتى. پۇت - قوللىرى ھېچ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى.

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ يوتقاندا يېتىپ يىغلىمىغان يىغىسى، ئويلىمىغان ئويى، سېلىمشاھ شۇجىنى قارغاپ

خۇدادىن تىلىمىگەن تىلەكلىرى قالمىدى. بۇ ھەپتىدە قولۇم ـ قوشنىلار پايپېتەك بولۇشۇپ دوختۇر چاقىرىپ كېلىشتى. دورا ئىچۈرۈپ، بەدەنلىرىگە قىزىل، كۆك دورىلارنى سۈركەشتى. پۇت ـ قوللىرىغا تۇخۇمنىڭ ئېقىنى سۈركەپ تېڭىشتى. قىزلىرى كېلىپ نۆۋەتلىشىپ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ باقتى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان كىشىلەر يوقلاپ كېلىشتى. بېشىغا ئاش ـ نانلار دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇ بىر چاغلاردا كىگىزىنى ئېتىپ بەرگەن كىشىلەر نېسى قالغان پۇلىنىمۇ ئەكېلىپ بېرىشتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا يولدا ماڭالىغۇدەك ماغدۇرمۇ، پۇل قارىسى كۆرمىگىلى خېلى بولۇپ قالغان يانچۇقىغا يىگىرمە ـ ئوتتۇز كوي پۇلمۇ كىرىپ قالغانىدى.

ئۇ «بۇ ئىشلارنى ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن» دەپ ئويلايتتى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى كىممۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ياخشىلىقى ئۇنى گۆر ئاغزىدىن ياندۇرۇپ كەلدى. ئاغرىقىنى شىپا تاپقۇزۇپ، پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىرگۈزۈپ، ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىنى، ئاچچىق ئەلەم چىرمىغان يۈرىكىدىكى جاراھەتنى كىممۇ ساقايتالىسۇن؟

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ــ دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ئەتىگەندىلا قوغاچ بېشىدا تۇگمەن تېمىغا يۆلەنگىنىچە ئۆز پارىڭىنى باشلاپ، شۇمشىيىپ ئولتۇرۇشقانلار.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى بەختاخۇن ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ.

ــ يوقلاپ كېلەيلى دەپ گەپلىرىنى قىلىشقانىدۇق، ــ دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چا ساقال، ئورا كۆز ئادەم، ــ بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالدۇق مانا، ساقىيىپ قالغان ئوخشايلا؟

ــ ئىنشائاللا، ــ دېدى بەختاخۇن قوللىرىنى كۆرەك

جۇۋىسىنىڭ يېنىغا تىقىپ مېڭىشقا تەمشەلگەچ، — ئۆزۈم ساقايغاندەك قىلغىنىم بىلەن، كۆڭۈلدىكى كېسەل ھەرگىز ساقايماس دەيمەن.

— ئىچىلىرىنى پۇشۇرمىسىلا! — دەپ تەسەللى قىلدى كەكە ساقال، گەزنە يۈز ئادەم، — بىرسىگە يامانلىق قىلسا ئاقىۋەت ئۆزىگە ياندىغان ئۆتنە ئالەم بۇ. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. گۇناھلىرىنى ساقىت قىلار خۇدايىم.

بەختاخۇن مېڭىشقا تەمشىلىپ ئەمدىلا قەدىمىنى يۆتكىگەنىدى، ئارىدىن بىرسى:

— نەگە مېڭىشلىرى ئەمدى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— يېزا تەرەپكە، — دېدى بەختاخۇن.

— يېزا تەرەپكە؟ — دەپ ئۇيغىزلىرىنى ئېچىشقىنىچە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى قوغاچ يېشىدىكىلەر.

— ئەرز. . . ئەرز قىلغىلى مېڭىپتۇ ـ ھە؟ — ئۇلار بىر پەستىن كېيىن شۇنداق دېيىشكىنىچە يەنە تامغا يۆلىنىشتى.

— ئەرز قىلسىمۇ قىلسۇنا، ئەرز قىلىدىغان يەرگىمۇ يەتتى. . .

— ئەرز قىلسا، چاشقاننىڭ ئەرزىنى مۇشۇك سورىغاندەك ئىشقا يولۇقۇپ قالماس ـ ھە؟

— قانۇن ئادىل بولسا ئۇنداق ئىش بولۇپ قالماس.

— ئەمدى. . . قانۇننىڭ قېشىدىكىلەرمۇ ئادەم. گېلى ياغلىشىپ قالغان بولسا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. سېلىمشاھ شۇجى قولىنى قەيەرگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان ئادەم ئۇ.

— مەن تاياق زەربىدىن ئۆلۈپ قالامدىكىن دېگەن ئىدىم ئۇ بىچارىنى، ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ. ئادەمنىڭ جېنىمۇ خېلى مەزمۇت نەرسىكەن.

— جاننى ئەزرائىل ئۆزى ئالمىسا، ئۆلۈۋالاي دەپ ئۆلۈۋالغىلىمۇ بولمايدىكەن. «چاشقان دورىسى تېپىپ بېرىڭلار»

دەپ نىيىتىنى خېلى بۇزۇپ باققانىمىش. قىزلىرى ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۆيدىكى پىچاق، ئارغامچا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىقىپ قويغانىمىش.

— ئۇ بىچارىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بولسا بىزمۇ نېمىلەرنى ئويلىماس ئىدۇق - ھە؟ ئادەم دېگەن خامسۇت ئەمگەن نەرسە، جان ئاچچىقىدا ئەمدى. . .

— ئۇۋال بولدى ئۇ بىچارىگە.

— يېزىغا بارسا بېرىپ باقسۇن قېنى، ئاغزىغا نان يېگەن باشلىق بولسا ئۇنىڭغا ئۈچ ئاغرىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بەختاخۇننىڭ قارىسى بارا - بارا يىراقلاپ، ئاخىر كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ يەردە ئەمدى باشقا پاراڭلار بولۇشقا باشلىدى. سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئالا كالىسى يېقىمىندا بىرنى موزايلىغانىكەن، موزىيىنىڭ تۇۋۇقى يەرگە تەگكىلى ھەپتە بولماستا ئىككى مىڭ كويغا بەرمىگەنىمىش. چارقولاق دولان قويلىرىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلمىغان قوزىلارنى كىملەردۇ ئىگىلەپ، پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغانىمىش. سېلىمشاھ شۇجىنىڭ بالىسى ئەمدى تىراكتور ھەيدىمەي، «شالى» ئېلىپ كىراغا سالماقچىمىش. سېلىمشاھ شۇجىنىڭ قولىدا 30—40 مودىن ئارتۇق يەر بارمىش. ئۆزىنىڭ يەرلىرىگە سۇ راسخوتى، دېھقان بېجى دېگەندەك پۇللارنى يېقىن ئەكەلمىگەنىمىش. ئورمىسىنى ئورۇپ، خامىنىنى ئېلىپ بەرگەن، پاختىسىنى تېرىپ، قونىقىنى چېپىشىپ بەرگەن كىشىلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ھەل قىلىپ بەرمەكچىمىش. . .

يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدى تەرىپى قاتار دۇكانلار سېلىنغان رەستە ئىدى. دەرۋازىدىن ئاندا - ساندا ماشىنا ياكى ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. رەستىدىكى پاتقاقتىن قېچىشقان، سوغۇقتىن دۈگدىيىشكەن ئادەملەر دۇكانلارنىڭ لەمپىسى ئاستىدا قورۇق پاراڭ سېلىشىپ، تاماكا

چېكىشىپ ياكى قارت ئويۇنىنى ئولتۇرۇشاتتى. ئاشخانا، ساتىراشخانىلاردىكى ئۇنئالغۇ، سىنقويغۇلارنىڭ ئاۋاز ياڭراتقۇچلىرىدىن بەس ـ بەستە ياڭراتقان سادالار ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بۇ سادالاردىن قايسىسىنىڭ ناخشا، قايسىسىنىڭ مۇزىكا، قايسىسىنىڭ گەپ ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولمايتتى. دوقمۇشتىكى ناۋاينىڭ گۆشگىردىسىگە بىر توپ كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى.

بەختاخۇن دەرۋازىدىن كىرىپ خىزمەت بىناسىنىڭ چىنە خىش ياتقۇزۇلغان ئازادە، يورۇق، پاكىز كارىدوردا بىردەم تىمىسقىلاپ يۈردى. بىرنەچچە ئىشىك ـ دېرىزىلەردىن بويۇنداپ قاراپ قويدى. كىملەر بىلەندۇ دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ بىرسىدىن يېزا رەھبەرلىرىنىڭ يىغىن ئېچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمىگىدۇ ئىككىلەنگەندەك بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ دوقمۇشتىكى ناۋاينىڭ تونۇر بېشىغا كەلدى.

ئۇ بۇگۈن يېزا رەھبەرلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن كۆرۈشەلىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ نېمىدەپ ئەرز قىلىشىنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە «بولغۇلۇق بولۇپ بولدى. بىرەرسى بىلەن كۆرۈشكەن بىلەنمۇ تاياقتا تاياق ئېلىپ بېرەلەمدى؟ گەدىنىڭدىكى پۇلنى تۆلىمەي كادىرلار بىلەن نېمىشقا ئۇرۇشتۇڭ؟ دەپ گۇناھ ئارتامدۇ تېخى؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، سەل ئىككىلىنىپمۇ قالغانىدى.

ئۇنىڭ كۆز يېشى تېخى توگىمىگەن ئىكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز چانىقىغا توشقان ياشلار يوپۇرماق ئۇچىدا ئېسىلىپ قالغان شەبنەم تامچىسىدەك تۆكۈلەي ـ تۆكۈلەي دەپلا قالغانىدى. ناۋادا بۇ رەستە بولمىغان، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرمىغان بولسا، بىراقلا تۆكۈلۈپ كەتكەن بولار ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئادەملەر شۇنچە خۇشال كۆرۈنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇ بولسا ئۆزىنى مۇسىبەت ئىگىسىدەك، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىمدەك، ئىگە-چاقىسى يوق پاناھسىزدەك، خەقلەر بوزەك قىلسا يان باسىدىغان ئادىمى يوق بىچارىدەك، سەرسانلىقتا بېشى قېتىپ، تەمتىرەپ يۈرگەن مۇساپىردەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

تونۇر بېشىغا ئولىشىۋالغانلار ماچىلدىتىپ گۆشگىردە يېيىشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ساقاللىرىغا، بارماقلىرىغا، چاپىنىنىڭ پېشىگە تېمىپ كەتكەن گۆشگىردە شورپىسى بەئەينى شام ئىچىسىدەكلا ئۇيۇپ قالغانىدى. تونۇر بېشىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گۆشگىردە سېتىۋاتقان، يۈزلىرى بەئەينى گۆشگىردىگىلا ئوخشايدىغان سېمىز ناۋاي شۇنچە سوغۇقتىمۇ تەرلەپ-تەپچىرەپ كەتكەنىدى. ئۇ ھە دەپ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرايتتى.

— ۋاي ئاللا-ئاللا. . . گۆشگىردە يە باللا! چولۇق تاۋۇزدەك پىشتى مانا. يېمىسەڭمۇ قاراپ قوي! گۆشنى ئاز تىق دېسەم، مېنى قەستلەپ بىر ئۇچتىن تىقىپتۇيا بوگۈن باللا. كەتسە ئەلكۈنگە كېتەر، پولۇڭنىڭ لەززىتىنى كۆر مانا!

تونۇر بېشىدىكىلەر گۆشگىردە يېيىشكەچ ناۋاينىڭ گەپلىرىگە پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى.

بەختاخۇن بۇلارغا قاراپ بىر گۆشگىردىنى يېرىپ يېيەلمىگىنىگە خېلى زامانلار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، «ئۆلۈپ قالىدىغان جانغا نېمانچە قىلارمەن؟ يېمەي-ئىچمەي تاپقىنىمنى كادىرلارغا تۆلەپ يەنە مەن ئەسكى بولدۇمغۇ؟» دېگەننى ئويلاپ، تونۇر بېشىغا ئولىشىۋالغانلار ئارىسىغا قوشۇلدى.

مەززىلىك گۆشگىردىمۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر لەززەت بېغىشلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۆز ئالدىدىكى كىشىلەر يەنىلا شۇنچە خۇشال-خۇرام كۆرۈنەتتى. چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى بولسا ھەرە كۆنىكىدەك مىڭ بىلدايىتتى. چانىقىدىكى ياشلار يوپۇرماق ئۇچىدا ئېسىلىپ قالغان شەبنەم تامچىسىدەك تېخىچە لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ بىر گۆشگىردىنى يەپ بولغۇچە نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى. يۈرىكىدىكى ئاچچىق دەرد - ھەسرەتلەرنى ئەسلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆز ئالدىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش كۈلۈپ ياشىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ شۇ ھالدا غەلىتە بىر خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، سىرتتىن خېلى چوڭ كۆرۈنىدىغان بىر دۇكانغا كىرىپ، مەشكە قولىنى قاقلاپ، چاي ئىچىپ ئولتۇرغان رويپاچ ئايالدىن:

— دۇكانلىرىدا ھاراق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا.

ئۆگزىدىن بىرسى ئالدىغا ئۇتۇن تاشلىغاندەك چۆچۈپ كەتكەن رويپاچ ئايال:

— بۇ ئىشەك سۈيدۈكى ساتىدىغان دۇكان ئەمەس، — دېدى توڭلۇق بىلەن، — ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى شوپاڭخانىغا كىرىپ سورىسىلا!

ئۇ بۇ ئەلەمنىمۇ ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ئۇدۇلدىكى «شوپاڭخانا» نىڭ ئىشىك ئالدىغا باردى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىكنى ئىتتىرىپ، كىرەي دەپ تۇرۇشىغا بەدبۇي پۇراپ، يۈزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن سېلىمشاھ شۇجى بىلەن بوسۇغا ئۈستىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇ ھالدىن ئۇلاردىن ھەر ئىككىلىسى بىر پەس ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئارقىدىنلا بىرسى بىرسىگە كۆزلىرىنىڭ نەشتىرىنى سانجىشتى - دە، ياندىشىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. بۇ ئىشتىن بەختاخۇننىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپلا كەتتى. چۈنكى ئۇ ئۇمرىدە تۇنجى قېتىم سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئالدىدا بېشىنى تىك تۇتالىغاندى. ئۇ ئالىيىپ قارىغان بولسا، ئۇمۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قارىغاندى. سېلىمشاھ

شۈجى كىرەلىگەن يەرگە ئۇمۇ قەدەم باسالىغان، ئۇ قىلغان ئىشقا ئۇمۇ نىيەت قىلغانىدى.

بەختاخۇن ئىشكتىن كىرىپ كەتتى. سېلىمشاھ شۈجى بولسا يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى تەرەپتە كۆزدىن غايىب بولدى.

— شوپاڭخانىڭىزدا ھاراق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بەختاخۇن ئىشكتىن كىرىپلا دېرىزە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرغان خۇرۇم شەپكىلىك دۇكانچىدىن.

— بۇ دېگەن شوپاڭخانا ئەمەس، دۇكان، — دېگىنىچە قوشۇمىسىنى تۈردى دۇكاندار، — ئېغىزلىرىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسىلا.

بەختاخۇن شۇئان ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىپ سالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، خىجىل بولغان سىياقتا:

— خاپا بولماڭ، ئۇكام! بايا بىر خېنىم شۇنداق دېسە مەن ئۇقماي. . . — دېگىنىچە خۇدۇكسىرەپ تۇرۇپ قالدى.

— دۇكاندا ئىچەملا يا ئېلىپ كېتەملا؟ — دەپ سورىدى دۇكاندار سەل ئاچچىقى كەلسىمۇ ئالدىغا كەلگەن خېرىدارنى ياندۇرىۋەتكۈسى كەلمەي.

— سەل ئىچىم پۇشۇپ قالغان، ئۇكام، بولسا مۇشۇ يەردىلا. . . — دېگىنىچە قويۇن يانچۇقىنى كوچىلاشقا باشلىدى بەختاخۇن.

ئۇ ھاراقنىڭ باھاسىنى، كۆچىنى سوراپ يۈرۈپ ئون يۈەنگە بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى ـ دە، دۇكاندار كۆرسىتىپ قويغان مال جازىسى ئارقىسىدىكى ئىشكتىن كىرىپ كەتتى. ئېگىز ـ پەس ياغاچ ئورۇندۇقلاردا ئۈچ ـ تۆت ياش ئالللىقانداق پاراڭلارنى قىلىشقىنىچە ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىنى يېرىملىشىپ قالغان ھاراق، قورۇق

بوتۇلكا، مىجىپ تاشلاپ قويغان تاماكا قېپى، سەي يۇقى تەخسە، چېچىلىپ كەتكەن چوكا، قالايمىقان تاشلانغان سۆڭەك، گازىر ـ پورچاق دېگەندەك نەرسىلەر بىر ئالغاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىلدى بەختاخۇن ئۇلاردىن تەپ تارتقاندەك بىر هالەتتە.

— ياخشى، ياخشى، كەلسىلە، قېنى بۇ يەرگە! — دېگىنىچە ئورۇن كۆرسىتىشتى ئولتۇرغانلار بىر خىل قىزىقىش بىلەن.

بەختاخۇن بىر بۇلۇڭدىكى بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەندى، ئاردىن بىرسى ئۇنى يېنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئورۇن كۆرسەتتى.

— قوينىڭ ئارىسىغا ئۆچكە كىرىۋالغاندەك ئولتۇرۇۋالماي، ئۆكىلىرىم.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى، — قوينىڭ ئارىسىغا ئۆچكە كىرسە بولىۋېرىدۇ، بۆرە كىرىپ قالسا چاتاق.

شۇئان ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. بەختاخۇنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھىجىيىپ قويدى.

— كەلسىلە، قېنى بۇ ئورۇندۇققا!

بەختاخۇن ئۇلار كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇرۇۋېلىپ، قولىدىكى هاراقنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— سىلىمۇ سوغۇقتىن قېچىپ مۇشۇ يەرنى تېپىپلا ـ دە؟

— ھەئە.

— سىلىمۇ قېرى جاھانگىر ئوخشايلا؟ كونا زاماننىڭ ئادەملىرىگە ھەۋىسىمىز كېلىدۇ دېسىلە. بىز ياش تۇرۇپ، سىلىدەك قېرى جاھانگىرلارنىڭ هاراقنى چىنىغا قۇيۇپ ئىچكىنىنى كۆرسەك پۇرېقىدىنمۇ مەست بولۇپ قالىدىكەنمىز. تېخى سىلى كىرىشىنىڭ ئالدىدا سىلىگە ئوخشاش قېرى جاھانگىردىن بىرسى كىرىپ، سىلى ئولتۇرغان مۇشۇ ئورۇندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپلا يەتتە ـ سەككىز پىيالە هاراقنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ چىقىپ كەتتى دېسىلە. سوغۇق سۇ ئىچكەندەكلا ئىچىدىكەن ئۇ جاهانگىر. قاراپ هەيران قالدىم. ئولتۇرغان بولسا يەنە ئىچەلەيتتى. يېزىدا يىغىن بار ئىكەن.

— سېلىمشاھ شۇجىما؟ — دەپ سورىدى بەختاخۇن، — بويى تۆگىدەك، بورۇتى. . .

— هە، شۇ، شۇ، تونۇيدىكەنلا! ئۆلپەتلىرى ئوخشايدۇ سىلىنىڭ؟ كارامەت ئىچىدىكەن، كارامەت!

— هەئە، ئىچىدۇ. . . ئىچىدۇ، — دەپ قويدى بەختاخۇن خۇددى ئۇنىڭ ئىچكىنىنى كۆرگەندەك بىر هالەتتە گەپ قىستۇرۇپ.

ئارىدىن بىرسى ئۆزىنى مۇئەللىم، سالۋا چاچ بىرسىنى شەهەرلىك ناخشىچى، يەنە بىرسىنى دوختۇر، يەنە بىرسىنى تىجارەتچى دەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بەختاخۇنمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ئۆيىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. كىگىزچىلىك هۈنىرى بارلىقىنى، ئولتۇرغانلاردىن قايسى بىرىنىڭ كىگىز ئېتىدىغان ئىشى چىقسا بىرەر قاغىدىن ئاڭلىسىمۇ بىرىپلا كۆمەچتەك پىشۇرۇپ ئېتىپ بېرىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

مۇئەللىم هاراق قۇيۇپ، رومكىدىكى هاراقنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئالدى، پىيالىدىكى هاراقنى بەختاخۇنغا سۇندى. ئۇ «قېرى جاهانگىر» بولغاچقا، ئۇنىڭغا پىيالىدە هاراق قۇيۇلدى. ئۇ بۇنىڭغا هېچ ئىندىمىدى. ئىككىلەنمەيلا پىيالىنى قولىغا ئالدى، چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان مۇشۇ ئىشقا نىيەت قىلغانىدى، هاراق بىلەن كۆڭلىدىكى دەرد ـ هەسرىتىنى ئۇنتۇماقچى، يۈرىكىدىكى ساقايماس جاراهەتلەرنىڭ ئازابىنى باسماقچى بولغانىدى. سېلىمشاھ شۇجى قىلالىغاننى ئۇمۇ قىلماقچى، ئۇنىڭغا ئوخشاش پىيالىدە ئىچىپ باقماقچى

بولغانىدى. ئۇ پىيالىدە سۈزۈك سۇغا ئوخشاش تەۋرىنىپ تۇرغان هاراقنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ـ دە، شۇئان ئالقىنى بىلەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سۈرتۈپ، پىيالىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— قېرى جاهانگىرلار مۇشۇنداق ئىچىدۇ مانا.

ئولتۇرغانلار هەۋەس بىلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. بەختاخۇن ئۆزىنى بىر پىيالە قوقاسنى ئاغزىغا قۇيغاندەك، قوقاس ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىغا تاراپ گېلىنى، مەيدىسىنى، قورسىقىنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندەك هېس قىلماقتا ئىدى. پىيالىگە قۇيۇلغان هاراق يەنە سۇنۇلدى، ئۇ يەنە كۆتۈرۈپلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. يەنە سۇنۇلدى، يەنە ئىچىۋەتتى، شىرەدىكى بوتۇلكىلار قۇرۇقدىلىپ يەنە بىر بوتۇلكا هاراق تىكلەندى.

بەختاخۇن ئەمدى ئۆزىنى، ئىچ ـ باغرىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپ، خېلى يېنىكلەپ، روهلىنىپ قالغاندەك هېس قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ پارىڭىغا كۈلگۈسى، ئۆزىنىڭمۇ پاراڭ قىلغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى راستىنلا قىزىپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ سىلىدەك بىر دادام بولغان بولسا، — دەيتتى بەختاخۇننىڭ بىر بېقىنىدا ئولتۇرغان دوختۇر هەسرەت بىلەن، — بېشىم ئاسمانغا يەتمەسمىدى؟ بۆشۈكتىكى چېغىمدا قازا قىلىپ كەتكەن ئىكەن. ناتونۇش خەقلەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ ئىچىدىكەنمىز هاراق دېگەننى. هايات بولغان بولسا خەقنى مېهمان قىلغاندىن كۆرە بىللە ئولتۇرۇپ ئىچسەك ئۆز تۇرماسمىدى؟

— دادا دېگەننى ئالماشتۇرۇۋېلىشنىڭ ئورنى يوقكەن، — دەيتتى بەختاخۇننىڭ يەنە بىر بېقىنىدا ئولتۇرغان تىجارەتچى

دەرد تۆكۈپ، ــ ئالماشتۇرغىلى بولغان بولسا سىلىگە ئوخشاش بىر ئادەمگە ئالماشتۇرىۋالغان بولاتتىم. نېمىشقا ھاراق ئىچىسىز؟ دەپ ھەر كۈنى بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتكەن، ئۆزى ھاراق ئىچمىگەندىكىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىكەن.

سورۇندىكىلەرنىڭ ماختاش، تەرىپلەشلىرىدىن بەختاخۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنى بىرنەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندى. ئۇ تەرلەپ - تەپچىرەپ كەتكەنلىكتىن بېشىدىكى سەللە تەلپىكىنى ئېلىپ بىر بېقىنغا قويۇپ قويدى.

مېنىڭمۇ سىلەردەك بىر ئوغلۇم بولغان بولسا، ــ دەيتتى ئۇمۇ ئارمان بىلەن، ــ يۈرىكىم توم تۇرماسمىدى؟ ئىككى قىزىم بار. قىز بالا دېگەننىمۇ باقامدۇ كىشى. بېقىپ چوڭ قىلىپ قويساڭ خەق ئارقىسىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بىرەرسى بىلەن غىڭشىلدىشىپ قېلىپ تاياق يېسەڭ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ھەمدەم بولالمىغان. . .

ئۇ يەنە خېلى گەپلەرنى قىلدى، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيتتى. ئۇ سورۇندىكىلەرنى ئۇچمە، ئۆرۈك پىشقاندا ئۆيىگە بېرىشقا قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىپ قويدى، بولارنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئىككى پارچىدىن كىگىزىنى كۆمەچتەك پىشۇرۇپ ئېتىپ بېرەلمىسە ئارماندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ تەكرار - تەكرار تىلغا ئالدى، ئۇنىڭ خىيالى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى.

مۇئەللىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شەھەرلىك سالۋا چاچ ناخشىچى تامغا ئېسىپ قويۇلغان، تارىسى بىرنەچچە يەردىن ئۈلىنىپ، بىرنەچچە پەدىسىگە يىپ، سىم دېگەندەك نەرسىلەر چىگىپ قويۇلغان كونا دۇتارنى قولىغا ئېلىپ تۇزۇشكە باشلىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇمۇ دېھقانلارغا ئامراقمىش. ئۇنىڭ «دېھقان ئاكا» دېگەن بىر ناخشىسى بولۇپ، بۇ ناخشا

سەنئەت ئۆمىكىگە كۆپ شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەنمىش. ئۇ بۇ ناخشىسىنى ئۇرۇمچى، بېيجىڭ سەھنىلىرىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغانمىش، يېزا ـ قىشلاقلارغا ئويۇن قويغىلى بارسا، بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئۇنىڭ قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ يىغلىشىپ كېتەرمىش. ئۇنى كۆرگەنلا يەردە «ئۆيگە بارايلى، مېھمان قىلىۋالاي» دەپ ئېسىلىپ تۇرىۋالارمىش، ئۇ بۇ ناخشىنى ئاساس قىلىپ «دېھقان ئاكا» دەپ بىر ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلەپ نەشر قىلدۇرماقچىمىش.

دېھقان ئاكا، ۋاي ئاكا،
ئاسماندىكى، ئاي ئاكا.
ھالال مېھنەت ئىگىسى،
ساڭا گۈل تۇتاي، ئاكا.

— ئاپىرىن، ئاپىرىن، — دېيىشكىنىچە چاۋاك چېلىشىپ كەتتى سورۇندىكىلەر.

— رەھمەت ئۇكام! رەھمەت! — ھاياجاندىن ئۆزىنى قويغىلى يەر، قىلغىلى قىلىق تاپالمايۋاتقان بەختاخۇنمۇ سورۇندىكىلەرنى دوراپ چاۋاك چېلىپ قويدى، — سىلەر بولساڭلارمۇ بىز دېھقانلارنىڭ ئىككى ئېغىز تەۋسىيىنى قىلىپ قويۇڭلار!

دېھقان ئاكا، ئاي ئاكا،
ئۈستۈۋېشىڭ لاي، ئاكا.
جاپاكىشى سەن ئەلنىڭ،
دەردلىرىڭگە ۋاي، ئاكا.

بەختاخۇن بىردىنلا ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— مېنىڭ، — دېدى ئۇ بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن بېلىدىكى پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى، بۇرنىنى سۈرتكەچ، — يۈرىكىمنىڭ بېغىشىغا تەگدىيا بۇ ناخشا، بىز دېھقان خەق جاپا ئۈستىگە تۇغۇلغان خەقكەنمىز. دېھقان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەقنىڭ دەردىدىن تولا نېمە بار جاھاندا؟ بىر چىنە قۇيۇپ بېرىڭە، ئۇكام!

ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ يەنە بىر پىيالە ئىچتى. ئىچتىيۇ، شۇ ھامان ئىچ ـ ئىچىدىن بىر نەرسە پارتلاپ چىققاندەك بولۇپ، ئاران ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلگۇردى. . . ئۇي ئىچى تېخىمۇ بەدبۇي پۇراققا تولۇپ كەتتى. لېكىن بۇ چاغدا سورۇندىكىلەرنىڭ بۇ پۇراقتىن سەسكەنگىدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى.

شەھەرلىك ناخشىچى ئالىتاغىل توۋلاپ دۇتار چالماقتا، بەختاخۇندىن باشقىلار ئوڭ ـ تەتۈر چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى قانداق كۆتۈرگۈسى كەلسە شۇنداق كۆتۈرەتتى. پۇتلىرىنى قانداق سىلكىنگۈسى كەلسە شۇنداق سىلكىيتتى. ئوڭ ـ تەتۈر چۆرگىلەپ ھېلى تامغا، ھېلى ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارغا ئۇسسۇيتتى. ھېلى ئورۇندۇقلارغا پۇتلىشىپ يىقىلاتتى، يىقىلغان يېرىدىن ئورۇندۇققا ئېسىلىپ قوپۇپ يەنە ئوڭ ـ تەتۈر چۆرگىلەيتتى، ھەربىر چۆرگىلىگەندە پوتىسىنىڭ ئىككى ئۇچى قاغا قانىتىدەك پۇلاڭلايتتى. ئۇ ئۆزىنىمۇ خىرە ـ شىرە ھاۋادا پۇلاڭلاۋاتقاندەك، قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ھېرىپ قالغاندەك، بىردەم ئۇخلىغۇسى كېلىپ بېشى چۈشۈپ كەتكەندەك بولماقتا ئىدى.

ئۇ ئورۇندۇقلار ئارىسىدا سوزايلىنىپ يېتىپ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، دۇكاندار كىرىپ ئۇنى سىلكىشلەپ، قوللىرىدىن تارتىپ، گەجگىسىنى ئىتتىرىپ يۆرۈپ خېلى تەستە ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا مۇئەللىم، شەھەرلىك ناخشىچى، دوختۇر، تىجارەتچى دېگەنلەرنىڭ قارىسىمۇ قالمىغانىدى.

ــ قوپسىلا دەيمەن! سىلىنىڭ ئۆيلىرى ئەمەس بۇ سوزايلىنىپ ياتقىلى، يەنە ئادەم كىرىدىغان دۇكان بۇ،

گەدەنلىرىدىكى پۇلنى تۆلىۋېتىپ دۇكاننى بىكار قىلسىلا!
— سېلىمشا. . . شۇجىمۇ. . . سەن؟ پۇلدىن باشقا گەپ. . چىقمامدۇ سېنىڭ ئاغزىڭدىن؟ ئۇرۇپ باقە ئەمدى! يا. . . ياقامنى قويۇپ بەر! قولۇمدىن تارتما! ھېلى بىكار. . . يوق ئاتىدىغان مۇشتىكىم بىلەن. . .
— ئۇنداق گېپىڭنى سېلىمشاھ، ھېلىمشاھ دېگەنلىرىڭنى تېپىپ قىل! — دېدى دۇكاندار تېرىكىپ، — گەدىنىڭدە بىر جىڭ ھاراقنىڭ پۇلى قالدى، ئىككى تەخسىنى سۇندۇردۇڭ، ئون بەش كوينى ساناپ بېرىپ چىقىپ كەت!
— شوپاڭخانچىمۇ سەن؟ — دېدى بەختاخۇن بوراندا لەپەڭشىپ قالغان قارانچۇقتەك ئاران - ئاران ئۆرە تۇرغىنىچە، — بىر قېتىم بەردىمغۇ؟
— كېيىن سەن قايتا بۇيرىغان بىر جىڭ ھاراقنىڭ گېپىنى قىلدىمەن ساڭا.
ئۇلار بىر ھازا تىركەشكەندىن كېيىن بەختاخۇن قويۇن يانچۇقىدىكى يەتتە - سەككىز يۈەندەك پارچە - پۇرات پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ دۇكاندارغا سۇندى. كېيىنغا:
— ئەتە كېلىپ ئىككى پارچە كىگىزىڭنى كۆمەچتەك پىشۇرۇپ ئېتىپ بەرمىسەم ئۆلسەممۇ ئارماندا كېتىمەن. . . — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ دۇكانداردىن خېلى تەستە قۇتۇلدى.
رەستىدىكى پاتقاقتىن، سوغۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دۇكانلارنىڭ لەمپىسى ئاستىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلار، تاماكا چېكىشىۋاتقانلار، قارت ئوينىشىۋاتقانلار، دوقمۇشتىكى ناۋاينىڭ گۆشگىردىسىگە ئولىشىۋالغانلار كۆرەك جۇۋىلىق، يالاڭۋاشتاق، ساقاللىرى قوسۇققا ملەنگەن بىر بوۋاينىڭ ئېگىز - پەس دەسسەپ، ئالىجوقا سۆزلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىزلىرىنى كاماردەك ئېچىشىپ، كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىشتى، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، قوللىرىنى چىشلەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئى. . . ئىسسىق جېنىمنى. . . سىلىمشاھ شۇجىغا تىكىپ قويدۇم، — دەيتتى ئۇ ئالدى - كەينى - گە دەسسەپ دەلدەڭشىگىنىچە، — يۈك ئاتمىدىغان مۇشتىكىم بىلەن. . . بېشىنى ياما قىلىپ. . . بۇرۇتىدا كىگىز پايپاق ئېتىپ پۇتۇمغا كىيمىسەم ھېساب ئەمەس.

— ساڭا كۆمەچتەك پىشۇرۇپ ئىككى پارچە كىگىز ئېتىپ بەرمىسەم ئارماندا ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەيتتى ئۇ يەنە ئالدىغا دوقۇرۇشۇپ قالغان كىملەرگىدۇر ئېسىلىۋالغىنىچە، — مەن ئەتكەن كىگىز بالاڭدىن - بالاڭغا قالمىسا بەرگەن تۇزۇڭغا رازى بولما! خەق بۇ كىگىزنى كىم ئەتكەن دەپ سورىسا، بەختاخۇن كىگىزچى ئەتكەن دېسەڭ مەن شۇنىڭغا خوش. . .

— بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغاندا. . . تۇۋا، — دەيتتى تونۇر بېشىدا گۆشگىردە يېيىشىپ ئولتۇرغانلار.

— زامانە ئاخىر بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ ئادەم كۆرمىگەننى كۆرگىلى تۇردىغۇ مۇشۇ كۈنلەردە، — دەيتتى لەمپە ئاستىدا پاراڭلىشىپ، تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرغانلار.

— ئالە شەرىڭنى! تاز بولساڭ مۇشۇنداق گەدەنگىچە بولغۇلۇق مانا، — دەپ كۈلۈشەتتى قارت ئوينىشىپ ئولتۇرغان ياشلار.

بەختاخۇن يولنىڭ ھېلى ئۇ تەرىپىگە، ھېلى بۇ تەرىپىگە دەسسەپ، ھېلى يىقىلىپ، ھېلى قوپۇپ يۈرۈپ ئانارلىق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا كۈن پېتىپ، كەچ كىرىپ قالغانىدى. بىراق، قوغاچ بېشىغا يىغىلىپ قالغان ئادەملەر تېخىچە ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتمىگەنىدى. ياشانغانلار يەنىلا تۆگمەن تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقىنىچە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. كىچىك باللار قوغاچ ئىچىدە، تۆگمەننىڭ تۆت تېمى ئەتراپىدا قى - چۇ قىلىشقىنىچە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىشىۋاتاتتى. تۆگمەن تېشىنىڭ گۈلدۈرلىگەن،

تاقىلدىغۇچىنىڭ تاقىلدىغان، ئىشەكلەرنىڭ ھاڭراشقان ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

بەختاخۇن قوغاچ بېشىغا يېقىنلاپ كەلگەندە مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

ــ ھوي، بەختاخۇن كىگىزچى ئەمەسمۇ بۇ؟ ــ دېدى ئاربىدىن بىرسى.

ــ شۇ، شۇ. . . نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟ تەلپىكىمۇ يوق تۇرىدۇ، ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ ـ يا؟ ــ دېدى يەنە بىرسى.

ــ سېلىمشاھ شوجى بىلەن زوكۇنلىشىپ قېلىپ يەنە تاياق يېگەنمىدۇ يا؟ ــ دېدى يەنە بىرسى.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئالدىغا بارغان بىرسىنىڭ: «ھاراق ئىچىپتۇ، ھاراق»، دەپ ۋارقىرىشى بىلەن ئەتراپتىكىلەر ئۆز قولاقلىرىغا ھېچ ئىشەنمەيلا قېلىشتى.

ــ ھە. . . ھەممىڭلارغا كۆ. . . كۆمەچتەك پىشۇرۇپ، ئىككى پارچىدىن كىگىز ئېتىپ بەرمىسەم، ھېساب ئەمەس، ــ دەيتتى بەختاخۇن قوللىرىنى شىلتىپ ئاران ئۆرە تۇرغىنىچە، ــ ئىسسىق جېنىمنى سېلىمشاھ شوجىغا تىكىپ قويدۇم. . . يوڭ ئاتىدىغان مۇشتىكىم بىلەن بېشىنى يامىدەك ئېزىپ. . . بورۇنىدا كىگىز پايپاق ئېتىپ كىيمىسەم قېنى. . .

شۇ تاپتا بەختاخۇننىڭ دەلدەڭشىشلىرى، ئېگىز ـ پەس گەپلىرى ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە سىغمايۋاتاتتى. ھەممىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدا ئىدى. بۇ كۆزلەر ئاسماندا ئېشەك ئۇچۇۋاتقىنىنى، سۇنىڭ پەستىن ئېگىزگە قاراپ ئېقىۋاتقىنىنى، توخۇنىڭ جىرىم غاجاپ، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەردە سۆرۈلۈپ قالغىنىنى، ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولغان ھېلىمشاھ يۈز بېشىنىڭ تىرىلىپ كەلگىنىنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالەتتە چەكچىيىپلا قېلىشقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھوي، بەختاخۇن، — دېدى ئارىدىن چا ساقال، ئورا كۆز ئادەم زەردە بىلەن، — قېرىغاندا نېمە قىلىق بۇ؟ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ شۇنداق ئىشنىمۇ قىلغان بارمۇ؟

— دە. . . دەردىم يىغلىپ قالدى، — دېگىنىچە كىچىك بالىدەك ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلامسىرىدى بەختاخۇن، — مەن ئىچمەي كىم ئىچسۇن؟ سېلىمشاھ شۇجى ئىچسە گەپ يوق، مەن ئىچسەم گەپ بارما؟

— ئۇ دېگەن ئۇ، سىلى دېگەن سىلى، — دېدى ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاجرىتىشقا تىركىشىپ، — مەسچىتكە قايسى يۈزلىرى بىلەن كىرىلا ئەمدى؟

— يەتتە يېشىمدا موللامغا ئاپىرىپ بەرگەندىن تارتىپ خۇدانىڭ پېشىنى تۇتۇپ كەلدىم. خۇدا مېنى بەندەم دەپ بىرەر قېتىم ئۇلۇك كۆزىدە قاراپ قويدىما؟

— بۇ دۇنيادا قاراپ قويمىغان بولسا، ئۇ دۇنيادا قاراپ قويىدۇ. خۇدايىمنىڭ بەرمەسلىككە ۋەدىسى يوق. ئۇ دۇنيادىكى قىيامەت ئازابىدىن قورقىسىلا بولماسمۇ؟

— ئۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن بۇ دۇنيانىڭ ئازابى يامان بولۇپ كەتسە. مەن ئىچمەي كىم ئىچسۇن ئەمىسە؟

— ساراڭ بوپتۇ، ساراڭ، — دېيىشتى – – ي قاراپ تۇرۇشقانلار، — ئاق قويمۇ ئۆزىنىڭ پېيىدا ئېسىلىدۇ، قارا قويمۇ ئۆزىنىڭ پېيىدا. قىلسا ئۆزىگە قىلار، ئۇنى گەپكە سېلىپ بىزمۇ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالمايلى!

بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئەمدى ھېچكىممۇ «لام – جىم» دېمىدى. لېكىن ئۇ يۈلۈك ئاتىدىغان مۇشتىكى بىلەن سېلىمشاھ شۇجىنىڭ بېشىنى يامىدەك ئېزىپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەتتىنى ئېلىپ بېرىدىغان بولۇپ، خېلى گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيى تەرەپكە ئالدىنى قىلدى. قوغاچ بېشىدىكىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يولنىڭ ھەممىسىگە ئېگىز –

پەس دەسسەپ، ئۆزىچە يىقىلىپ يەنە ئۆزىچە قوپۇپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئىچىنىغىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قېلىشتى. ئارقىدىن ھاراق ئىچىپ مەست بولسا قانداق بولىدىغانلىقى، سوغۇقتا توڭلىمايدىغانلىقى، شۇڭا بەختاخۇنىنىڭ بۇگۈن يالاڭئۇاشتاق بولىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ شۇنچە مەست تۇرۇپمۇ يەنە مەھەللىنى تاپالىغانلىقى توغرىسىدا بىر ھازا مۇلاھىزىلەر بولدى. كېيىن گۇگۇم چۈشۈپ قوغاچ بېشىدىكىلەر ئۆيلىرىگە تاراپ كېتىشتى.

بۇ كېچە يەنە قېلىن قار ياغقانىدى. قېلىن قار دەستىدىن جاھاننىڭ ھەممىلا يېرى ھېچبىر نىشانىسىز، بەلگىسىزدەكلا كۆرۈنەتتى. تاڭ ئېتىپ، ئۆي - ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىشقا، قار تۇسىۋالغان ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى. كىملەردۇر ئىشىك ئالدىدا شارت - شۇرت قىلىپ قار سۈپۈرمەكتە ئىدى. كىملەردۇر ھويلىسىدا توخۇ - كەپتەرلىرىگە دان چېچىپ بېرىۋاتاتتى.

سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئۆيى چوڭ يول بويىدىلا ئىدى. ئۇنىڭ خانىقادەك ئېگىز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىمۇ خېلى كۆركەم ئىدى. ئالىيېشىل سىرلىنىپ، ئەتراپى چىنە خىش بىلەن زىنىنەتلەنگەن ئاشۇ قوش قاناتلىق، ئېغىر تۆمۈر دەرۋازا يولدىن ئۆتكەن كىشىگە سېلىمشاھ شۇجىنىڭ بوۋىسى — ھېلىمشاھ يۈز بېشىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. قوغاچ بېشىدا بولغان پاراڭدىن قارىغاندا سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئاشۇ دەرۋازىسىنى قەشقەرلىك دەمدۇ، خوتەنلىك دەمدۇ، بىر ئۇستا قۇرۇلۇشچى بەش مىڭ يۈەن ئېلىپ ياساپ بەرگەنمىش. سېلىمشاھ شۇجىنىڭ ئەسلىدە قەشقەردىكى ھېيتگاھ دەرۋازىسىدەك، يەكەندىكى ئوردا دەرۋازىسىدەك، خوتەندىكى جەمە دەرۋازىسىدەك ياساتقۇسى بار ئىكەنمىش. لېكىن ھېلىقى قۇرۇلۇشچى: «بۇ دېگەن بولۇڭ - پۇچقاقتىكى يېزا تۇرسا،

خالاغا زەدىۋال تۇتقاندەك، جىتاق خوتۇن قاشلىق ئەتكەندەك قاملاشمايدۇ، ھېچقىنىز ياغلىق ئارتقاندەك مەسخىرىگە قالىلا!» دەپ ئۇنىمىغانمىش.

ئۇپۇق قان بىلەن بويالغاندەك قىزىرىۋاتقان بىر چاغدا ئاشۇ دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكى شاراقلاپ ئېچىلدى ــ دە، ئارقىدىنلا بىر ئايالنىڭ بەكمۇ ئەنسىزلىك بىلەن چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز توساتتىن ئىت قوغلىغان قورقۇنچاق بالىنىڭ ئاۋازىغىمۇ، نان قومۇرىمەن دەپ تونۇرغا چۈشۈپ كەتكەن مومايىنىڭ ئاۋازىغىمۇ، ئېرى كالتەك بىلەن ئۇرغان بىشەم خوتۇننىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشايتتى. بۇ ئاۋاز تاغلاردىن ئەكس سادا يانغاندەك ئاڭلىنىپ، جىمجىت مەھەللىنى بىردىنلا ۋەھىمىگە سېلىۋەتتى. بۇ ئاۋازدىن ئاۋۋال سېلىمشاھ شوجىنىڭ ئۆيىدىكىلەر، كېيىن قولۇم ــ قوشنىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئانارلىق مەھەللىسىدىكىلەر چۆچۈشۈپ، سىرتقا يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. سېلىمشاھ شوجىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ، غاراسلىتىپ قار دەسسەپ يۈگۈرۈشىۋاتقانلارنىڭ دۇپۇرلەشلىرىدىن يول بويلىرىدىكى دەل ــ دەرەخلەرمۇ سىلكىنىپ قار توزىتىۋەتتى.

سېلىمشاھ شوجىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىشقان بىر توپ كىشىنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك، جامدەك چەكچىيىپلا كەتكەنىدى. چەكچىيىپ كەتكەن ئاشۇ نۇرغۇن جۇپ ــ جۇپ كۆزلەر ئالدىدا بەختاخۇن كىگىزچى يۇڭ ئاتىدىغان مۇشتىكىنى چىڭ سىقىمداپ، دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان پېتى قېتىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ يالاڭۋاشتاق كاللىسىغا، قاش ــ كىرپىكلىرىگە، ساقال ــ بۇرۇتلىرىغا، ئوچۇق قالغان مەيدىسىنىڭ تۈكلىرىگە، سىقىمدىكى كىچىك بالىنىڭ كاللىسىدەك دۈگىلەك، خورمارەڭ مۇشتەك ئۈستىگە، ھەممە ئەزايىغا بىر قەۋەت ئاپئاق قار قونغانىدى. .

4

ئۆيقۇدىن كۆزۈمنى ئاچقان چېغىمدا ئۆي ئىچىگە خېلىلا يورۇق چۈشۈپ قالغان، دادام تېخى مەسچىتتىن يېنىپ كەلمىگەنىدى. ئانام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئوچاققا ئوت قالاپ، چاي قايىنىتىپ ئولتۇراتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ، ئۆزۈمنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن مورا ئوچاقنىڭ قېشىغا كەلدىم.

— بۇ شۇنداق كېلىپ - كېتىدىغان ئالەمكەن. بەختاخۇن كىگىزچىمۇ رەھمەتلىك بولۇپ بارار جايىغا كەتتى، — دېدى ئانام ئالدىمغا داستىخان سېلىپ چاي قۇيىۋاتقاچ ئاخشام قىلىشقان پارىڭىنى ئۇلاپ، — ئۇنىڭ ئەل - جامائەتكە قىلىپ قويغان ياخشىلىقى بار ئىكەن. خۇدايىمنىڭ ئۇنىڭغا ئۇلۇغ جۈمە كېچىسىنى بەرگىنىنى كۆرمەمدىغان؟ نامىزىمۇ جۈمە نامىزى بىلەن بىللە چوڭ مەسچىتتە ئوقۇلدى. ئىززەت - ھۆرمىتى چوڭ بولدى.

ئانامنىڭ دېيىشىچە، بەختاخۇن كىگىزچى ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچىپ قويغىنى بىلەن ھېچكىممۇ ئۇنى ھاراق ئىچىپ ئۆلدى دەپ ئويلىمىغانمىش. ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇمايمىز دېگەن گەپنىمۇ ھېچكىم ئېغىزىغا ئالمىغانمىش. ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم شۇنداق ئىچ ئاغرىتىپتىمىشكى، نامىزىدا كۆز يېشى قىلمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغانمىش. يېزىنىڭ باشلىقلىرى بىر قوي، بىر تاغار گۈرۈچ ئېلىپ كەلگەنمىش. ئۇنىڭ نامىزىغا قولىقى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى كەلگەنمىشكى، باشلىق، كادىر، ساقچى، مۇئەللىم، دوختۇر، تىجارەتچىدىن تارتىپ كەلمىگەن ئادەم قالمىغانمىش. يولغا نەچچە ماشىنا تىزىلىپ كەتكەنمىش. نامازدا سالۋا چاچ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگىت «دېھقان ئاكام» دەپ قوشاق قېتىپ شۇنداق يىغلىغانمىشكى، ئاڭلىغانلار «بۇ بەختاخۇن كىگىزچىنىڭ نېمىسى بولغىيدى؟» دەپ ئېغىزلىرىنى كاماردەك ئېچىشىپلا قالغانمىش. بەختاخۇننى يۆيۈپ ـ تاراپ، جىنازىغا سېلىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قولىدىكى يوڭ ئاتىدىغان مۇشتىكىنى تۆت ـ بەش ئادەم خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ ئاجرىتالمىغانمىش. ھېچ ئامال قىلالماي ئاخىرىدا نەچچە چۆگۈن سۇ ئىسسىتىپ، قولىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇپ، بوشىتىپ ئالغانمىش...

ئانام شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا دادام مەسچىتتىن يېنىپ، ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ـ دە، ئوچاق قېشىغا يېقىن كېلە ـ كەلمەيلا:

— ئاخشام ساقچىلار كېلىپ، سېلىمشاھ شۇجىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېدى بىر خىل ھاياجان بىلەن، — مەسچىتتىن چىقىپلا شۇنداق ئاڭلىدۇق.

بۇ گەپتىن مەنمۇ، ئاناممۇ تەڭ ھەيران قالدۇق.

— رەھمەتلىك بەختاخۇننىڭ ئاھى تۇتۇپتۇ ـ دە، — دېدى ئانام قولىدىكى ئوتۇننى ئوچاققا تىقىشنى ئۇنتۇغان ھالدا، — شۇنداق ئالەم بۇ، باشقىلارغا قىلغان ـ ئەتكىنى ھامان ئۆزىگە ياندىغان.

— قانداق جىنايەت ئارتىپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن پىيالىنى داستىخانغا قويغاچ.

— ھازىرچە بەختاخۇننى ئۇرغاننىڭ گېپى يوقمىش تېخى، — دېدى دادام ئوچاق قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قولىنى ئوتقا قاقلىغاچ، — خېلى پۇلغا خىيانەت قىلىپ، ساختا ئوغۇت ساتقاننىڭ گېپى بار، سولاپ قويۇپ تەكشۈرەرمىش.

دادامنىڭ ئېيتىشىچە، سېلىمشاھ شۇجى بەختاخۇننى ناھەق ئۇرغاچقا، ئۇنى خۇدايىم ئۇرغانمىش. بۇ ھامان سوئال ـ سورىقى بار ئالەممىش. قانۇننىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇنمىش،

دادامنىڭ ئاڭلىشىچە، سىلىمشاھ شۇجىــى يېزىلىــق سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى بىلەن بىرلىشىپ، خالتىسىنى يىگىرمە كويدىن ئالغان نەچچە ماشىنا ساختا ئوغۇتنى دېھقانلارغا ئاتمىش كويدىن ساتقانىكەن. شۇ ئىش پاش بولۇپ قالغانمىش. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرى بىر مو يەرگە ئون بەش كويدىن سۇ پۇلى يىغ دېسە، ئون سەككىز كويدىن پۇل يىغىپ، بىر چارۋىغا ئىككى كويدىن پۇل يىغ دېسە، تۆت كويدىن يىغىپ، ئارتۇقىنىــى چۆنتەككە سېلىپ بىر «شالى» كەلگۈدەك پۇلغا خىيانەت قىلغان گەپ بارمىش. تەشكىل ئۇنى بۇ قېتىم قانۇننىڭ ئۆتكەمىسىدىن ئۆتــكۈزۈپ، تەســۋى سىرىغــاندەك سىرىپ، كونا ـ يېڭــى ھېساب ـ كىتابنىڭ ھەممىسىنى قىلماقچىمىش. بەختاخۇننى ئۇرغاننىڭ سورىقىنىمۇ قىلارمىش. ئۇ ئاز دېگەندە ئون يىلدىن ئارتۇق تۈرمىدە ياتىدىغان گەپ بارمىش...

ئوچاقتىكى ئوت قىزىل يالقۇن چىقىــرىپ، گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە ئىدى. ئوت تەپتىدىن ئۆزۈمنى خېلى ئىللىــپ قــالغــاندەك ھېس قىلدىم. سائىتىمــگە قــاراپ قويدۇم ـ دە، ئانام ـ دادامغا ئەمدى يولغا چىقمىسام بولمايدىغانلىقىنى دېدىم. چۈنكى، بۇ يۇرت بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم ئاپتوبۇس قاتنايتتى. ئەتىگەنلىك ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمىسەم، كەچتە ئۆيۈمگە يېتىپ بارالمىسام ئەتە خىزمەتكە كېچىكىپ قالاتتىم.

— يەنە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرسىڭىز بولماسمۇ؟ — دېدى دادام كۆزى قىيمىغان ھالدا.

— ئەمىسە ئالدىرىماي مېڭىڭ! باشقا قازان ئاساي، — دېدى ئانام ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

مەن ئۇلارغا ئەمدى ماڭمىسام ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، دادامغا: «بىر پاقلان ئېلىپ سويۇپ يەڭلار!» دەپ ئىككى يۈز يۈەن پۇل

سۇندۇم. دادام بۇ پۇلنى بەكمۇ تەستە قولۇمدىن ئالدى، ئانام يەنە:

— رەھمەت بالام، رەھمەت! خۇدايىم ئىككى ھەرەمگە بارغىلى نېسىپ قىلار! تېنىڭىزنى سالامەت، ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلار، — دەپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلدى.

ئۇلار بىلەن ئىشىك ئالدىدا خوشلىشىپ، ماي يولى تەرەپكە ئالدىمنى قىلدىم.

بۇگۈن شەلپەردەك قىزارغان ئۇپۇقتىن نۇرلۇق قۇياش بالقىپ چىققانىدى. ئاپئاق قار ئۇستىدە جىلۋە قىلىۋاتقان قۇياش نۇرى كۆزنى جىمىرلىتاتتى. شۇ تاپتا پۈتۈن كائىنات يالتىراق قار جىلۋىسىگە چۆمۈلۈپ كەتكەندەك ئىدى.

ئەتىگەندىلا قوغاچ بېشىغا توپلىشىۋېلىپ، تۇگمەن تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقىنىچە پاراڭ سېلىشىۋاتقانلار، تاماكا چېكىشىپ چاقچاقلىشىۋاتقانلار مېنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، كۆرۈشكىلى قوللىرىنى سوزۇشتى، مەنمۇ قولۇمدىكى پەلىيىمنى سۇغۇرۇپلا ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.

— ئاتا ـ ئانىلىرىنى يوقلاپ كەپلا ـ ھە؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چا ساقال، ئورا كۆز ئادەم قوللىرىنى كۆرەك جۇۋىسىنىڭ يېڭىگە تىقىۋېتىپ.

— ھەئە، — دېدىم پەلىيىمنى قولۇمغا ساپقاچ، — يېڭى يىل بايرىمىغا تارقىغان ئىدۇق. ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ يېنىشىم.

— ياخشى قىپلا، — دېدى كەكە ساقال، گەزنە يۈز ئادەم رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئاتا ـ ئانا دېگەننى ھاپاچ ئېتىپ يەتتە قېتىم ھەرەمگە ئاپارسىمۇ يەنە باققان ئەجرى يانمايدىكەن. ئۇنداق قىلغىلى بولمىسىمۇ ھايات چېغىدا ئىككى

تال گۈلە ـ قاق بولسىمۇ تەڭلەپ رەھمىتىنى ئېلىشۋالغانغا ھېچ نېمە يەتمەيدۇ.

ــ شۇنداق، شۇنداق، ــ دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا ئۇ كىشىنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، ــ ياخشى قىلىپلا، ئاتا ـ ئانا ھايات چېغىدا خىزمىتىنى قىلىپ، رەھمىتىنى ئېلىشۋالغانغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ. ھايات چېغىدا بېقىشۋالماي ئۆلگەندە «ۋاي دادام، ۋاي ئانام» دەپ يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق.

ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دەپ تۇراتتىم، چا ساقال، ئورا كۆز ئادەم يەنە ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ــ سىلىمۇ بىلىلا، بۇ يەرنىڭ سوغۇقى قاتتىق. ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ سىلىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرغان چاغلىرىدا ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئۆيلاپ قويغانلىرى ياخشى.

ــ ماقۇل، ماقۇل، ــ دېدىم دەررۇ بۇ ياخشى تىلەكلەرگە كۆڭلۈم خۇرسەن بولۇپ.

ئۇلار قوغاچ بېشىدا، تۇگمەن تېمى تۆۋىدە يەنە ئۆز پارىڭىنى باشلاپ قېلىشتى. مەن بولسام، ئۇلارنىڭ «بۇ يەرنىڭ سوغۇقى قاتتىق» دېگەن گېپىنى ئۆيلاپ كېتىپ باراتتىم. بۇ يەرنىڭ سوغۇقىنىڭ راستتىنلا قاتتىقلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇچۇۇقتىن بالقىپ چىققان قۇياش سېخىي نۇرىنى زېمىنگە تۆكۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن پەلەي ئىچىدىكى قولنىمۇ يانچۇقتىن چىقارغىلى بولمايتتى. سوغۇق شامال ئۇچۇرتۇپ كەلگەن قار توزۇندىلىرى يۈز ـ كۆزلەرگە قامچىدەك ئۇرۇلاتتى.

ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئانارلىق مەھەللىسى تەرەپكە يەنە بىر قېتىم بويۇنداپ قاراپ قويدۇم. شۇ ھامان ئاتا ـ ئانامنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ سوغۇقتىن شۈمشىيىپ كېتىشكەن بىچارە ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خەير خوش، جىگدىلىك

مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جايىم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر چېتىدىكى جىگدىلىك دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللە ئىدى. چەت بولغاندىمۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. مەھەللىمىزدە ئۆگزىگە چىقىپ قارىغان كىشى ئالىقىنىنى چېكىسىگە تۇتمايلا ئۇپۇققا تۇتاشقان تۆگە لوكىسىدەك قۇملۇقلارنى، شىرەملىكتىكى چىگدە، چاكاندا ئارىسىدا چېپىشىپ يۈرگەن ياۋا توشقانلارنى، قىسماقتەك ئىگىلگىنىچە چۇچۇك بويا يىلتىزى كولاۋاتقان، توغراق شېخى چاتاپ قوي - ئۆچكە بېقىۋاتقان، تۆگىلىرىگە ئوتۇن ئارتىپ جاڭگالنىڭ تۆرىدىن كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتى.

مەھەللىمىز ئىسمى - جىسمىغا لايىق جىگدىلىك مەھەللىسى ئىدى. دېمىسىمۇ مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ مەھەللىمىزدە جىگدىدىن باشقا دەرەخلەرنى ئاز ئۇچرىتاتتىم. جىگدىدىن باشقا دەل - دەرەخمۇ تۇزۇك ئاينىمايتتى. كىچىك چاغلىرىمدا بۇ يەردە قۇچاق يەتكۈسىز، چالا قۇرۇق، قېرى جىگدىلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان. ئۇ چاغلاردا مەن قوي - ئۆچكىلەرگە جىگدە يىلىمى كولىشىپ بېرەتتىم. ھازىرغا كەلگەندە ئۇنداق يوغان جىگدىلەردىن بىر تۈپىنىمۇ كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. كېيىنكى يىللاردا مەھەللىمىزدە ئېرىق - ئۆستەڭلەر رەتلىنىپ، يەرلەر سالالاشتۇرۇلۇپ، قېرى جىگدىلەر قومۇرۇۋېتىلدى. لېكىن بۇ مەھەللىنىڭ تۇپرىقى ماس كەلمىگەنمۇ - تاڭ؟ جىگدىلەرنى قومۇرۇۋېتىپ ئورنىغا سېلىنغان

تاغ سەگۈسى، قارا تېرەك، ياڭاق، ئۈجمە دېگەندەك كۆچەتلەر تازا ياخشى ئاينىپ كېتەلمىدى. جاھان چۆرگىلەپ ئېرىق - ئۆستەڭ، يول، چىتان بويلىرىنى يەنە بۈككىدە ئۆسكەن جىگدىلەر قاپلاپ كەتكەنىدى.

مەھەللىدىكىلەرنىڭ تولىسى كەم دېگەندىمۇ يىگىرمە - ئوتتۇزدىن قوي، ئۆچكە، ئىككى - ئۈچتىن كالا باقاتتى. شۇ قوي - ئۆچكە، كالىلار مەھەللىدىكىلەرنى باقاتتى. ئەلۋەتتە بۇغداي، قوناق، كېۋەز، زىغىر، زاغۇن، قوغۇن - تاۋۇز، چامغۇر - سەۋزە دېگەندەك زىرائەتلەرنىمۇ تېرىيتتى، لېكىن خامانىنى ئالغاندا تاغارغا ئۇسۇپ قازناققا ئەكىرىدىغىنى تايىنلىق ئىدى. نېمىشقا دېسە يۇرتنىڭ ئايىغى بولغاچقا سۇ قاندىنىمۇ ئەتىۋار ئىدى. مەھەللىنىڭ بېشىدا كۆك ئېقىن دەيدىغان بىر سۇ ئامبىرى بار. كۆك ئېقىننىڭ سۈيى مەھەللىدىكىلەرنىڭ جېنى، قېنى ھەم نېنى ئىدى. كۆك ئېقىننىڭ قاندىن ئەتىۋار سۈيى بىلەن بۇغداينى بىر قېتىم سۇغىرىپ بولغۇچە ئامبارنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئىككىنچى قېتىمغا يېزا، ناھىيىگە يول مېڭىپ يۈرۈپ ئامبارغا سۇ چىقىپ بەرسە، ئۈچىنچى قېتىمغا يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بۇغداي پىشاتتى. بۇنداق پىشقان بۇغدايدىن سامان چىقسا چىقاتتى، تاغار توشقۇدەك بۇغداي چىقمايتتى. ئېگىز ئورنىغا قوناق تېرىيدىغان كۈنلەردە دەرياغا كەلكۈن كېلىپ قالسا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئامىتى كەلگىنى شۇ ئىدى. بولمىسا قالدىسى خۇدايىمغا ئامانەت ئىدى.

جىگدىلىكتە باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە قۇم - بوران دەستىدىن توپا بۇقسۇپلا تۇراتتى. بەزىدە بۈگۈنى ئۈنگەن زىرائەت ئەتىسى قۇم ئاستىدا قالاتتى. بۈگۈنى يەرگە باسقان سۇلياۋ يوپۇق ئەتىسى قارىسا جىگدە شاخلىرىدا لەپىلدەپ تۇرغان بولاتتى. بۇ ھەپتە سۇغارغان زىرائەت ئۇ ھەپتىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ بولغۇچە ئۇسسۇزلۇقتىن سارغىيىپ، سالپىيىپ

كېتەتتى. جىگدىلىكلەرنىڭ جان باقمىقى شۇنداق تەس ئىدى.

بەزىدە ئاتا - بوۋامنى، ئاتا - بوۋامنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق بىر يۇرتنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ قالغان بولغىيدى دەپ ئويلاپ قالىمەن. قانداق قىلاي؟ بەربىر تۇغۇلغان يۇرتۇم - دە، ھەرقانچە چەت - يىراق چۆلدەرەپ تۇرغان نامرات يۇرت بولسىمۇ يەنە ئادەم تارتىشىدىغان، مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان يەرلىرى بولىدىكەن. ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئۆي، ئۇلارنىڭ قان - تەرى سىڭگەن ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخ، كۆچەت - قاناتلار شۇ جىگدىلىكتە، بالىلىقتىكى سەبىي كەچمىشلىرىم، جىگدىلىك، توغراقزارلىقتا يالاڭ ئاياغ قوي، ئۆچكە باققاچ توغراق قۇشقىچى تۇتۇپ ئوينىغان دوستلىرىم، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىم ھەممىسى شۇ جىگدىلىكتە. جىگدىلىكلەر نامرات بولغىنى بىلەن مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل. مەن بۇلاردىن قانداقمۇ مېھرىمنى ئۈزەلەي؟!

جىگدىلىكنىڭ مېھرى مېنى بۇ قېتىم توپتوغرا سەككىز يىلدىن كېيىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىن سۆرەپ كەلدى. مېنىڭغۇ جىگدىلىككە سەككىز يىلدا سەككىز قېتىم كەلگۈم بار. ئامال قانچە؟ خوتۇن - بالىلىق، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالدىم. ئاردا جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردە نەچچە قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە، ئىجادىيەت، تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئېچىلدى. لېكىن، شۇنىڭ باھانىسىدا بولسىمۇ كېلىپ - كېتىش پۇرسەتلىرى تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى «يەتتە تىكە» بار يەردە «ئالتە ئۆچكە» گە نېسىپ بولمىدى. سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋىمۇ پىشىپ قالىدىكەن. بۇ قېتىم باش مۇھەررىر بىلەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى سورىغۇسى كېلىپ قالغان چېغى، مەن ئۇندىمىسەممۇ سەككىز يىللىق دەم ئېلىش ۋاقتىم ئۈچۈن بىراقلا ئىككى ئايلىق رۇخسەت بېرىۋەتتى. راست

گەپنى قىلسام، تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىنى دېمىسەم باشقا ئارزۇلايدىغان يەرلىرى جىق يوق. ئالدىنقى يىللىق قەلەم ھەققىنىمۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە تارقىتالمىغان يەردە، باشقا گەپتىن ئېغىز ئاچمايلا قوياي. تەھرىرلىك دېگەن ئۆزىنىڭ توم ـ توم ئەسەر يېزىش ۋاقتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنىڭ نەدىكى بىرنېمىلىرىنى «سۆكۈپ ـ تىكىپ، ياماپ پەردازلاپ» كاللا تاتىلاپ، جان سۈدەك ئىقىپ كېتىدىغان خىزمەت. ئاندا ـ ساندا قولىمىزغا بىرەر پارچە ياخشى يېزىلغان ئەسەر چىقىپ قالغۇدەك بولىسىغۇ جېنىمىز قورساق ئاچقاندا بەتتە پولۇ يېگەندەك يايراپ كېتىدۇ. لېكىن ئالدىمىزغا ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەسەر كۆندە كېلىۋەرمەيدۇ ـ دە، شۇڭىمىكىن ياپياش تۇرۇپلا كاللام تاقىرلىشىپ، يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. بۇ سىياقتا جىگدىلىكتىكىلەرنىڭ كۆزىگىمۇ ئانچە سىغمايدىغان ئوخشايمەن. ئۇياقتىن ئەسسالام دېيىشىپ بولغۇچە بۇ ياقتىن ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ:

— ھوي. . . بۇرۇتىڭىز ئەمدى خەت تارتقان تۇرۇپ كاللىڭىزغا كۆيە چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ نېمە قوق، چېچىڭىزغا ئەي قىلماپسىز ـ ھە؟ !

— ئاۋۇ ئۈزۈمنىڭ بودىكىدەك سەمرىپ كېتىپسىزيۇ لېكىن چوقىڭىز قوينىڭ يەللىدەك ئىچىلىپ قالغىنى ياراشماپتىغۇ؟

— ئۇرۇمچىنىڭ ئەرلىرى سۇلاش، خوتۇنلىرى يامانمىشكەن، تۇتاي دېسە ساقال يوق، مەڭلەي ساقىلىنى يۇگىدىۋەتتىمۇ ـ يا؟

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . ھا. . .

رەھمەتلىك ئانامغا ئىككى تۇغقان كېلىدىغان ياسىنكامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كۆرپىگە چىقىپ بولغۇچە ئۆيدىكىلەر شۇنداق چاقچاقلارنى ياغدۇرىۋەتتى. ياسىنكام يايپاڭ يۈز، چارساقال،

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇق - يورۇق، چاقچاقچى ئادەم ئىدى. ھەقىقىي جاپاكەش دېھقان دېسە شۇنى دېسە بولاتتى. يېشى ئەللىكلەرگە ئۇلىشىپ قالغىنى بىلەن كەتمەن چېپىشتا مەن دېمەتلىك يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى. يازنىڭ قۇمغا تۇخۇم كۆمسە پىشقۇدەك ئىسسىقلىرىدىمۇ ئېتىزلىقتىن كىرمەيتتى. قارا قىشنىڭ قولنى يەڭدىن چىقارغىلى بولمايدىغان سوغۇقىدا جاڭگالدىن كەلمەيتتى. ئوتۇن توشۇپ، چۇچۇك بويا يىلتىزى، بويا سامسىقى كولاپ، كۆمۈر، شاخار ئېتىپ ساتاتتى. ئۇ شۇنچە بىتىنىم ئىشلەپمۇ ھال كۈنى ھېچبىر ئالدىغا ماڭغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىگە قاراپ جىگدىلىكنىڭ يا قۇرۇپ كەتمەي، يا تۈزۈك ياشىرالماي قوتۇرماچ بولۇپ قالغان چالا قۇرۇق جىگدىلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالدى. سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكى چالا قۇرۇق جىگدە ھازىرمۇ شۇ پېتىچە تۇرغاندەكلا ئىدى. ئۆزگىرىش بوپتۇ دېيىشكە توغرا كەلسە قوش قاناتلىق دەرۋازا ياسالغانىدى. بۇمۇ خۇددى كونا يەكتەك، يىرتىق ئىشتان، يالاڭ ئاياغ تام قوشنا موللامنىڭ، بېشىغا يېڭى سەللە يۆگىۋالغىنىغا ئوخشاشلا بىر يېڭىلىق ئىدى خالاس.

ياسىنكام بىردەمدىلا ئېغىلدىن بىر ئوغلاقنى مەرەتكىنىچە سۆرەپ چىقىپ بوغۇزلىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى چوڭ تونۇرغا شاخ - شۇمبا تاشلاپ ئوت يېقىپ بولدى.

— سىز ئاران بىر كەلگەندە بىرەر تال مالنىڭ بۇرنىنى قاناتمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ ئۇكام، — دەپ تۇرىۋالدى ئۇ مېنىڭ قولىدىكى پىچاقتا ئېسىلىپ توسقىنىمغا ئۇنىماي، — مېنى نامرات كۆردىڭىزمۇ يا؟

— يا. . . قەي، ئەمدى. . . سىزنى ئاۋايلاپ. . .

— مېنى ئاۋايلاپ بولالمايسىز ئۇكام، يا سىز كۆندە

كېلەمتىڭىز؟ ئېغىلدىمىدا باركەن، ئولتۇردۇم، يوقىغا كايىمىدىم، — ئۇ توسقىنىمغا قارىماي ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. مەنمۇ ئۇلارغا ئاتاپ ئالغاچ كەلگەن تاتلىق - تۈرۈم، سوۋغا - سالاملارنى داستىخاندا قويدۇم. بۇ ئىشىمدىن ھەممىدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتكىنى ياسىنكامنىڭ ئون ياشلار چامىسىدىكى كەنجى ئوغلى بولدى. ئۇ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا بۆشۈككە تېڭىلغىنىچە قورۇق ئېمىزگىنى شوراپ ياتىدىغان يىغلاڭغۇ بوۋاق ئىدى. مانا ئەمدى خېلى بوي تارتىپ، بىردەم تىنىم تاپمايدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قاپتۇ.

— ئاكا، سىزمۇ پىئونېرما؟ — دەپ سوراپ قالدى ئۇ گالستۇكۇمغا زەن سالغىنىچە يېنىمدا ئولتۇرۇپ كەمپۈت شۈمگەچ.

بۇ سوئالدىن ھەممىمىز پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— پىئونېر ئەمەس، زىيالىي، — دەپ ئىزاھات بەردى ئوغلاقىنىڭ ئۇچىينى سېرىۋاتقان ياسىنكام كۈلكىدىن كېيىن، — بۇ تاغار قېقىندىسىنىڭ چېپىلمايدىغان ئىشى يوق دەڭا، سىزنى كۆرۈپ بولغۇچە بويىنىڭىزدىكى پەتتىڭىزگە چېپىلغىلى تۇردى مانا.

ياسىنكامنىڭ «بويىنىڭىزدىكى پەتتىڭىز» دېگىنىدىن تېخىمۇ كۈلكەمنى باسالماي كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان كۆزەينىكىمنى ئېلىپ، قول ياغلىقىم بىلەن ياشلىرىمنى سۈرتمەۋاتتىم. ئۇرۇمچىدە نەچچە يىل بولغان ئىكەن بۇ ھالدا كۈلۈپ باقمىغىلى، بۇنى ئويلىغاچ كۆزەينىكىمنى تاقىدىم.

— ئاكا، كۆزىڭىزدىكىنى شىشىنىڭ قوڭىدا ياسامدا؟

ئۆي ئىچىدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— شىشىنىڭ قوڭى ئەمەس، كۆزەينەك، — دېدى ياسىنكام مەن بىرنەرسە دەپ بولغۇچە يەنە ئىزاھات بېرىپ، —

سەنمۇ ئاكاڭدەك ياخشى ئوقۇساڭ چوڭ بولغاندا مۇشۇنداق كوجاڭ بولىسەن.

— ئاكا، سىزمۇ باھالاشما؟

— باھالاش؟ — بۇ مۇجمەل سوئالدىن بىردەم مەڭدەپلا قالدىم. بۇنىڭغا يەنە ياسىنكام ئىزاھات بېرىپ ئۇلگۇردى.

— ئۇ دېگەن باھالاش ئەمەس، ئاچامنىڭ ئوغلى، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن سېنىڭ ئاكاڭ، باھالاش بولسا ساڭا بىر نەرسە ئالغاچ كېلەمتى؟ شۇنىمۇ بىلمىدىڭما. . . هو تاغار قېقىندىسى؟

— مېنىڭ ئاكام؟ . . . هوي، مېنىڭ ئاكام. . . مېنىڭ ئەينە كوجاڭ ئاكام بار. . . هوي. . . — ئۇ خۇشاللىقتىن شۇنداق ۋارقىرىغىنىچە داستىخاندىن بىر سىقىم كەمپىتنى ئېلىپلا تالاغا يۈگۈردى. ئۇنىڭ مېنى «سىزمۇ باھالاشما؟» دېگىنىدىن تېخىچە ھەيرانلىق ھېس قىلماقتا ئىدىم.

— سىزمۇ بىر كادىر بولغاندىكىن باھالاشقا كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ قالغىنى بۇ بالىنىڭ، — دېدى ياسىنكام ئەمدىلا يۇيۇۋەتكەن قوللىرىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە سۆكمىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— قانداق باھالاش ئۇ؟ — دەپ سورىدىم ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي.

— قانداق باھالاش بولاتتى، كۆندە مەھەللىدىن كەتمەيدىغان باھالاش شۇ! — دەپ چۈشەندۇردى ياسىنكام مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — سىز تازا بىلمەيسىز، ھازىر بۇ يېزىدا باھالاشنىڭ گېپى بولمايدىغان كۈندىن بىر كۈن يوق. بۈگۈنى ناھىيىنىڭ باھالىشىغا تەييارلىق قىل دېسە، ئەتىسى يېزىنىڭ باھالىشىغا تەييارلىق قىل دېگەن. ئۆگۈنى ئۇچاستىكنىڭ باھالىشى بار دېسە، ئۇنىڭ ئەتىسى كەنتنىڭ باھالىشى بار دېگەن. ئىش ـ مەلىك نېمە دېسە، ھەر كۈنى باھالاشقا تەييارلىق

قىلمىز دەپ ئېتىزلىقتىن كىرەلمىگەن. تۇل خوتۇن سۆكۈپ ـ تىكىپ ئىش قىلغاندەك بولغان ئىشنى بۇزدۇرۇپ يېڭىۋاشتىن قىلغىلى سالغان. دېگىنى بويىچە قىلمىساق جەرىمانە دەپ تۇرىۋالغان. يانچۇقتا تۆلىگىلى پۇل بولمىسا كىگىز ـ كېچەكنى كۆتۈرۈپ، بىرەر ـ ئىككى قوينى يېتىلەپ مېڭىشقان. تۆت تەڭگە تېپىپ خەجلىگىلى چول نەدە مۇشۇ كۆڭلەردە؟ ئامانىنى زامانغا ھېچ قورۇشتۇرغىلى قويمىدى بۇ باھالاش.

— نېمانداق تولا باھالاش ئۇ؟ — دېدىم بۇ گەپلەرنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالماي.

— ئەمەلدار بولغانلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە بىر قىسما بولۇپ قالدى ئۇكام. بەزىسى بالداقمۇ بالداق ئۆسۈشنىڭ كويىدا. بىز دېھقاننى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغان چېغى. بىز بىلمەيدىغان نېمە ئىش بار جاھاندا؟ مۇشۇ جىگدىلىكنىڭ نېرىنى يەپ، سۇيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ھېلىمنى بىلىسىز. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئىدىڭىزغۇ؟ ئۇنىڭ ئەملى ئۆسۈپ يېزىغا شاڭجاڭ بولغاندىن كېيىن ناھىيە ئازراق شامال چىقارسا، ئۇ يېزىدا بوران چىقىرىۋېتىدۇ دەڭا. گەپنىڭ ھەممىسى نېمە دېسە، ناھىيىنىڭ ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ يەنە بىر بالداق ئۆسۈشنىڭ غېمى. ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولارمىش دېگەن گەپمۇ بار تېخى. بولار بولماس دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ھال ـ كۈنىمىز مۇشۇ تۇرسا. خەلقنى بېيىتىپ بولدۇم دەپ مەلۇم قىلىپ، ناھىيىنىڭ بۇرنىدىنمۇ چولۇك ئۆتكۈزۈپ بولدى ئۇ.

«ھېلىم، ھېلىم شۇنداق ئىشلارنى قىلغانمىدۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن كۆز ئالدىمغا كىچىك چاغلىرىمدا بىر نان تاپساق پۇچۇقتىن يەپ چوڭ بولغان ھېلىم كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇ بۆشۈكتىكى چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ھېلىمنى بىچارە

دادىسى قوقاس كۆمىچى بىلەنلا بېقىپ چوڭ قىلغانچىلىك قىلغانىدى. كېيىن مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن يىلى، ئۇنى يېزىدىن بەشتە كاپالەتلىك دېھقانىنىڭ بالىسى دەپ ھەربىيلىككە تونۇشتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مەن مەكتەپكە ماڭدىم. ئۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىگە ھەربىيلىككە كەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ھېلىم بىلەن ئىككىمىزگە كەلگەن بۇ ئامەتتىن جىگدىلىكتىكىلەرنىڭ ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپلا قالغانىدى. بىز ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە خەت يېزىشىپ تۇرۇشتۇق. مەن ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ كېلىپ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان چېغىمدا، ئۇمۇ ھەربىيلىكتىن قايتىپ كېلىپ يېزىلىق خەلق ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ ياللانما ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىنغانىدى. كېيىن مەن ئۈرۈمچىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭدىم. تېخى تۈنۈگۈن بولغان ئىشتەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىم مېنى بۆشۈكتەك تەۋرىتىپ، غىچىرلاپ تۇرىدىغان بىر ياغاچ كارىۋات، بىر كونا ئۈستەل قويۇلغان ئاددىي ياتىقىدا ئىككى جىڭ ھاراق، گازىر ـ پۇرچاق، لەڭپۇڭ بىلەن مېھمان قىلىپ، كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويغانىدى. بىز مەستلىكتە بويانلىرىمىزدىن ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىمىزگە باشلىرىمىزنى تىرىشىپ، كۆز يېشى قىلىشقىنىمىزچە خوشلاشقاندۇق تېخى.

بىلىم ئاشۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن ئۈرۈمچىدە قېلىپ قالدىم. راست گەپنى قىلسام ئۈرۈمچىدە قېلىشىم ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. مېنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان ھېكايە، شېئىر، ئوبزورلىرىم ياراپ قالغانىكەن. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئۆزلىرى يول مېڭىپ يۈرۈپ، رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ،



www.uyghurkitap.com

مېنى ئېلىپ قېلىشقانىدى.

كېيىن ھېلىمنىڭمۇ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ، ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەنسەپكە ئېرىشىپ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ مەنسىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ، پۈتۈن بىر يېزىنىڭ باشلىقى بوپتۇ. مۇئاۋىن ھاكىملىقنىڭمۇ گېپى بارمىش تېخى. بۇلارنى ئويلاپ «ئالە شەرىڭنى!» دەۋەتتىم كۆڭلۈمدە.

— شۇ ھېلىم يېزىدا شۇنچىلىك چاپان چۆرۈۋەتتىما؟

— ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، — دېدى ياسىنكام خورسىنغىنىچە، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىم يىپ ئېشەلمەيدۇ. يۇقىرىغا ئەرز سۇنغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. باھالاشنىڭ تولىلىقىدىن ئارام ئالالماي، جەرىمانە تۆلەپ بولالماي يىلىكىمىز قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى.

— شارائىتنى، دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىپ ئىش قىلسا بولمامدۇ ئۇ؟ — «بىلگەن ـ بىلگەننى قىلار، بىلمىگەن نېمىنى قىلار؟» دەپتىكەن، تۈزۈك مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەنلىكىنىڭ كاشىلىسى ئۇكام، ئەسكەرلىككە بېرىپ «ئوڭغا بۇرۇل، سولغا بۇرۇل»نى ئۆگىنىپ كەلدى شۇ. قورسىقىدا ئۇماچىنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن، باھالاش جەرىمانىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان گەپكەن. «ئات ئايلىخانىغا، پول سارىخانىغا» دەپ خاپىلىقنىڭ ھەممىسى بىچارە دېھقانغا. دېھقان دېگەن بېدىگە ئوخشاش ئورۇپ تۇرسا، يەنە كۆكلەپ تۇرىدىكەنمىز ئەينا. ئەممازە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە چىدىماق تەسكەن ئۇكام!

بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا بىر تۇرۇپ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئىشەنمەي دېسەم ئۆز تۇغقىنىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى. مەن «ھەي... ھېلىم... ھەي ھېلىم... سەن

شۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنسەنمۇ؟ سەنمۇ بىر نامرات دېھقاننىڭ بالىسى ئەمەسمىدىڭ؟ !» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم. شۇئان ئۇنى يوقلاپ كېلەي دەپ ئالدىنقى كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئىزدەپ بارغىنىم ئېسىمگە كەلدى، يېزا قورۇسىنىڭ قورۇلۇشلىرى كۆركەم قىلىنىپ يېڭىدىن سېلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىلگىرى سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ، قوشام شاخلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كونا تاملارنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايتتى. تام، كارىدورلاردىكى رەڭلىك چىنە قىشنىڭ جىلۋىسى ئۇرۇمچىدىكى رېستوران، ماگىزىنلاردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە كۆزنى چاقاتتى.

— ھېلىمجاننىڭ ئىشخانىسى قايسى؟ — دەپ سورىدىم ئىشخانا بىناسىنىڭ بوسۇغىسىدىلا ئالدىمغا ئۇچرىغان بىرسىدىن.

— ھېلىمجان؟ بۇ يېزىدا ئۇنداق ئادەم. . . — دېگىنىچە ئۇ بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— جىگدىلىكلىك ھېلىمجانچۇ، ئەسكەرلىككە بېرىپ كەلگەن. . . ھازىر مۇشۇ يېزىنىڭ رەھبىرى؟

— ھە. . . ئەي شاڭجاڭما، — — دەپ ياندۇرمىلاپ سورىدى ئۇ ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ.

— ھە. . . شۇ. . . شۇ، — دېدىم مەن دەررۇ يېزىلاردا گۇرۇپ باشلىقىغا چاغلىق ئەمىلى بار كىشىلەرنىمۇ شۇنداق ئادەت بويىچە ئاتايدىغانلىقىنى ئېسىمگە كەلتۈرۈپ.

— ئۇ ھازىر ئىشخانىسىدا يوق.

— بىر يەرگە كەتكەنما؟

— ئەتىگەن تۆۋەنگە باھالاشقا كەتكەن، كەچتە قايتىپ كېلىدۇ.

— نېمە باھالاش ئۇ؟

— ئىشلەپچىقىرىش باھالىشى بولمامدۇ.

— تۈنۈگۈن بارمىدى؟
— ياق، تۈنۈگۈنمۇ باھالاشقا ماڭغان.
— ئەتە ئىشخانىسىدا بولارمۇ؟
— ياق، ئەتىمۇ باھالاشقا بارماقچى.
— سىلەرنىڭ يېزىدا كۈندە باھالاش ئېلىپ بارامدا؟
— بىزنىڭ ئەي شاڭجاڭ كارامەت جاپالىق ئىشلەيدۇ دېسىلە، جېنى تۆمۈردىن مەزمۇت. ئۇنىڭغا بىردەم - يېرىمدەم ئىشخانىسىدا ئولتۇرغۇدەكمۇ ئارامىلىق يوق.

«ھىم» دەپ دىمىغىمنى قېقىپ قويدۇم. ئارقىدىنلا «باھالاشنى تولا ئېلىپ بارسا جاپالىق ئىشلىگەن بولىدىكەن - دە» دېگەننى ئويلاپ ئۈلگۈردۈم. «كۈندە جاپالىق ئىشلەيدىغان ئەي شاڭجاڭ» بىلەن بۈگۈن كۆرۈشەلمىگەنلىكىمگە، ئەتىمۇ كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىمغا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئارقامغا ياناي دەپ تۇراتتىم، ھېلىقى كىشى سوراپ قالدى:
— سىلى باشقا جايدىن كەلگەندەك كۆرۈنىلا؟ نەدىن كېلىشلىرى؟
— ئۈرۈمچىدىن.
— ئۈرۈمچىدىن؟ باھالاشقا كېلىشلىرىما؟

يەنە شۇ باھالاشنىڭ گېپى. غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ «ئاغزىڭغا تاش» دېدىم ئىچىمدە ئۇنىڭغا قايتا بىر نەرسە دېگۈم كەلمەي ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىغىمغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇشى بىلەن خىيالدىن باش كۆتۈردۈم. قارىسام ياسىنكام ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى تونۇر تەرەپتىن پۈتۈن بىر ئوغلاقنىڭ كاۋىپىنى ئاشتاختا بىلەن كۆتۈرگىنىچە ئالدىمغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئارىدا قوللار چايقىلىپ، داستىخان قايتا سېلىندى. ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ئاش - تامىقى دېگەن ئېغىزغا باشقىچە تېتىيدىغان گەپكەن. كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن تاس قويۇپتىمەن

www.uyghurkitap.com

بىر پوت كاۋاپنىڭ ھەممىسىنى ئوگىتىپ قويغىلى. قوللارنى ئەمدى سۈرتۈپ تۇراتتۇق، بىرسى ئۆي ئالدىدىن تۇۋلىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى:

— ياسىن ئاخۇن. . . ھوي. . . ياسىن ئاخۇن، ئۆيدە بارمۇ سىلى؟ بوسۇغا تۈۋىگە باھالاش كەلسە قانداق خەق بۇ، شۇ چاغقىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي. . . مۇشۇ كۈنلەردە رەھمى كېلىدىغان يەر قالمىدى بۇ خەققە!

ياسىنكام «ھاي. . . بىز بار. . . مانا. . . مانا. . .» دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ھېلىقى كىشى ھويلىغا كىرىپ بولدى. ئۇ شاپاق دوپپىلىق، مىس چىراي، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقى تۇرۇلگەن، يالاڭ ئاياغ كىشى ئىدى. ئۇنى مەن دەماللىققا تونۇيالمىدىم. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بىردە ماڭا، بىردە داستىخاندىكى قالايمىقان تاشلانغان كاۋاپ سۆڭەكلىرىگە قارىغىنىچە بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— ئۆيدە مېھمان باكەنيا؟ — دېگىنىچە گەدىنىنى تاتىلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋارقىراپ ھويلىغا كىرگەنلىكىگە سەل خىجىل بولغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— شۇنداق. . . شۇنداق، — دېدى ياسىنكام قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە پەگاھغا چۈشكەچ، — ئاچامنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوغلى. . .

— ھە. . . مۇنداق دېسىلە، مەن تېخى ئۆيدە مېھمان بارلىقىنى ئۇقماي، — قوللىرىنى سوزغىنىچە كۆرۈشكىلى ئالدىمغا كەلدى ئۇ كىشى، — كەپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا كۆرۈشكىلى نېسىپ بولمىدى. ھە نېمە دېگەن بىلەن ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كەلگەن خەق بىز. ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز. پېشانىسى

ئۆتكەن، راھەت كۆرۈپ پوندەكشىپ كېتىپتۇ مانا، تاس قەپتىمەن تونۇيالمىغىلى.

— مەھەللىمىزنىڭ بېشى، — دەپ قوشۇپ قويدى ياسىنكام ئۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۋاتقان ۋاقتىمدا ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان بولۇپ، بۇنىڭسىزمۇ مەن ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن مەھەللە باشلىقى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ بولغانىدىم. . . مەھەللە باشلىقى بولمىغان ئەمدى بۇ كىشى قالغانىكەن ـ دە، دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم، قايتىدىن ئورنۇمدا ئولتۇرغاندىن كېيىن. چۈنكى مەن بىلىپ بۇ مەھەللىدە «قوڭى ئىسسىغان» مەھەللە باشلىقىدىن بىرسى يوق ئىدى. بىر ئاڭلىسام پالانچىنى مەھەللە باشلىقى بولدى دېيىشسە، يەنە بىر ئاڭلىسام پوكۇنچىنى مەھەللە باشلىقى بولدى دېيىشەتتى. شۇ قاتاردا مۇنۇ ياسىنكاممۇ چالا قالمىغانىدى. ئۇنىڭمۇ بىر مەھەل مەھەللە باشلىقى بولدۇم دەپ مۇنۇ كىشىدەك يالاڭ ئاياغ پايپاسلاپ چېپىپ يۈرگەن چاغلىرى بولغانىدى. «نېمىشقا قىلمىغان؟» دەپ سورىسام، بىر قېتىملىق ھاشاردا ئەزاغا كېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكتىن «مۇشۇ خىزمەتنىڭ قېشىغا يەنە يېقىن يولايدىغان بولسام خوتۇنۇم ئۈچ تالاق، ئۈچمىڭ تالاق، ئۈچيۈزمىڭ تالاق دەپلا سېلىنىۋالدىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى ئۇ بىر چاغدا.

— كاۋاپتىن مېنىڭمۇ رىزقىم باركەنىيا، — دېگىنىچە ياسىنكام سۇنغان بىر چىشلەم كاۋاپنى قولىغا ئالدى مەھەللە باشلىقى پەگاھدىلا ئۆرە تۇرغىنىچە، — بولدى مەن ئولتۇرماي، باھالاش كەنتىمىزگە ئالدىنى قىلىپ بولدى بۇ چاغقا، كەنتنىڭ باھالىشى چالاپتۇ، يېزىنىڭ باھالىشى ئالاپتۇ، ناھىيىنىڭ باھالىشى قالاپتۇ دېگەن شۇ. بۈگۈنكىسى يېزىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە ئالاپ ماڭىدىغان باھالىشى، بىر نومۇر تارتىلىپ كەتسە سورىغىنى كۆتۈرۈپ قويماق تەس. شۇڭا، سىلىنى قولى

بوشۇغ بولسا ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى يولغا پالاق ـ پۇلۇق سۇپۇرگە سېلىپ، سۇ چېچىۋېتەرمىكىن، ئاندىن قېرى قۇلىقىنى، ھارام شېخىنى ئېلىپ بولالمىغان چالا كېۋەز بولسا ئېتىزلىقتا چىقارمىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى ياسىنكام دەررۇ، — مېھمانىنىڭ قېشىدا خالىزىم بولۇپ قاپتىمىز، مۇشۇ تورۇق قىلىۋېتەيلى.

مەھەللە باشلىقى ئاغزىدىكى كاۋاپنى كومۇرلاتقاچ ئۆزىنىڭ بىردەم گۆش ـ مۇڭ قىلىشىپ ئولتۇرۇۋالمىغانلىقىنى، باھالاشنى ئۆزىتىۋالغاندىن كېيىن مېنى پەتلەشكە چاقىرسا، ئۆينى ئاددىي كۆرمەي بارمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ياسىنكامنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ قوللىرىغا سۇپۇرگە، چېلەكلەرنى ئېلىشقىنىچە سىرتقا مېڭىشتى.

— باھالاش كەلگەندە يول تازىلىقى قىلىدىغان ئىشمۇ بارمۇ تېخى؟ — دەپ سورىدىم داستىخان يىغىۋاتقان ياسىنكامدىن.

— بار ئۇكام، بار. . . ھەر قېتىم باھالاش كەلگىچە قوش تاناپ تارتىپ يوللارنىڭ قېشىنى رۇسلايمىز. سۇپۇرگە سېلىپ سۇ چاچىمىز. ناۋادا باھالاشقا كەلگەنلەر يوروۇق جاھاندا ئۇزاپ كېتەلمىسە يېيىشكە كاۋاپ، ئىچىشكە شاراب، چېلىشىشقا راۋاب، ئوينىشىغا. . . ھىم. . . بۇ سەت گەپنى دېمەي، ئىشقىلىپ سەكسەن ياشقا يەل ـ يېمىشتىن تارتىپ ھەممىسىنى تەييارلايدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالىدۇ تېخى.

— شۇنچىۋالا چىقىمنى كەنت چىقىرالامدۇ؟ پۇلىسى جىقمۇيا؟

— كەنتنىڭ پۇلىسى بولمىسا بىز دېھقانىنىڭ يانچۇقىدا بار ئەينا.

— نېمە؟ دېھقانلارغا چاچامدا؟

— ياقەي. . . پوندى يەرگە ئاجراتتۇق دەپ تاۋارنىڭ گۆلىدەك يەرلەرنى دېھقاندىن قايتۇرۇۋېلىپ يەنە دېھقانغا ساتىدۇ. كەنتنىڭ قولىدا بۇنداق يەردىن ئاز دېگەندىمۇ يۈز ئەللىك، ئىككى يۈز مو يەر بار. ھەر موسىنى ئىككى يۈز كويدىن ساتقاندا پالان - پۇستان پۇل دېگەن گەپ. دېھقان تۇرۇپ يەرنى پۇلغا ئېلىپ تېرىغان كۈن يوق كۆنكەن. كەنت بۇنداق پۇلىسىنى نەگە خەجلىدى، كىمنىڭ كارى؟ زىيان يەنە دېھقانغا «ئېشەك ئۆلسە بايغا ھېساب» دەپ كەنت يانبېلىغا قارىماي خەجلەۋېرىدۇ، كەلگەنلەر ھېيتلاپ كېتىۋېرىدۇ ئەينا.

— باھالاشقا كەلگەنلەر خىزمەت بىلەن كېلىدىغان تۇرسا، يا ئۇيىنىغلى كەلمىسە، شۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

— شۇنداق قىلمىساق ھېساب ئەمەس ئۇكام، — دېدى ياسىنكام تىرنىقى بىلەن چىشىنى كولىغاچ، — كەلگەنلەر قورسىقى ئالدىدا كېلىدىكەن. شۇنداق قىلمىساق باھالاشقا ياخشى تەييارلىق قىلمىغان بولىمىز. پوزىتسىيىسى ياخشى ئەمەس، غايىبتىن بىرەر ئادەم كەلگەندەكمۇ يېنىدىن ئۆتمەپتۇ. ياخشى تەييارلىق قىلماپتۇ دەپ قۇسۇر تېپىپ نومۇر تارتىشىدۇ. بىر نومۇر تارتىلغان ھامان مەھەللىدە قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئارقىدىن يەنە بىز دېھقان خەق جەرىمانىگە يانچۇق كوچىلايدىغان گەپ. دېھقان خەق بېدىگە ئوخشايدۇ دېگەندەك قىلىدىمغۇ؟ بايا.

— يۇقىرى قالايمىقان جەرىمانە ئېلىشنى چەكلىگەنغۇ؟

— سۇ دېگەننىڭ بېشى سۇزۇك، ئوتتۇرىسى تۇزۇك، ئايىغى ئۇزۇك ئۇكام. گەپ دېگەننىڭ سۆڭكى يوق. يۇقىرى چەكلىگەن بىلەن بۇ يەردە گەپنى ئۆزگەرتىپ، جەرىمانە دېمەي، مەسئۇلىيەتسىزلىك ھەققى دەمدۇ، بىرنېمە دەپ ئالغىنى ئالغان. مېنى ياسىن ئاخۇن دېسىمۇ يەنە مەن شۇ. ياسىن ئاخۇن دېمىسىمۇ يەنە مەن شۇ. ئاق مۇشۇك، قارا مۇشۇك، ھەممىسى مۇشۇك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ گەپ بىلەن تەڭ سىرتتا «ئەنە باھالاش كەلدى» دەپ قى ـ چۇ بولۇشۇپ كەتتى. ياسىنكام شۇئان سىرتقا يۈگۈردى. مەنمۇ دەررۇ قاراپ باقماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم. ھويلىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا بىر پۇتۇمنى ئېلىشىمغا ئۆينىڭ ئالدىدىكى توپىلىق چوڭ يولدىن بەش ـ ئالتە پىكاپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ ئالدىدا ئۆتۈپ كەتكەن پىكاپنىڭ يېرىم ـ يارتا ئوچۇق دېرىزىسىدىن ھېلىمنىڭ ئالدىنقى ئورۇندۇقتا گىدىيىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى غىل ـ پاللا كۆردۈم. بەش ـ ئالتە قەدەمچە ئالدىمدىنلا ماشىنا بىلەن شامالدەك شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتىكى، ماڭا زەن سالغاندەكمۇ قىلمىدى. ئۇ چاچلىرىنى ئارقىسىغا قاتۇرۇپ تاراپ، كۆزگە قارا ئەينەك تاقىۋالغانىدى. سېمىزلىكتىن بۇقا گەدەنلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا يوللاردىن قېلىن چاڭ ـ توزان ئۆرلەپ ماشىنىلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيلا قالدى. ئەمما ھېلىمنىڭ بايىقى سىماسى تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەنىدى.

ماشىنىلار ئۆزاپ، چاڭ ـ توزانلار بېسىقتى. پاك ـ پاكىز تازىلىنىپ، يېڭىلا سۇ سېپىلگەن يولدىكى ماشىنىلارنىڭ گۈللۈك ئىزلىرى شۇنچە ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— ئىش تاپالار كەلدى ئەينا، — دېدى ياسىنكام ئارقىسىغا ئۆرۈلگەچ ماڭا قاراپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇستىۋېشىمنى قاققاچ.

باھالاش دېگەننىڭ رازى بولۇپ كەتكىنى نەدە بار؟ ئىش تاپقىلى كېلىدۇ ئەينا. خاپىلىقنى بىزگە تېپىپ بېرىپ كېتىدۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن «باھالاش بىزنى ئۇنداق تەنقىد قىلدى، مۇنداق تەنقىد قىلدى. پالان ئىشنى ئۇنداق قىلماپسەن، پوكون ئىشنى مۇنداق قىلماپسەن» دەپ نەچچە كۈنگىچە ئېتىزلىقتىن

كىرگىلى قويۇشمايدۇ. يەنە قىلغان ئىشنى يەنە قىلىپ، ئاپتاپقا قاق سېلىنىپ ئۆلتۈرىدىغان گەپ. قورسۇقۇڭ ئاچمۇ توق؟ مېلىڭغا ئوت بەردىڭمۇ ـ بەرمىدىڭ؟ ئۆيۈڭدە تۇز ـ گۆگۈت بارمۇ يوق؟ بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى؟ ئىشەنمىسىڭىز ئەته ـ ئۆگۈن كۆرىسىز تېخى.

— مۇنداق دەڭ تېخى.

ئۇ بىردىنلا بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن:

— هوي. . . هېلىم شاڭجاڭ بىلەن ئاغىنە ئەمەسمىدىڭىز؟ كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇ ـ يا؟ كۆرگەن بولسا ماشىنىنى توختىتىپ كۆرۈشكەچ ئۆتۈپ كېتەر ئىدى؟

— كۆرمىدى، — دېدىم مەن دەررۇ، — مەن كۆردۈم، مېنى كۆرگەندەك قىلمىدى.

— كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىسا ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ قالامدۇ تېخى، مېڭىڭ يولدا تۇرماي ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى!

ياسىنكامنىڭ ئۆيگە قايتا تەكلىپ قىلغىنىغا «بۈگۈن بىر كېچە قونۇپ بەرمىسىڭىز هېساب ئەمەس» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغىنىغا ئۆزرىخاهلىق ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتىم.

تېخى كەچ كىرمىگەن بولسىمۇ ئۆيگە كېلىپلا بۈلۈڭدىكى سامانلىرى پىرىسلاپ تۇرىدىغان كونا تەكيە بىلەن مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان چىت كۆرپىنى تارتىپلا ئۆزۈمنى خىياللار قوينىغا تاشلىدىم. ئۇزاق زامانلارنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى بىلەن قارىداپ كەتكەن ئەگرى ـ بۈگرى بالا، تاق ۋاسلار ئارىسىدىن ئانام، داداملارنىڭ سىماسى كۆرۈنمەكتە ئىدى. شۇ تاپ ئۆزۈمنى شۇلارنىڭ قويىنىدا، قۇچىقىدا يېتىپ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بالىلىق چاغلىرىمغا قايتقاندەك هېس قىلماقتا ئىدىم. دادام مەن خېلى كىچىك چاغلاردا ئۆلۈپ كەتكەچكە

ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلىنى تازا ئېنىق ئېسىمگە ئالالمايتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنى كۆرەك تەلپىكىنى قىشمۇ ياز بېشىدىن ئالماپدىغان، ئۆچكە ساقال، جۇدەڭگۈ چىراي بىر هالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. لېكىن، بىچارە ئانامنىڭ تىلىم ـ تىلىم قورۇق چۈشكەن يۈزلىرى، كونا داكا ياغلىق ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان چاڭگا چاچلىرى، چوكىدەك ئورۇق بارماقلىرى تېخى هېلىلا كۆرگەندەك شۇنچە ئېنىق يادىمدا ئىدى. ئاشۇ بىچارە ئانامنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يالغۇز تاشلاپ قويغىنىمنى، قېشىمغا ئېلىپ كېتەلمىگەنلىكىمنى، ياخشى باقالمىغانلىقىمنى، هېچ بولمىسا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كېلىپ يوقلاپ، خەجىگە يەتكۈدەك پۇل ـ پۇچەك بېرەلمىگەنلىكىمنى ئويلاپ كۆز چاناقلىرىم غۇژژىدە ياشقا تولدى. هەسرەتلىك تولغاندىم. . .

بۇ قېتىم ئۆيگە كېلىپلا ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامنىڭ بېشىنى يوقلىدىم. ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە نىشانە ئۈچۈن سېلىپ قويۇلغان چالا قۇرۇق ئۇجمە، جىگدە كۆچىتىنىڭ تۈۋىگە نەچچە چېلەك سۇ قۇيۇپ قويدۇم. ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپى، باغلاردىكى ئېرىقلارنى چېپىپ دەل ـ دەرەخ، كۆچەتلەرنى قاندۇرۇپ بىر قېتىم سۇغاردىم. ئۇلار ئۆز قولى بىلەن تىككەن كۆچەت ـ قاناتلار قۇرۇپ كەتمەي ياشىرىپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ روهى بولسىمۇ خۇش بولۇپ قالار دەپ شۇنداق قىلدىم. بۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللىي تاپقاندەك بولۇپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىۋەتتىم. «ئۆيگە كەلگىنىمنىڭ ئەهمىيىتىمۇ مۇشۇ بولدى» دەپ ئويلىدىم.

«هەرقانچە ئەلىماخۇن بولۇپ كەتسەممۇ مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆي مۇشۇ مانا» دېگەننى ئويلىدىم. تەكچىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاچ بۇ ئۆيگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ هېيت ـ ئايەم، روزا ـ رامىزان، بارائەت كۈنلىرى

يىغلىپ، ئۆي ئىچىنى سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، ياغ پۇرۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، شۇ تاپ قەلبىم ئۇلارغا بولغان ئالەمچە خۇرسەنلىك بىلەن تولغانىدى. مايماق ئاسقۇدىكى ئانامنىڭ كونا پەلتۇ، چىت كۆڭلەك، تور ياغلىقى، تامغا سانجىپ قويۇلغان ئورغاق، پەگاھدىكى كۆتمەكشىپ كەتكەن كەتمەن، دەستىسى، سۇنۇق پالتا، كونا كالاچ، بىر بۇلۇڭدىكى تۆۋىقى يوق قازان، تۇتقۇچى يوق مىس چۆگۈن، چۇۋۇلۇق پۇلۇقتىكى دەز كەتكەن ئاياق، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىگىز. . . مانا بۇلارغا ھەپتىدىن بېرى نەچچە يۈز قېتىملاپ كۆز يۈگۈرتكەندىمەن. كۆز يۈگۈرتكەچ ئالەمنىڭ خىياللىرىنى سۈرگەندىمەن. ئەمما مەن ئاتا ـ ئانامدىن قالغان شۇنچە ئاددىي، شۇنچە قەدىمىي شۇ نەرسىلەردىن نۇرغۇن ھەقىقەت، تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنىڭ جىلۋىسىنى شۇنچە ئېنىق كۆرۈۋالدىم. كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسىراتلىرىمنى ئىخچاملاپ كۆردۈم. ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى يېڭىۋاشتىن چۈشەنگەندەك بولدۇم.

كەچ كىرىپ ئۆي ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. لېكىن مېنىڭ خىياللىرىم يەنىلا تاڭدەك يارقىن ئىدى. بىر تۇرۇپ ياسىنكامىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىك سىيماسى كۆز ئالدىمغا كەلسە، بىر تۇرۇپ ھېلىمنىڭ چاچلىرىنى ئارقىسىغا قاتۇرۇپ تاراپ، كۆزىگە قارا ئەينەك تاقاپ، ماشىنىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان بوقا گەدەن ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.

ئۇشتۇمتۇت چىققان بوران بارغانچە گۈركىرەپ ھويلىدىكى چەللىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىنى شاراقلىتىشقا، ئىشىكنى جالاقلىتىشقا باشلىدى. «شۇ تاپتا ئۈرۈمچىدىمۇ شامال چىقىۋاتقانمىدۇ؟ ياكى يامغۇر يېغىۋاتقانمىدۇ؟» دېگەن خىيال بىلەن خوتۇن ـ باللىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇلارغا تېلېفون ئالمىغىلىمۇ نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. «ئۇلار ساق تۇرغانمىدۇ؟ گاز تۈڭى قۇرۇغدىلىپ قالغانمىدۇ؟ مەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەشكەنمىدۇ؟» دېگەن ئويلار بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە كىرپىك قاقمىدىم.

مەن بىردىنلا ئەتە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىشنى خىيال قىلىپ قالدىم. تېزرەك قايتىپ بېرىپ يېقىندا يېزا تېمىسىدا يازغان بىرى پارچە پوۋېستىمنى دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاققا كۆچۈرۈپ، قولدىن چىقىرىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنى مەن يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كەلگەنىدىم. شۇ تاپتا پوۋېستىنىڭ بىر قىسىم دېتاللىرى خىيالىمدا قايتا تولۇقلىنىپ مېنى يېزىشقا ئۈندەۋاتاتتى.

جىگدىلىكنىڭ يەنە بىر يېڭى ئالىمى يورۇپ، ئەتراپتىن توغراقلىقتا ھەيدەپ مېڭىلغان قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، قومۇشلۇقتا قويۇۋېتىلگەن كالىلارنىڭ مۆقىرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىپ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىمنىڭدۇ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ پەغمىزدىكى كەپتەرلىرىگە دان چېچىۋاتقان، كىمنىڭدۇ شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرىنى پالاقشتقىنىچە بېدە يۇدۇپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھالىتى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كېچىدىن چىققان بوراندا يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن غازاڭ - غۇزۇڭ، غورا - غوتاڭلارنى بىر قەۋەت چاڭ - توزان كۆمۈۋەتكەنىدى.

يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىم - كېچەك، لۆڭگە، چوتكا، تارغاق، ساقال ماشىنىسى، رەسىم ئاپپاراتى، كىتاب - خاتىرە دېگەندەك نەرسىلىرىمنى بىر - بىرلەپ سەپەر سومكامغا قاچىلاپ قويدۇم. كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ ئىشىكتىن چىقتىم.

ياسىنكامنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى.

— دادام ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كېۋەزلىكتە، — دېدى ياسىنكامنىڭ كەنجى ئوغلى ئىشىك ئالدىدا چاپىنىنى سۇرتكەچ، — قىچقىرامىما؟

— بولدى چاقىرما! — دېدىم ئۇنىڭ كىر، مەينەتچىلىك دەستىدىن يامغۇردا قالغان تېرىدەك قېتىپ كەتكەن ئىشتان - كۆڭلەكلىرىگە نەزەر سالغاچ، — مېنى قېشىغا باشلاپ بارساڭ بولدى.

ئۇ ئالدىمدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغنىڭ سۇڭگۇچىدىن بېشىمنى چىقىرىپلا ئېتىزلىقتىكى ياسىنكامنى كۆردۇم. ئۇ كېۋەزلىكنىڭ رېتىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىچە بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا بېلىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— توخۇ پوق يېمەستە ئېتىزلىققا چىقىۋاپسىزغۇ ياسىنكا، — دەپ چاقچاق قىلدىم ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلگەچ، — كېچىدىن ئېتىزلىقنى چۈشەپ قويغانمىدىڭىزيا؟

— ئالەم يورۇپ بولغۇچە ئېتىزلىققا ئۇنۇپ بولمىساق، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتكەندەك قىلىپ، — باھالاشنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەلمەيمىز ئەينا.

— يەنە نېمە باھالاشكەن ئۇ؟ تېخى تۈنۈگۈنلا كېلىپ كەتتىغۇ؟

— بۈگۈن يەنە كېلىدىكەن. تاڭ ئاتماستا ئۆيمۇ ئۆي ھەممىنى ئېتىزلىققا ھەيدەشتى. بۇ يەردە ئۈچيۈز ئاتمىش كۈننىڭ ھەممىسىدە باھالاشنىڭ گېپى ئەينا. ئادەمنىڭ شۈنگىدىن باشقا نان يەپ، سۇ ئىچىدىغان ئىشى يوقتەكدەك، بۈگۈن كېۋەزلىكنى قايتا تەكشۈرگىلى كېلەرمىش.

— تۈنۈگۈن كەلگەندە كېۋەزلىكنى ئۆتتۈپ قالغانمىكەن؟

— قىلغان ئىشىمىز نەزىرىدىن ئۆتمىگەن چېغى، تۈنۈگۈن

كەچتىن بېرى مەھەللىدە شۇنىڭ مالامىتى. بىرسىمىزنى كېۋىزىڭىنىڭ هارام شېخى چالىكەن دېسە، بىرسىمىزنى قېرى قولىقىنى تولۇق ئالماپسەن، ئېتىزىڭدىن ئوت چىقتىيەي، ئاندىغەي ــ ماندىغەي دەپ جەرىمانە تۆلىمىگەن ئۆي جىق قالمىدى.

ــ سىزغۇ تۆلىمىگەنسىز؟

ــ تۆلىمەي قۇتۇلغىلى بولامدىغان ئۇكام. يانجۇقتا سېرىق سىنىتىنىڭ ئۇۋۇقى يوق، مەن تۇزىتىۋالاي دەپ يالۋۇرۇپ دېمىگەن گەپلىرىم قالمىدى. هېچگەپ يېيىشمەي بىر پاقلاننىڭ بويىنىنى باغلاپ، سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى ئەينا.

ياسىنكام قاشتا ئولتۇرغاچ ئەلەملىك خورسىنىپ قويدى. ئۇ كۆزلىرىمگە بىر كېچىدىلا ساقاللىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، خېلىلا جۇدەپ قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ هالىتىگە قاراپ ئىچىم سېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، نەزىرىمنى باشقا جايلارغا يۆتكىۋالدىم.

كېۋەز ئېتىزلىرىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر قىمىرلىشىپ يۈرۈشەتتى. هەممىسىنىڭ چىرايى سولغۇن، بىچارە، مۇسىبەت ئىگىسىدەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. كېۋەز مايسىلىرى ئەمدىلا قىر ئېشىپ كەلگەنىدى. بىر دىنلا ياسىنكامنىڭ ئېتىزىدىكى كېۋەز مايسىلىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. غەلىتە ئىش، كۆپىنچە مايسىنىڭ ئۇچىدىن ئىككى تال يوپۇرماقلا قالدۇرۇپ ئاستىن قىسمىنىڭ هەممىسى خۇددى كېيمىنى سالدۇرۇۋەتكەن كىچىك بالىدەك يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى.

ــ مايسىنى بۇنداق يالىڭاچلاپ قويسىمۇ پاختا بولامدۇ؟

ــ بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى ئۇكام. بىزگە خاپىلىق تېپىپ بەرگەن نەرسە مۇشۇ كېۋەز بولغاندىكىن، هەممىسنى ئۇجمە غازىڭىنى سېرىغاندەك سېرىۋەتتىم ئەينا.

— تەلپىكنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكەلگەندەك ئىش قىلسىڭىز كادىرلار بىر نېمە دېمەمدۇ؟

— دېسە دېمەمدۇ؟ يامىنى كەلسە جاننى ئالالماس، مۇشۇ يەرنى ئالار، يان - بۇلۇمغا قارىماي ئاناڭغا بەر يېرىڭنى دەيمەن.

ياسىنكامنىڭ ئاچچىق تەنە، ئېغىر خورسىنىشلىرىدىن دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭغا راستىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالغانىدى.

— توپىدا ئولتۇرماي ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى ئۇكام، — دېدى ياسىنكام ئورنىدىن تۇرغاچ، — تېخى ناشتا قىلغىنىچە بولمىغانسىز؟

مەن بۇ كۆڭلى پاراكەندە ئاكامغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم - دە، ئاندىن خېلى ئوڭايسىزلىق بىلەن ئۇنى ئىزدەپ كېلىشىمدىكى مەقسىتىمنى ئېيتتىم. دېگەندەك ئۇ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بىردىنلا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قالدى:

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ئۇكام؟ ئەتىگەندە تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپنى قىلىپ. . . ئۇنداق ئادەم بىر پارچە رەسىمىڭىزنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ. . . كەلگىلى ھەپتە، ئون كۈن بولماستا. . . ئىككى ئايلىق دەم ئېلىشقا كەلدىم دېگەنتىڭىزيا؟ بىز ئۇرۇق - تۇغقانلار ھە - ھۇ دېيىشىپ سىزگە رەمەتلىك ئاچامنىڭ ئۆيىنى ئوڭشاپ سېلىپ بېرەيلىمىكىن دەپ ئويلاشقان تېخى. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» بولۇشۇپ كەتمەيلى ئۇكام. . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەمما مەن ئورۇمچىگە قايتمىسام، ھەقىقەتەن زۆرۈرىيىتىم بارلىقىنى ئېيتمىسام بولمايتتى. مەن قانداق مۇھىم زۆرۈرىيەتلەرنى ئېغىزغا ئالغانلىقىمنى، قانداق توقۇلمىلارنى توقۇپ چىققانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم. ئۇ ئاخىر

سالپايغىنىچە ئۆي تەرەپكە ئالدىنى قىلدى.

شۇ ئەسنادا ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ قالغان مەھەللە باشلىقى بېشىنى ئازراقلا ئېگىپ سالام قىلدى. ئاندىن ماڭا قاراپ كاسكى كۇچۇكتەك چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى. شۇئان ئۇنى ئاخشام كەچ ياسىنكامنى زار قاقشىتىپ بىر پاقلىنىنى سۆرەپ چىقىپ، كەنت كادىرلىرىغا يېتىلىتىپ قويغانلىقى خىيالىمدىن كېچىپ، پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن تۆگە تاپىنى، جۇۋازچىنىڭ ماي تەپچىرەپ تۇرىدىغان پەشتامىسىدەك كىرلىشىپ كەتكەن خەسە كۆڭلىكى، توپارەڭ شاپاق بۆكى، مىس رەڭ چىرايى كۆزلىرىمگە تېخىمۇ بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئېتىمىز - ئارەكىنىڭ ئىش - كۇشلىرىنى كۆرگىلىرى كەپتۇ - ھە؟

— ھەئە، — دېدىم ئۇنىڭ ئاشۇ بەتبەشىرە تۇرقىغا كۆزلىرىمنىڭ نەشتىرىنى سانجىغىنىمچە.

— ھە. . . ي، — دەپ خورسىندى ئۇ تېخى ياسىنكامدىنمۇ ئۆتە بىر تولۇم دەردى بار كىشىدەك بىر سىياقتا، ئېتىمىز - ئارەكىنىڭ خاپىلىقى بىز بىلەنلا كەتسۇن. خۇدايىم بەندەم دېگەن كىشىگە بۇ كۈنــى نېسىپ قىلمىسۇنكەن. دېھقانچىلىق - چىلىق - چىلىــق تەر دېگەن گەپ. كۈن ئالماق بارغانچە تەسلىشىپ كەتتى، خىزمەت قىلماق تېخى. بىردەم ئۇھ دەپ ئولتۇرغىلى نەدە چول؟ بىزمۇ بىر ئۆيگە باش بولۇپ قالغان بەندە. ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا قولىنى ئەگرى قىلالماي كەچ بولغاندا ئۆيگە كىرسەك خوتۇن - بالىلار «كاپىراتسىيەنىڭ دالدىكى» دەپ مالامەت قىلىشىپ باشنى ئوچاق قىلىۋېتىكەن. يا باھالاشتىن قۇتۇلغىلى بولمىغان. جاھان نېمە بولۇپ كەتتى بۇ كەمدە!

قارىغاندا ئۇنىڭمۇ راستىنلا خېلى دەردى باردەك قىلاتتى. «دەردى يوق بىر ئىنسان يوق» دېگەن گەپ مۇشۇ مانا، دەپ ئويلىدىم ئۇنىڭ سونجاقلىرى چاك - چاك يېرىلغان تۆگە تاپىنىغا

زەن سالغاچ سەل ئىچىم ئاغرىپ.

ـــ ھازىر خىزمەتتە «كاۋا، قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» بولۇپ كەتتى. باشقا يۇرتتا قانداق، كۆرمىگەندىكىن بىلمەيدىكەنمىز؟ ـــ دېدى. ئۇ بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، ـــ دېھقان ئۆزى قىزىقمىغان ئىشنى قىلدۇرماق تەسكەن. ھازىر دېگەن ياسىن ئاخۇن خىزمەت قىلغان زامانغا ئوخشىمايدۇ. ئەزانىڭ بىزنى كۆرە كۆزى يوق. يا تەشكىلگە ياخشى بولالمىغان، يا ئەزاغا. .

ـــ سىلىگىمۇ تەسكەن ـ دە؟

ـــ شۇنى دېمەملا؟ ـــ دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغاچ، ـــ خىزمەت قىلدىم دەپ كەتتىن بىر موچەننى نەق ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالغىنىم يادىمدا يوق. يەنە بىر يىل قىلىپ بەر، ئۇنىڭدىن كېيىن تون كىيگۈزۈپ شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىرىمىز دېسە ماقۇل دەپتىمەن. بىزگىمۇ كۆندە مىڭ ياڭزا تەڭلىك. ئۇ يېنىمىزغا قارىساق تەشكىل، بۇ يېنىمىزغا قارىساق ئۆلسەك ـ يىتسەك بىر سەپتە تۇرىدىغان ئەزا. ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا سوقۇلۇپ ئۆتكەن كۈن يوق كۈنكەن.

بىز ئەمدى مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇراتتۇق، مەھەللە باشلىقى ياسىنكامغا بۇرۇلدى:

ـــ تۈنۈگۈن سەل قاراپ ناھەق بىر پاقالنى قولدىن بېرىپ قويدىلا، ماڭىمۇ ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى. سىلىنىڭ ئېغىللىرىدىكى مېنىڭ ئېغىلىمدىكى، مېنىڭ ئېغىلىمدىكى سىلىنىڭ ئېغىللىرىدىكى ئەمەسمۇ؟ زىيان ھەممىمىزگە ئاچچىق. بۈگۈن رەھبەرلىككە «تۈزەتتى» دەپ ئىككى ئېغىز تەۋسىيلىرىنى قىلىپ، يېلىنىپ باقارمەن، ئىنساپ قىلسا بېرەر، بولمىسا يوق. قولىمىزدىن كېلىدىغىنى شۇ ئەمدى. بۈگۈن يەنە سەل قارىماي، سۇ كېلىپ بولغۇچە ئېچىغلىرىنى ئوبدانراق كۆندۈرۈپ قويغان بولسىلا! كۆڭلىمىز

خېلى يىقىن، باشقىلارنى ھەيدىگەن تاياقتا سىلىنى ھەيدىگىلى بولمايدۇ. ئېشەكنى تاياقتا، ئاتنى قامچىدا ھەيدەيدىغان گەپ. چىقانىنىڭ ئۈستىگە كۇدۇمبا چىقىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— نېمە، بۈگۈن سۇ كېلەمدىكەن؟ — دەپ سورىدىم ئارقىمغا بۇرۇلغاچ.

— نەدە سۇ كەلسۇن، — دېدى ياسىنكام دەررۇ، — بۇغداينى ئۆتكەنكى دان سۇيى بىلەن ئوراپ خامانغا تاشلايمىز. بولغىنى شۇ. ئەمدى دەرياغا كەلكۈن كەلسە سۇنىڭ قارىسىنى كۆرىمىز، بولمىسا يوق.

— سۇنىڭ گېپى ئەمەس، باھالاشنىڭ گېپى، — دېدى مەھەللە باشلىقى ياسىنكامنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — سۇ كەلسىغۇ تەلپەكنى ئاسمانغا ئاتاتتۇق مۇشۇ كۈندە، ئۇكام.

باھالاشنىڭ گېپىنى يەنە ئاڭلاپ، بىر تۇرۇپ تەئەججۈپلەندىم. بىر تۇرۇپ بۇنداق ئوبرازلىق گەپنىڭ مەنىسىگە ھېچ پەرۋا قىلمىغانلىقىمدىن مەھەللە باشلىقى بىلەن ياسىنكامنىڭ ئالدىدا سەل خىجىللىق ھېس قىلغاندەك بولدۇم. لېكىن شۇئانلا «مانا تۇرمۇش، مانا خەلق تىلى» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

— يەنە كەلمەكچى، ئەتمۇ كېلىدىكەن تېخى، — دېدى مەھەللە باشلىقى گەدىنىنى تاتىلىغاچ تەڭقىسچىلىقتا قالغان بىر ھالەتتە، — بۈگۈنكىسىدىن ئەتىگەن ئەزالارغا خەۋەر يەتكۈزگەن. ئەتە، ئۆگۈنكىسىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق. بىزگىمۇ بايا ئۇقتۇرۇش قىلدى تېخى. ياسىن ئاخۇن ئاڭلىدى مانا، باشقىلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ مېڭىشىم ئىدى.

— يەنە نېمە باھالاشكەن ئۇ؟

— بۈگۈنكىسى كەنتنىڭ كېۋەز باھالىشى، ئەتىكىسى ئۇچاستىكىنىڭ پىلىچىلىك باھالىشىكەن. ئۆگۈنلۈككە

كېلىدىغىنى يېزىنىڭ باھالاشنى باھالىشكەن.

— باھالاشنى باھالاش دېگەن قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟

— يېزىنىڭ، تۆۋەننىڭ باھالاش ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى باھالىغىلى كېلىدىغان باھالىشى.

شۇتاپ ئىچ - ئىچىمدىن قىستاپ كەلگەن بىرى خىل ئاچچىق كۈلكە بوغۇزۇمغا پاتماي كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. باھالاش دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاۋېرىپ مېڭەمنىڭ قوچۇلۇپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم - دە، بۇ يەردە يەنە بىردەم تۇرۇشقا پەقەت تاقىتىم قالماي ياسىنكامنىڭ پېشىدىن تارتتىم.

تۇرۇپلا ئېشەكنىڭ شۇنچە رايىشلىقى، شۇنچە جاپاغا چىداملىقى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ قالدىم. دېمىسىمۇ ئۇ بەرگەنگە شۈكۈر قىلىدىغان، بەرمىگەنگە ئۆلۈپ قالمايدىغان، نەگە تارتساڭ، قانچىلىك يۈك ئارتساڭ كۆتۈرۈپ مېڭىۋېرىدىغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق. لېكىن ئۇنىڭ جېنى تۆمۈر ئەمەستە، تارتقان بىتالاي جاپالىرى ھالىدىن كەتكۈزمەي قالامدۇ؟! قۇۋۇرغىسىنى سانىغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ئورۇق، بىچارە ئېشەك قۇلاقلىرىنى سالپايتقىنىچە بىر خىل رىتىمدا كېتىپ باراتتى. ھارۋا چاقى مايسىراپ كەتكەنلىكتىن «كىرىت... كىرىت» قىلىپ يېقىمسىز غىچىرلايتتى.

كۆڭلۈمنى بىر خىل ناخۇشلۇق چىرمىۋالغانىدى. بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم - دە، بېشىمنى بۇراپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ياسىنكامغا زەن سالدىم. ئۇ تولىمۇ غەمكىن چىراي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاللىقانداق خىياللار بىلەن بېشى چۆشۈپلا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تويۇپ تۇرماقتا ئىدى.

— ياسىن ئاخۇن، سىلى ھەممە ئىشتا بار بىر ئادەم تۇرۇپ نېمە قىلغانلىرى ئۇ؟ — دېگەنىدى، نەدىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب بۇرجىكى
www.uyghurkitap.com

مەھەللە باشلىقى ھارۋىنى ئەمدىلا تارتىپ ماڭايلى دەپ تۇرغان چېغىمىزدا، قوشۇمىسى كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك تۈرۈلگىنىچە، — بۈگۈن كېۋەز باھالىشى كېلىدىغان تۇرسا، كېۋەزلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويغا غازاڭ سېرىپ بەرگەندەك سېرىپ يالىڭاچلاپ قويغانلىرى نېمىسى؟

— ھارام شېخى بىلەن قېرى قولىقىنى ئېلىۋەتتىم ئەينا، يا يۇلۇۋەتمىدىم، — دېگەنىدى ياسىنكام تەنە بىلەن.

— ئېلىۋەت دېسە شۇنداقمۇ ئېلىۋەتكەن بارمۇ؟ يۇلغاندىمۇ ئۆتە چاتاقنى تېرىپلا مانا، — دېگەن ئىدى مەھەللە باشلىقى تېخىمۇ جىلى بولۇپ، — سىلىنى دوراپ باشقىلارمۇ شۇنداق چاتاقنى تېرىپ قويۇپتۇ، ئاغزىغا نان يېمەمدۇ بۇ خەق؟ باھالاش سورۇشتە قىلىپ قالسا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ بىزنى بولسىمۇ ئاياپ قويسىلا يامان بولۇپ كېتەرمىدى؟

— قىلغان ئىشىم خاتا بولسا ئۆزۈم ئىگە، سىلىگە نېمە گەپ يېتەتتى، — دېگەنىدى ياسىنكام ئۆزى قىلغان ئىشنى تەن ئېلىپ، — ھەرقانچە ئادەم ئېتىۋېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ماۋۇ ئۆكامنى يولغا سېلىپ قويۇپ كەلگەندىن كېيىن دېسىلە بولماسمۇ! تويدا ئىشتىنىمنى سېلىپ بەر دېگەندەك ئادەمنىڭ ئالدىنى توسقىچە. . .

— باشقا گەپ قىلاي دېسەم يانلىرىدىكى مېھماننىڭ يۈزىنى قىلدىم، — دېگەنىدى مەھەللە باشلىقى ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك ماڭا قاراپ، — يولغا سېلىپ قويۇپلا ھايال بولماي كېلەلا ئەمىسە، جەرىمانە قويمىسا ياخشى، قويۇپ سالسا مېنىڭ كارىم يوق. رەھبەرلىككە ئۆزلىرى جاۋاب بېرەلا!

ياسىنكام ئېھتىمال شۇ كۆڭۈلسىزلىكنى، باھالاش سورۇشتە قىلىپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى، يەنە جەرىمانە قويسا يەرنى تاشلاپ بېرىشنى ئويلاۋاتىدۇ ھەقاچان، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

— يولغا چىققاندا كۆڭلىڭىز تازا ئۇز بولمىدى ـ ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى ياسىنكام بىردىنلا خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ياقەي، — دېدىم ئۇنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلاپ، — نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ يا سىزدىن قىلچىلىك كۆڭۈل ئاغرىتقان يېرىم بولمىسا، كادىرلار بۇيرۇغان بەزى ئىشلارنى توغرا تېپىلىك ـ تاپماق، ئەمما ئېغىر ـ بېسىق بولۇڭ! تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈشلىپ كېتىدۇ.

— بەزى ھەق ـ ناھەقچىلىكنى كۆرسەم پەقەت چىدىغۇچىلىكىم يوق. قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئامال يوقكەن.

كۈن خېلى ئۆرلەپ قالغانىدى. كوچوم مەھەللە جىگدىلىكىنىڭ قارىسى بارا ـ بارا كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئەمدى يېزا مەركىزىدىكى ئالىيقانداق تۈمۈر مۇنار، سۇ مۇنارلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

شۇتاپ نۇرغۇن ئىشلار خىيالىمدىن ئۆتمەكتە ئىدى. بىر تۇرۇپ: «بۇگۈن ئايروپىلان بېلىتى ئالغىلى بولارمۇ؟ ئەتە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بولمىسا كارىۋاتلىق ئاپتوبۇستا كەتسەم بولارمۇيا؟ پۇلىمۇ تېجىگىلى بولىدۇ» دېگەننى ئويلىسام، بىر تۇرۇپ: «يۇرتۇمغا يەنە قاچانلاردا كەلگىلى بولار؟ . . . ياسىنكام بىلەن يەنە كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟ يا كۆرۈشكىنىم مۇشۇ بولۇپ قالارمۇ؟ . . . » دېگەننى خىيال قىلاتتىم. بىر تۇرۇپ ھېلىمنىڭ چاچلىرىنى ئارقىسىغا قاتۇرۇپ تاراپ، كۆزىگە قارا ئەينەك تاقاپ، بۇقا گەدىنىنى چىقىرىپ، ماشىنىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان سىيماسى، ياسىنكامنىڭ بىر پاقلىنى سۆرەلگىنىچە ئېلىپ مېڭىلغاندا ئۇنىڭ خوتۇن ـ باللىرى بىلەن ياشقا تولغان كۆزلىرىنى لۆمۈلدەتكىنىچە قاراپ قالغان بىچارە ھالىتى، مىس

www.uyghurkitap.com

چىراي مەھەللە باشلىقىنىڭ قوشۇمىسى كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك تۈرۈلگىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كاسكى كۇچۇكتەك كاسىلداشلىرى. . . كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، دەممۇ دەم خورسىناتتىم.

— ھېلىم شاڭجاڭ بىلەن دىدارلاشقىچە بولمىدىڭىز — ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى ياسىنكام خىياللىرىمنى بۆلۈپ.

— قويىڭە ئۇنىڭ گېپىنى! — دېدىم بىر پەستىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

— سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ، مۇشۇ باھالاش توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىپ ھۆكۈمەتكە ئىنكاس قىلسىڭىز بەكمۇ خۇش بولاتتۇق!

— شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدىم دەررۇ، — قايتىپ بېرىپلا چوقۇم يازىمەن.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ بىز يېزا ئالدىدىكى قاتناش توختايدىغان دوقمۇشقا كېلىپ قالغانىدۇق. بۇ دوقمۇش مەن بىلىپ كىچىك بىر بازار ئىدى. شۇ تاپتىمۇ بۇ دوقمۇشتىكى دۇكاندار، ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپلاردىن تارتىپ، لەڭپۇڭچى، گازىرچى، ياماقچىلارغىچە ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك ئىدى. بىر ماگىزىننىڭ لەمپىسى ئاستىدا ئون - يىگىرمە بىكار تەلەتلەر چۆرقىرىشىپ قارتا ئويناشىۋاتاتتى. قەيەردىندۇ ئۇنئالغۇنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ياڭراق ساداسى كېلەتتى.

— بولسا شەھەرگىچە بېرىپ ئۆزىتىپ قويسام بولاتتى، — دېدى ياسىنكام ھارۋىدىن سومكامنى ئېلىپ ماشىنىغا سۇنغاچ، — لېكىن يەنە شۇ باھالاشنىڭ گېپى، ئىشىكتىن چىقىپ بىر يەرگە خاتىرجەم بېرىپ كەلگىلى بولمىغان. كۆڭلۈم يېرىم قالدى ئۇكام.

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ئاكا، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى قىلىپ، — ھېلىمۇ سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. مۇشۇ يەردىن

قايتىپ كېتىمەن، خۇدا بۇيرىسا يەنە كېلىمەن.

— كېلىپ تۇرۇڭ ئوكام! رەھمەتلىك ئاچام بولمىغان بىلەن بىز بار. بىزنى تاشلىۋەتمەڭ!

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ياسىنكام كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ مەنمۇ كۆزلىرىمنىڭ لۆمۈلدەپ قالغانلىقىنى دەررۇ ھېس قىلدىم. ئۇنىڭغىچە ماشىنا قوزغالدى. ياسىنكام كۆز يېشى قىلغىنىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بارا-بارا يىراقتا قالدى. ئاخىرىدا بارغانچە كىچىكلەپ، بىر چېكىتكە ئايلىنىپ، ئاشۇ چېكىتمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. يېزىنىڭ ئاشۇ قايناق دوقمۇشىمۇ، ئاللىقانداق تۆمۈر مۇنار، سۇ مۇنارىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن شۇندىلا ماشىنا دېرىزىسىدىن بېشىمنى تارتىپ ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى تاشلىدىم-دە، چىن كۆڭلۈمدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇنۇ سۆزنى چوڭقۇر مېھىر بىلەن ئاستا پىچىرلاپ قويدۇم:

— خەير-خوش جىگدىلىك! خەير خوش ياسىنكا!

# قاياش

ئاسماندا ئېپتا يۇلتۇزىنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان بىر چاغدا قوغۇنلۇق كەنتىگە بىر جىپ ماشىنا چىراغ ياندۇرۇپ كىرىپ كەلدى. ئاردىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە چىرىغىنى ياندۇرۇپ كەلگەن يولى بىلەن يېنىپ كەتتى. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ تولىسى هويلىسىدىكى چىراغ يورۇقىدا ئاللىقانداق قۇرۇق پاراڭلارنى سېلىشىۋاتقان ياكى كېچىكىپ پىشقان ئۈگرە، چۆپ، شۇڭغۇتماق، سىقماق دېگەندەك سۇيۇق - سەلەڭ ئاشلىرىنى تەرلەپ - تەپچىرەشكىنىچە خالاپىشتىپ ئىچىۋاتقان، بەزىلىرى سۇنايلىنىپ يېتىشقىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بىر چاغ بولغاچقا، بۇ جىپ ماشىنىنىڭ كەنتكە نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ، نېمە سەۋەب بىلەن قايتىپ كەتكەنلىكىنى، كىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى. پەقەت خۇپتەن نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇپ ئۆيىگە يانغان بىرسىلا بۇقۇناق ئۆرلىتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىنى غۇۋا كۆرۈپ قالدى.

كۈندۈزى بولسىغۇ بۇ ئىش خۇددى ئېشەك ھاڭرىغاندەك بىردەمدىلا ھەممىنىڭ قۇلىقىغا تەڭ يەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىپ قالغانلاردىن بىرسى:

— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، بىر ماشىنا كېلىپ پالانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىغانمىشقۇ؟ — دەپ گەپ تەشسە، يەنە بىرسى ئۇلاپلا:

— راست، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كەلگەنلەر ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ خېلى چوڭ ئەمەلدارلىرىدەك قىلىدۇ، — دېگەن بولاتتى. ئارقىدىنلا يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ پەرىزىنى سۆزلەپ:

— بۇ ئىشتا چوقۇم بىر جىن بار، قاراپ تۇرۇڭلار! بۈگۈن - ئەتە پالاننىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ ئېلىپ ماڭىدۇ تېخى؟ — دېسە، يەنە بىرسى تۇرۇپ:

— راست، مېنىڭ كۆڭلۈم تويغان، پالاننىڭ بېشىدا چوقۇم بىر تارتقۇلۇقى بار، ھالال - ھارامنى ئايرىپ ئولتۇرمايتتى ئۇ، ئۆتكەندە بىر قويۇمنى ئوغرى ئالغاندا باشقا يەردىن گۇمان قىلىپ يۈرگەن ئىكەنمەن، — دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن كۆۋرۈك بېشىدا پالانى دەپ ئېغىزغا چىقىپ قالغان كىشى بىردەمدىلا «ھالال - ھارامنى ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان، قوي ئوغرىلىغان، ھۆكۈمەت قولغا ئالماقچى بولغان» بىر ئادەمگە ئايلىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز بولۇپ كېتەتتى.

لېكىن بۇ كۆۋرۈك بېشىغا ئىت - ئېشەكنى باغلاپ قويسىمۇ تۇرغۇسى كەلمەيدىغان، ھەممە ئادەم ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن بىر چاغ ئىدى - دە.

ئارىدىن بىر كېچە ئۆتتى. دېگەندەك ئەتىسىلا كۆۋرۈك بېشىدا شۇنداق مۇلاھىزە، پەرەزلەر قايناپ كەتتى. ئارقىدىنلا بۇ توغرىدىكى مىش - مىش گەپلەر ئېشەك ھاڭرىغاندەك بىردەمدىلا كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

ئەتىگەنلىك قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندى. ساڭگىلاپ تۇرغان تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى ئەينەكتەك شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە ساپ كۆرۈنەتتى. ئۇستىنى ئېگىز تېرەكلەر سايىۋەندەك ئوراپ تۇرغان ئاسفالت يول خۇددى يىراقلاردىن ئېقىپ كېلىپ، يەنە يىراقلارغا قاراپ

ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدەك كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغا سوزۇلغانىدى. كۆۋرۈكنىڭ بۇ تەرىپىدە تاملىرى سۈتتەك ئاقارتىلغان، تۆمۈر دەرۋازىلىق، تال - بوستانلىق كەنت قورۇسى ۋە ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئېگىز خادىغا ئېسىلغان قىزىل بايراق تاڭ شەپقىدەك جۇلالىنىپ كۆزگە تاشلىناتتى. چارساقال ناۋاينىڭ تونۇرغا تاشلىغان يۇلغۇن شېخى تۇتەك بۇقسىتىپ كۆيمەكتە ئىدى. لەڭپۇڭچى چوكان غالتىكىنى ئورۇنلاشتۇرغان يەرنىڭ ئەتراپىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ سۇ چېچىۋاتاتتى. گازىرچى قىز داستىخىنىنى يېيىپ قويۇپ گازىر سورۇماقتا ئىدى. ياماقچى بوۋاي داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر ساندۇقىدىن ياماق ماشىنىسى، ھەر خىل پۇرۇچ، كونا ئۆتۈك، پېتەك، چوتكا، قايچا، بىگىز دېگەندەك نەرسىلىرىنى ئېلىپ رەت - رېتى بىلەن تىزماقتا ئىدى. ساتىراشخانىنىڭ دېرىزىسىگە ئېسىپ قويۇلغان ئاۋاز ياڭراتقۇدىن ئاللىقانداق ناخشا ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى.

كۆۋرۈك بېشىغا يەنە كۈندىكىدەك بىردىن - ئىككىدىن ئادەم يىغىلىشقا باشلىدى.

— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ گەپ باشلىدى يۇسۇپ كارناي ئەتىگەندىلا كۆۋرۈك ئورۇندۇقىغا قونۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — ھاشاردىن يانغاندا كەچكە قېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم، بىر چاغدا ئالغان خوتۇن كاژ - كۆژ قىلىپ بىر نەرسە قورۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيدە بولمىسام كىمگە شۇنداق ھەشەم قىلىۋاتقاندۇ بۇ خوتۇن دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى - دە، شەپە چىقارماي ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۆگزىگە چىقتىم. تۈڭلۈكتىن قاراپ تۇرسام سەينى قورۇپ، لەڭمەن سالدى. ئۆزى يەيدىغاننى يەپ، بىر كورىغا لەڭمەن سېلىپ يۆگەپ قويغاندىن كېيىن ئىشىكنى دەملەپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتتى. بۇنى كۆرۈپ، بۇ لەڭمەننى

كىمگە يۆگەپ قويغاندۇ دەپ گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئىشىكنى ھېلى بىرسى كېلىپ قاقامدىكىن دەپ، ئىچىمگە تىنىپ، قۇلىقىمنى دىك تۇتۇپ بىر ھازا ئولتۇردۇم، ئولتۇرۇپ ـ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتىمەن. ئۇخلىساممۇ ئىشىك بېشىدا ئۇخلاي، بىرەرسى كېلىپ ئىشىكنى چەككۈدەك بولسا دەررۇ كۆزۈمنى ئاچارمەن، دەپ ئۆگزىدىن بىر كالتەكنى تاپتىم. ئىشىك بېشىغا كېلىپ پەسكە قارىسام بوسۇغا تۈۋىدە بىرسىنىڭ قارىسى كۆزۈمگە چېلىقماسمۇ، ئۇنىڭ قولىدىمۇ بىر كالتەك تۇرغاندەك قىلىدۇ. كالتەكنى قولتۇقلاپ ئاستا ماراپ ئولتۇرسام، ئۇمۇ كالتەكنى قولتۇقلاپ مەن بىلەن تەڭ ئولتۇردى. مەن ئىشىك بېشىدا ئۇنى ماراپ ئولتۇرىمەن. ئۇ مېنى كۆرمەي بوسۇغا تۈۋىدە خوتۇنۇمنى ماراپ ئولتۇرىدۇ. يا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرمەيدۇ، يا ئىشىك ئالدىدىن نېرى كەتمەيدۇ. كىمدۇ بۇ دەپ ئويلىمىغان ئوي قالمىدى. مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئاۋۋال بۆكۈمگە جىگدە سالغان بۇ گۆينى ئۆلتۈرەي، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى ھاشارغا كەتتى دەپ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلغان جالاپ خوتۇننى ئۆلتۈرەي، يامىنى كەلسە ھۆكۈمەتنىڭ ئوقىدا ئۆلەرمەن، دەپ ئويلاپ كالتەكنى كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. قارىسام ئۇ گۆيمۇ مەن بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بولدى. مېنى كۆرۈپ كالتىكىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولدى. مېنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، قېچىپ كېتىپ بولغۇچە تۇتۇۋالاي، دەپ ئۆزۈمنى تۆپىسىگىلا تاشلاپتىمەن.

— كىمكەن ئۇ؟ — دەپ تەڭلا سوراشتى شۇئان ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغانلار.

— كىم بولاتتى؟ — دېدى يۇسۇپ كارناي ھىجايغىنىچە بىرسىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ ئالدىرىماي شورىغاندىن كېيىن، — ئۆزۈمنىڭ ئايدىڭدىكى سايەمكەن ئەمەسمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپتىكىلەر بىردىنلا پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— شۇ چاغدا ئىككى قوۋۇرغام پۇكۈلۈپ بىر ياز يېتىپ ئاران ساقايغان ئەمەسما. ئەسلى شۇ كۈنىسى ھاشاردىن يانغۇچە ئىككى پىنەك نەشە چېكىپ قويۇپتىكەنمەن، ھەممىسى شۇنىڭ كاشىلىسى.

— كىمگە يۆگەپ قويۇپتىكەن ئۇ لەگمەننى؟

— مېنى كېچىنىڭ تېگىدە ھاشاردىن كېلىپ قالسا دەپ يۆگەپ قويغىنىكەن ئەمەسمۇ؟

ئەتراپتىكىلەر قىزىق بىر كىنو كۆرگەندەك بولۇشۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئىغىزلىرىنى يۇمالماي قېلىشتى.

يۇسۇپ كارناي قىرىق ياشلاردىن ھالقىـــغان، كۆسەي چىراي، ئۆچكە ساقال بىر ئادەم ئىدى. قاچانلا قارىسا ئۇنىڭ گەپ قىلغىلى پەقەت ئېرىنمەيدىغان ئاغزى مىدىرلاپلا تۇراتتى. ئۆيى كۆۋرۈك يېنىدىلا بولغاچقا ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆۋرۈك بېشىدىن نېرى كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. ئۆيىدە خوتۇن توختىمايتتى. كىمنىلا ئالسا شۇ خوتۇن «بىر ئۆيىنىڭ ئىشىغا قولىنى ئەگرى قىلمايدىكەن، ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆۋرۈك بېشىدىن كىرمەيدىغان كاپ - كاپكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆي تۇتۇپ كۈن ئېلىشقا كۆزۈم يەتمىدى» دەپلا ئىككى - ئۈچ ئايغا قالماي بوغچىسىنى قولتۇقلاپ كېتىپ قالاتتى.

ئۇ تېلېۋىزور كۆرۈشكە، رادىئو ئاڭلاشقا، گېزىت ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. شۇڭلاشقا ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى ھەممىدىن بۇرۇن شۇ ئاڭلايتتى، ئاڭلاپ بولۇپ كۆۋرۈك بېشىدا شۇ سۆزلەيتتى، شۇنىڭ ئاغزىدىن ئېغىزلارغا كۆچەتتـــى، ئېغىزلاردىن قۇلاقلارغا يېتەتتى. ئۇ باشقىلارنى ئاغزىغا قارىتىپ گەپ سېتىشقا خۇشتار ئىدى. كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىـــپ قالغانلارمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاشقا خۇمار ئىدى. ئۇ گېزىت

پارچىسىغا بىر تال تاماكىنى يۆگەپ، ئىككى شورنۇۋېلىپلا «هوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ» دەپ ئېغىز يىرغان هامان كۆزۈۋەك بېشىدىكى ھەممە گەپ شۇنىڭ بولاتتى، ھەممە شۇنىڭ ئاغزىغا، ئىككى قاتار سېرىق چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا قاراپلا قالاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سېرىق چىشلىرى ئارىسىدىن سەت، لاۋزا گەپلەرمۇ چىقاتتى، يېگىدىن - يېڭى كۈلكىلىك گەپلەرمۇ چىقاتتى.

يۇسۇپنىڭ ئەسلى لەقىمى نېمە؟ بۇنى چوڭلار بىلمىسە، كىچىكلەر تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ كارنايدەك توختىماي سۆزلەپلا تۇرىدىغان بولغاچقا مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا كارناي دەپ لەقەم قويغان ئىدى. بۇ لەقەم ئۇنىڭغا ئۆز ئىسمىدەك ئۆزلىشىپلا كەتتى. يۇسۇپ كارناي ئاشۇ كارنايدەك سۆزلەپلا تۇرىدىغان ئاغزى توپەيلى «نېمىشقا مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىدىڭ» دەپ كىملەردىندۇ دەككە - دەشنام يېگەن، «يوق گەپنى نەدىن تاپتىڭ» دەپ كادىرلاردىن تەنقىد، ئاھانەت ئاڭلىغان چاغلارمۇ بولغان. لېكىن سۈت بىلەن كىرگەن خۇينى تۇزەتكىلى بولمىغاندەك، قاچانلا قارىسا ئۇ كارنايدەك سۆزلەپلا يۈرەتتى. كىچىكلەر ئۇنىڭ كېيىنگە قىزىقىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. چوڭلار بولسا «بۇ يۇسۇپ كارناي نەدىن تاپقاندۇ بۇنداق گەپنى؟» دېيىشىپ ساقاللىرىنى سىيپىشاتتى.

بىر يىللىرى يۇسۇپ كارناي كەنتكە مۇدىرمۇ بولغان تېخى. ئۇنى ئەزالار «كارنايدەك سۆزلەيدۇ، گېزىت ئوقۇيالايدۇ، سەۋىيىلىك» دەپ سايلاشقانىدى. لېكىن ئۇ بۇ خىزمەتنى قامالاشتۇرالماي ئاران ئىككى - ئۈچ ئايلا قىلالىدى.

— يېقىندا يېزا مۇنداق ئىش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى، — دەپ سۆزىنى باشلايتتى ئۇ ئەزالار چوڭ يىغىنى ئېچىلغاندا كارنايدا سۆزلىگەندەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە، — هوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەيتتى ئۆزىنىڭ چوڭ يىغىندا سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، — يېقىندا بىر دۆلەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئايال ئىككى باشلىق بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپتىكەن، بۇنى گېزىتكە بېسىپتۇ. ھازىرچىغۇ ئانىسى ئىككى بېجىقىنى ئىككى ئېغىزغا سېلىپ، ئېمىتىپ بېقىۋاتقانىمىش. لېكىن ئاشۇ بالا چوڭ بولۇپ، ئۆيلەپ قويۇشقا توغرا كەلسە قاملىشارمۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇنىڭغا تەگكەن خوتۇن قايسىسىنىڭ ئاغزىغا سۆيۈشنى بىلمەي تەڭلىكتە قېلىشى مۇمكىن. دەپ بېقىڭلارچۇ، بىچارە خوتۇن قانداقمۇ قىلار؟

بۇنداق گەپ بىلەن يىغىن يىغىن بولماي ئولتۇرغانلار بىقتىنلىرىنى تۇتۇشقىنىچە بىر ھازا كۈلۈشۈپ كېتەتتى.

كۈن خېلى ئۆرلەپ قالغانىدى. يۈسۈپ كارنايىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. ئۇ كۆۋرۈك ئورۇندۇقىغا قارىغىدەك قونۇپ ئولتۇرغىنىچە يېنىدىكى بىرسى چېكىۋاتقان تاماكىنى قولىغا ئېلىپ بىردەم شورىدى ــ دە، ئاندىن ئاللىقانداق بىر يىغى ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ:

ــ ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ــ دېدى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ.

ــ نېمىنى؟ ــ دەپ سوراشتى ئۇنىڭ سېرىق چىشلىرى ئارىسىغا قاراپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشى تەڭلا.

ــ ئاخشام، ــ دەپ گەپ باشلىدى ئۇ بېشىدىكى شاپاق بۆكىنى سەل ئارقىسىغا سۈرۈپ قويۇپ، ــ ناھىيىدىن بىر باشلىق كېلىپ قادىر ياڭاقنىڭ ئۆيىدە قونۇپتۇ. ئۇ ماشىنىغا كۈدە ــ كۆرپىسىدىن تارتىپ، چاي ئىچىدىغان قاچىسىغىچە ھەممىنى بېسىپ كەلگەنمىش. ماشىنا ئاخشام ئۇنى شىررىدە ئەكېلىپ قويۇپ يەنە شىررىدە يېنىپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىنىڭ ئاغزى كامارەدەك ئېچىلىپلا قالدى:

ــ قانداق باشلىقكەن ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئارىدىن بىرسى.

— قانداق باشلىقلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ — دېدى يۇسۇپ كارناي ئۇنىڭغا بۇرۇلغىنىچە، — هازىر باشلىق دېگەندىن تولا نېمە بولمىسا؟

— قادىر ياڭاقنىڭ تۇغقىنىمىكەن يا ئۇ؟

— نەدە تۇغقىنى بولسۇن؟ — دېدى يۇسۇپ كارناي دەررۇ، — قادىر ياڭاق دېگەن بىرەر باشلىق تۇگۇل، هۆكۈمەتنىڭ تۆت تەڭگىسىنى ئېلىپ خەجلەيدىغان بىرەر ئەپەندى چاغلىق تۇغقىنىمۇ يوق بەندە تۇرسا؟

— ئەمىسە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن باشلىقكەن ئۇ؟

— ئۇچتە بىرگە بولغىلى كەلگەنمىشقۇ.

— ئۇچتە بىرگە بولۇش دېگىنى نېمىدېگەن گەپكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئارىدىن بىرسى، — ئۇچ قېتىم بىرگە بولۇش دېگەن گەپكەن يا؟ قادىر ياڭاقنىڭ خوتۇن - قىزلىرى بىلەنغۇ ئۇچ قېتىم بىرگە بولىدىغان ئىش بولۇپ قالماس - هە؟

بۇ گەپتىن ئولتۇرغانلار كۇلۇشۇپ كەتتى.

— ياقەي، ئۇنداق گەپ ئەمەسكەن، — دېدى يۇسۇپ كارناي قولىدىكى تاماكىسىنى شوراپ قويغاندىن كېيىن، — سوراپ باقسام، ئاش - تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئىش - ئەمگەكتە بىرگە بولۇش دېگەن گەپكەن. قايسى كۇنىمۇ تېلېۋىزوردا شۇنداق دېگەندەك قىلغان.

— ئەمىسە بۇ بولىدىغان گەپكەنغۇ، هۆكۈمەتنىڭ ئېتىكىگە تۇغۇلغان غوجاملار بىز دېهقانلار زاغرا يېسەك زاغرا يەپ، داق يەردە ياتساق داق يەردە يېتىپ، بىز كۆرگەن كۇنىنىڭ يۇزدىن بىرسىنى بولسىمۇ كۆرۇپ قويسا خېلى لېۋەن گەپكەن بۇ. هالىمىزغا هال، مۇڭىمىزغا مۇڭ بولۇپ ئىچى ئاغرىپ قالسا ئالۋان - سېلىقىمىزنى ئازايتىپ بېرەمدۇ تېخى؟

— ئۇنداق بولسىغۇ تۇز تاماتتى.

— ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىمىز گول قىلىپ ئولتۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن جىن بارمۇ تېخى بۇ ئىشتا؟ گەپ تىڭشىغىلى كەلدىمۇ ئۇ ئادەم، كىم بىلىدۇ؟

— گەپ تىڭشىسا تېخى ياخشى. ھارامدىن قورقمايدىغان كادىرلارنىڭ گېپىنى تىڭشايدۇ شۇ. چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، موللاق ئاتقۇزامدۇ تېخى؟ بىز دېھقاندا نېمە گۇناھ، قوينىڭ قوزىسىدەك خەق تۇرساق بىز؟

— ئۇنداق ئادەم يا ئاغزىدىن، يا قولىدىن كەلمەيدىغان قادىر ياڭاقنىڭ ئۆيىگە كىرگۈچە ماۋۇ يۇسۇپ ئاخۇن كارنايىنى ئىزدىسىچۇ. قانداق تاپقاندۇ ئۇنى؟

— بۇ ھەقىچان كادىرلارنىڭ ئىشى. ھەقنى سۆزلىيەلەيدىغان ئادەمدىن قاچۇرۇپ، ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارغان گەپ. قورساق ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقماستى؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى. قادىر ياڭاقمۇ بۇ خاماندىن ئۇ خامانغا ئاران چىقىۋالىدىغان بەندە. باشلىق دېگەنگە لايىقمىدا داستىخان سالماق ئاسان ئەمەس. قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇ باشلىقنى ئۆيىگە باشلاپ سالغىنىغا كېكىردەككىچە تويىدۇ تېخى. . .

— قادىر ياڭاقنىڭ خوتۇنى بۈگۈن ئەتىگەن ناشتىلىقىغا پولۇغا قوپقان ئىكەن، — دېدى يۇسۇپ كارناي گېزىت پارچىسىغا تاماكا يۆگەۋېتىپ، — ھېلىقى باشلىق ماڭا چامغۇر سېلىپ شۇڭغۇتماق ئېتىپ بېرىڭلار دەپ تۇرۇۋاپتىمىش.

— ھەقىچان بەتتە پولۇ، گۆش كاۋاپنى جىق يەپ، ئىچى ئېلىشىپ بۇكەرەپ قالغان گەپ. بۈگۈن - ئەتە كۆرىمىز، كېتىپ بولغۇچە قادىر ياڭاقنىڭ ئىككى - ئۈچ قويىنى يەپ ماڭامدۇ تېخى؟ باشلىق دېگەننى جىق كۆرگەن بىز. بىر يەرگە بارسا ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئالدىدا بارىدۇ.

كۆۋرۈك بېشىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر بارا - بارا بېسىقتى.

كىشىلەر ئالدىرىماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بەزىلىرى ئېتىزغا، بەزىلىرى ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. ئەتىسىگەندىن بېرى يۈسۈپ كارنايىنىڭ سېرىق چىشلىرى ئارىسىدىن چىققان گەپلەر ئېغىزلارغا كۆچۈپ، ئېغىزلاردىن قۇلاقلارغا يېتىپ، كۆن چۈش بولغۇچە پۈتۈن كەنتكە پۇر كەتتى.

قادىر ياخاق ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئېگىز بوي، ياپما قاپاق، كۆك كۆز، سېرىق چىراي ئادەم ئىدى. خوتۇنى زىنەتخان بولسا ئېرىنىڭ ئەكسىچە پاكار، قارامتۇل، گۆش توخۇسىدەك توغرىسىغا سەمرىگەن ئايال ئىدى. قادىر ياخاق باشقىلارغا ئوخشاش ـ تۆشۈك گەپمۇ قىلمايتتى، كۆرۈك بېشىدىكى قورۇق پاراڭلارغا ئارىلاشمايتتى، باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە ئېتىزلىقتىن كىرمەي دېگۈدەك ئىشلەيتتى، تېرىم ـ تىكىم، ئېتىز ـ ئۆررەك ئىشلىرىنى يەر قوشنىلىرىدىن بۇرۇن قىلىپ بولاتتى، ھاشارغا ھەيدەپ بولغۇچە كورەك جۈۋىسى بىلەن خورجۇنىنى يۈدۈپ، كەتمىنىنى قولىغا ئېلىپلا ئىشكتىن چىقاتتى.

كەچ كىرىپ قالغاندا ئىشىك ئالدىدا بىر جىپ ماشىنىنىڭ توختىشى، ئارقىدىنلا ئۆيگە تۆت ـ بەش ئادەمنىڭ كىرىپ كېلىشى قادىر ياخاق بىلەن زىنەتخاننى ھەيرانۇ ھەس قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىرگەنلەر ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېزا باشلىقى بىلەن كەنت شۇجىسىمۇ بار ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئوتتۇرا بوي، مىس چىراي، دىڭ قاش ئادەم كۆرۈشۈشكە قول سوزۇپ كەلگىنىچە. قادىر ياخاق:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېگىنىچە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى.

ئۇنىڭغىچە زىننەتخان ھويلىنىڭ سۇپىسىدا ئۇخلاۋاتقان باللارنى ئويغىتىپ، يوتقان ـ تەكىيلەرنى يىغىشتۇرۇپ ـ دە، تاۋار كۆرپە سېلىپ كىرگەنلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بۇ كىشى، — دېدى يېزا باشلىقى ئەمدىلا سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان بايىقى خورما يۈز، دىڭ قاش ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ناھىيىمىزگە يېڭىدىن كەلگەن مۇئاۋىن ھاكىم. ئوسمان ھاكىم دېسەڭلار بولىدۇ. سىلىنىڭ ئۆيدە بەش ـ ئالتە كۈن تۇرغىلى كەلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قادىر ياغاچ بىلەن زىننەتخاننىڭ كۆزلىرى تەڭلا چەكچىيىپ كەتتى. ئۇلار ئۆز قۇلىقىغا ھېچ ئىشەنمىگەندەك ئىدى. زىننەتخان شۇئان قازان بېشىغا يۈگۈرۈپ، ئوچاققا ئوت قالىماقچى بولغانىدى، ئوسمان ھاكىم دەررۇ ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى:

— ھازىر تاماق ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولىدۇ. قورساقمۇ توق. ئەتە ئەتىگەن ئاسسىلىمۇ بولىدۇ قازاننى! مەن كېتىپ بولغىچە تاماق ئېتىپ بولالماي زېرىكىپ، مېنى ئۆيدىن قوغلىۋەتكۈلىرىمۇ كېلىپ قالىدۇ تېخى.

بۇ گەپكە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ۋا. . . ي تو. . . ۋا دېسىلە! — دېدى زىننەتخان سەل دۇدۇقلىغاندەك قىلىپ، — ئۇنداق قىلغىلى ھەددىمىز ئەمەس. مەن دېگەن كۈندە ئۈچ ۋاق قازان ئېسىپ نەچچە جاننى جان ئېتىپ كەلگەن خوتۇن تۇرسام، سىلى ئاران بىر كەلگەندە زېرىكىپ قالارمەنما؟

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، ھاكىم؟ — دېدى قادىر ياغاچمۇ زىننەتخاننىڭ گېپىگە ئۇلاپلا قوللىرىنى ئۇشقىلىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆيىمىزدە خۇدايىمنىڭ بەرگىنى بار. بۈگۈن خۇدايىم بىر ئىرادە بىلەن سىلىنى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشكە نېسىپ قىپتۇ. بەش ـ ئالتە كۈن ئەمەس، بەش ـ ئالتە ئاي

ئۆيىمىزدە تۇرۇپ بەرسىلىمۇ مېھمان قىلغۇچىلىكىمىز بار سىلىنى. مېھماندىن ئەزىز كىشى بارمۇ جاھاندا؟

— مېنى يات كۆرمەي شۇنچىلىك ئۆيلىگىنىڭلارغا رەھمەت! — دېدى ئوسمان ھاكىم، — مەن كېتىپ بولغىچە سىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، سىر - ئەسرارلىشىمەن. يېقىن دوست - ئاغىنە بولۇپ قالىمىز تېخى. مەنمۇ ئەسلى نامرات دېھقاننىڭ بالىسى. سىلەر كۆندە نېمە يېسەڭلار مەنمۇ شۇنى يەيمەن. بىراق، مېنى ھاكىمكەن دەپ ئۆيدە يوقىنى ئىزدەپ يۈرسەڭلار خاپا بولۇپ قالىمەن.

— سىلى بىزگە ئاتا تۇرسىلا، — دېدى قادىر ياڭاق ئۆرە تۇرغىنىچە، — كۆڭۈللىرىنى ناگىرىم قىلغىلى جېنىمىز ئۇن ئەمەس. ھاكىم، ھاكىم دەپ ئاڭلايتتىم. مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بىر ھاكىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، دىدارىنى كۆرۈپ باققان بەندە ئەمەسمەن. خۇدايىم سىلىنى ئاران بىر نېسىپ ئەتكەندە سىلى نېمە دېسىلە شۇ. ئات، تۆگە ئۆلتۈرۈپمۇ چاقىرىپ ئەكەلگىلى بولمايتتى سىلىنى.

شۇ گەپتىن كېيىن ماشىنىدىكى تېڭىلغان يوتقان - كۆرپە، سومكا دېگەندەك نەرسىلەر ئېلىپ كىرىلىپ، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشتۇرۇلدى.

قادىر ياڭاق زىنىنەتخانىغا:

— ئىچىدىكى مېھمانخانا ئۆينى سىيىرىپ - سۈپۈرۈپ تەييارلاپ بېرىڭلار! — دېگەنىدى، ئوسمان ھاكىم ئۇنىماي:

— ياز بولغاندىكىن ھويلىدا سىلەر بىلەن بىرگە سۆرۈن ياتاي، ھېچبولمىسا مۇڭدىشىپ ياتقىلى بولار، — دەپ تۇرىۋالدى.

ئوسمان ھاكىم بىرگە كەلگەن شوپۇر يىگىتكە، يېزا باشلىقىغا، يەنە كەنت شۇجىسىغا ئالدىنقاندىن ئىشلارنى تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار خوشلىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

سۇس يېنىڭاتقان لامپۇچكا ھويلا ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. تاق ۋاسلىق دالاننىڭ تورۇسلىرى، ئۇنىڭ ئېرىسىدىكى چەللىنىڭ بورىلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپى تاختاي بىلەن توسۇپ ياسالغان ئاددىيغىنا ئاشخانا ئىدى، قارشى تەرىپى ئېغىل ئىدى. ئېغىل تەرەپتىن كالا، قويلارنىڭ پات - پات بىر نەرسىنى تاراقشىتىپ تېپىرلىغان، سوزۇپ - سوزۇپ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بىر يەرلىرىدە كامىرى تېگىملغان ئېشەك ھارۋىسى، بىسى پارقىراپ تۇرىدىغان كەتمەن، مايماق سېۋەت، بىر قۇچاق بېدە، ئارغامچا، توقۇناق، سۇنۇق قاپاق، كونا كالاچ، تامغا سانجىپ قويۇلغان پۇلۇق، پىننە، يالپۇز. . . دېگەندەك نەرسىلەر كۆزگە غۇۋا چېلىقىپ تۇراتتى.

ئوسمان ھاكىم ھويلا ئىچىگە ئالدىرىماي نەزەر سالغاندىن كېيىن ياستۇققا يۆلەندى - دە، تاماكا قېپىدىن بىر تال تاماكىنى سۇغۇرۇپ تۇتاشتۇردى. قادىر ياخاقمۇ بىر تال تاماكىنى سۇنغانىدى، ئۇ ھىجايغىنىچە:

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، مەن مۇشۇ ئىشتا يوق، ھاكىم! — دەپ قولىغا ئالمىدى.

ئارقىدىن ئۇلار چېكىملىك، ئىچىملىك توغرىسىدا بىردەم چاقچاقلىشىپ، ئۆزلىرىچە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىلى ئېتىز - ئورەك، ئېرىق - ئۆستەڭ ئىشلىرىغا خېلى كۆيۈنۈپ ئىشلەيدىكەنلا - ھە؟

— شۇنداق، — دېدى قادىر ياخاق دەررۇ ۋە «بۇ ئادەمگە بىرسى مېنىڭ ياخشى تەۋسىيەمنى قىلىپ بەرگەن چېغى، بولمىسا ئۇ نەدىن بىلەتتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، — بىز دېھقان خەقنىڭ رىزقىنى يەرگە چېچىۋەتكەن ئىكەن خۇدايىم، شۇ رىزقىمىزنى تېرىپ يېمىسەك كۈن ئالىدىغان باشقا يولىمىز يوقكەن، ھاكىم.

— ھەممە دېھقان سىلىگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئويلىسا ھېچكىمگە گەپ كەتمەيتتى. لېكىن ھازىر كادىرلار ھەيدىمىسە دېھقان ئۆزى ئېتىزلىقىغا چىقمايدىغان ئەھۋال ئېغىر كەن.

— جىك گەپنى قىلدىلا، — دېدى قادىر ياڭاق گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدىمۇ بار ئۇنداق ئادەملەر، كۇندە كۆۋرۈك بېشىدا قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

ئۇلار قىزىق پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى.

شۇ تاپتا ھېچكىمنىڭ كۆز يۇمغۇسى كەلمەيتتى. يېرىم كېچە بولغاندا چىراغنى ئۆچۈرۈپ تەكىيىگە بېشىنى قويۇشتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوسمان ھاكىمنىڭ خورىكى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئوسمان ھاكىم ئەتىگەندە كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈرگەندە زىننەتخان ھويلا - ئارامىلارنى ئىشىك ئالدىغىچە سىيرىپ سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ پاك - پاكىز قىلىۋەتكەنىدى. ئېشەككە بوغۇز، كالا، قويلارغا ئوت بېرىپ ئېغىلدىن چىقىۋاتقان قادىر ياڭاق ئوسمان ھاكىمنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى - دە:

— ئوبدان قوپتىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى سالام قىلغاچ، — مېھمانخانا ئۆيدە ياتسىلا دېسەك ئۇنىمىدىلا، قاشلىرىدا بىزمۇ سۇنايلىنىپ يېتىپ سەت بولۇپ قالدى - ھە؟ ئۆز ئۆيلىرىدىكىدەك بەخىرامان ئۇخلىيالىدىلىمىكىن؟

— لايىدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپتىمەن، — دېدى ئوسمان ھاكىم كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ، — سەل قاتتىق خورەك تارتىدىغان ئەيىبىم بار، سىلەرنى ياخشى ئۇخلىغىلى قويمىدىممىكىن.

— ياقەي، — دېدى قادىر ياڭاق ھىجايغىنىچە، — سىلىنىڭ گەپلىرى توگۇل خورەكلىرىمۇ قۇلاققا ناخشىدەك بىر ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاڭلىنىدىكەن.

بۇ گەپتىن ئوسمان ھاكىم بىردىنلا تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ قادىر ياڭاقمۇ، زىننەتخانمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان بالىلىرىمۇ بىر ھازا كۈلۈشتى. ھويلىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلار كۈلكە ئاۋازىدىن ئۈركۈپ قاقاقلىشىپ كەتتى.

— قىزىق گەپتىن بىرنى قىلدىلا ـ ھە؟ — دېدى ئوسمان ھاكىم پىخىلداپ كۈلگىنىچە، — ئەتىگەندىلا كۈلۈپ قوپتۇمغۇمەن. بۇگۈن كەچكىچە ھىجىيىپلا ئۆتەمدىمەن نېمە؟

— بىزنىڭ بۇ گاداي گەپ قىلمايدۇ، — دېدى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان زىننەتخان، — گەپ قىلسا يا ئادەمنى كۈلدۈرگۈدەك، يا جېنىنى ئېلىپ ئۆلتۈرگۈدەك گەپ قىلىدۇ مۇشۇنداق.

ئوسمان ھاكىم ئۆزى ياتقان ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىشقا باشلىغانىدى، بۇنى كۆرگەن زىننەتخان:

— ھاي، ھاكىم. . . نېمە قىلغانلىرى ئۇ؟ مەن يىغىۋېتەي، قويسىلا، — دېگىنىچە ئالدىراپلا ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭغىچە ئوسمان ھاكىم:

— مەنمۇ تىرىك ئادەمغۇ، ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى سىلىگە قىلغۇزسام قانداق بولىدۇ؟ — دېگىنىچە يىغىدىغاننى يىغىپ بولدى.

ئوسمان ھاكىم پەسكە چۈشۈپ ئەمدىلا بەتىنكىسىنىڭ بوغۇچىنى چىگىپ ئولتۇراتتى، قادىر ياڭاق ئېغىلدىن بىر چار خورازنى قاقىلداتقىنىچە كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇئان ئوسمان ھاكىم كۆڭلىدە بىر ئىشنى پەملەپ:

— نېمە قىلىدىلا ئۇنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمدى، — دېدى قادىر ياڭاق كۈلۈمسىرەپ، — سىلى ئاران بىر كەلگەندە. . . ئەتىگەندىلا بىر قوينىڭ بۇرنىنى قانىتاي

دېگەندىم. سىلى تېخى بولغاندىكىن، ھازىرچە بىر تال خورازنى بولسىمۇ ناشتىلىق قىلسۇن دېدىم.

ئوسمان ھاكىم شۇئان قادىر ياغاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى خورازنى يۇلۇپ ئالدى ــ دە، يەرگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. خوراز قانات قاققىنىچە ئىشىك ئالدىدا دانلاپ يۈرگەن مېكىيانلارنىڭ قېشىغا كەتتى.

ــ نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ ــ دېدى قادىر ياغاق رەنجىگەندەك قىلىپ، ــ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى باركەن، يوقنى ئىزدەپ يۈرمىدىم. بىزمۇ تاپقىنىمىزنى ئالدىلىرىدا قويساق كۆڭلىمىز يۇتۇن بولماسمىدى. ئۇنداق پىت كۆز كۆرمىسىلە بىزنى! ھېلىغۇ سىلىكەنلا، غايىبتىن بىرەر دوست ــ دۈشمەن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ ئۆيگە كىرىپ قالسىمۇ ئۈلتۈرگۈلۈك بىر تال خوراز دېگەننى.

ــ سىلىنىڭ گۆش يېگۈلىرى بولسا مەن تېپىپ بېرەي، ــ دېدى ئوسمان ھاكىم جىددىي تەلەپپۇزدا، ــ ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويمىسىلا ئۇنداق! ئاش ــ تاماق توغرىسىدا بەلگىلىمە بار. مەن بەلگىلىمىنى بۇزسام بولمايدۇ. تاماق توغرىسىدا ئاخشام ئالدىن دەپ قويغانغۇ سىلىگە؟

ــ ئەستا . . . بىر تال خوراز ئۆلتۈرگەنگە نېمە بولار؟ ــ دېدى قادىر ياغاق ئوڭايسىزلىنىپ.

ــ ئۆيدە قوناق ئۇنى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ھاكىم زىننەتخانغا قاراپ.

ــ قوناق ئۇنىغۇ بار، ــ دېدى زىننەتخان دومسايغاندەك قىلىپ، ــ كونىدە بۇغداينىڭكىنى يەپ قوناق ئۇنىنى ئىشلەتمىگىلى خېلى بولغانىكەن، مىتە چۈشۈپ قالغانمىكىن.

ــ مەيلى، ــ دېدى ئوسمان ھاكىم، ــ تاسقىۋېتىپلا كۆك چامغۇر سېلىپ شوخغۇتماق ئېتىپ بەرگەن بولسىلا ياخشى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— شۇڭغۇتماقنى ئالدىلىرىدا قويغىلى قانداق يۈرىمىز چىدايدۇ، هاكىم؟ — دېدى قادىر ياڭاق بىر خىل تەڭقىسچىلىقتا قالغاندەك قىلىپ، — سىلىگە ئېيتىپ بېرىش تۇگۇل بىزگىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى ئاغزىمىزغا ئېلىپ باقمىغىلى.

— ئۇزاق بولغان بولسا مەززىلىك تېتىيدۇ تېخى، — دېدى ئوسمان هاكىم بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە گەپنى چاقچاققا بۇراپ، — قادىراخۇنمۇ يېڭى يارنى تاپقاندا كونا يارنى ئۇنتۇپ قالىدىغان كىشىكەن.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى قادىر ياڭاق كۈلگىنىچە زىننەتخانغا قاراپ، — بۈگۈنچە هاكىمنىڭ كۆڭلى تارتقىنىنى ئېيتىپ بەرگەچ تۇرۇڭلار!

— قانداق بولار ئەمدى؟ — دېگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى زىننەتخان.

ئوسمان هاكىم يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، چىشىنى چوتكىلاپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن قادىر ياڭاق بىلەن بىرگە ئىچكىرىدىكى ئۆيلەرگە كىرىپ قازناقتىكى بۇغداي - قوناقلارغا قاراپ چىقتى. ئېغىلغا كىرىپ ئېشەك، كالا، قويلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، باغدىكى ياڭاق، دەل - دەرەخلەرنى ئارىلىدى.

— لەقەملىرى بىكارغا ياڭاق ئەمەسكەن - دە، قادىراخۇن، — دەپ چاقچاق قىلدى ئوسمان هاكىم قۇچاق يەتكۈسىز ياڭاقلارغا زوقلىنىپ نەزەر سالغىنىچە.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى قادىر ياڭاق دەررۇ، — ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ باشقا نەرسىمىز بولمىسىمۇ، خۇدايىم ئۈچ - تۆت تۈپ ياڭاقتىن ئايرىماپتىكەن. بىز دېھقان خەق خالىغان چاغدا ئىششەك - نىمشەك گۆش ئېلىپ يېيەلمەيدىكەنمىز. مۇشۇ ياڭاق بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، مىدىرلاپ يۈرىمىز. هەر يىلى كۈزدە بىرەر مىڭ كويغا يېقىن ياڭاق سېتىپ

قىشنىڭ كەم - كۆسىسىنى قىلىۋالىمىز. ھازىر ياڭاقلارمۇ ماكىلىنىپ، مېغىزى ياغلىشىپ تەييار بولدى. زىنىنەتخان سىلىگە ياڭاق قىيمىسىدا شۇڭگۇتماق، كۆمەچ ئېتىپ بەرسۇن. يەپ باقسىلا، خېلى مەززىلىك ھەم قۇۋۋەتلىك.

— شۇنداقمۇ تېخى، — دەپ كۈلدى ئوسمان ھاكىم، — مانا بۇ گەپلىرى قۇلاققا ياقتى، بوگۇن - ئەتە ئېتىپ باقسۇن ئەمىسە، مەن يەپ باقاي.

— ماقۇل، ماقۇل.

ئوسمان ھاكىم كەچكىچە قادىر ياڭاقنىڭ ئېتىزلىقلىرىنى چۆرگىلىدى. قوغۇنلۇق كەنتىگە تەۋە يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايلاندى، يولدا، دوقمۇشلاردا، ئېتىزلىقلاردا ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇڭداشتى، خاتىرە يازدى. كەچكە يېقىن كەنت قورۇسىدا كەنت، مەھەللە كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە قادىر ياڭاقنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى.

ئۇ ياڭاق قىيمىسىدا ئېتىلگەن بىر ئاياق شۇڭگۇتماقنى ئەمدىلا ئېزىپ، ئىشتىھا بىلەن ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئىشىك ئالدىدا بىر ماشىنا توختاپ، ھويلىغا يېزا باشلىقى كىرىپ كەلدى.

— ئەتىگەندىن بېرى ئالدىراشچىلىقتا يوقلاپ كېلەلمىدىم، ھاكىم، — دېدى ئۇ ئوسمان ھاكىمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ، — قورساقلىرىنى ئاچ - توق قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەشتۇق.

— ياقەي، — دېدى ئوسمان ھاكىم چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكىنىچە، — ئادەم بار يەردە ئاچ - توق قالامدىغان؟ ھازىر جاھان مەمۇرچىلىق تۇرسا. مۇشۇ يېشىمغىچە ياڭاق قىيمىسىدا ئەتكەن شۇڭگۇتماقنى يەپ باقماپتىكەنمەن. بىزنىڭ يۇرتلاردا بۇنداق تاماقنى ئەتمەيدۇ. بۇمۇ ياخشى بولىدىكەن. تاماق يەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپتىمەنغۇ مانا؟

— شۇڭغۇتماقنى ئازراق يەپ، قورساقلىرىدىن بىزگىمۇ بوش ئورۇن قويۇپ قويالا، ھاكىم، — دېدى يېزا باشلىقى خۇشامەت بىلەن ھېجايغىنىچە ئوسمان ھاكىمنىڭ يېنىغا سۈرۈلگەچ، — سىلىنى بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كېتەي دەپ كېلىشىم. بىزنىڭمۇ بىرەر پىيالە چېيىمىزنى ئىچىپ بەرمىسىلە بولماس.

— نېمە چاي ئۇ؟

— ئەمدى. . . سىلى بىلەن بىرەر ۋاق تاماقتا بىرگە بولايلى دەپ ئويلاشقان، يېزىدىكى رەھبىري كادىرلامۇ ساقلاپ قېلىشتى.

— كاۋېپىڭلارنى يەپ، ھارىقىڭلارنى ئىچىپ، دېپىڭلارغا ئۇسسۇل ئوينىغىلى بارىمەنما؟

— ئىچمىسىلىمۇ بىرگە ئولتۇرۇپ بەرسىلە، ھاكىم، ئەسلى تۈنۈگۈن ئاخشاملا چاقىرىدىغان گەپتى.

— بارالمايمەن، — دېدى ئوسمان ھاكىم قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە، — رەنجىمەڭلار! مۇھىم ئىشىم بار.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ھاكىم، باشقىلارغا نېمە دەپ بارىمەن ئەمدى؟ ھەممە ئىشنى تەل قىلىپ بولغان تۇرسام؟

— مەن گەپنى بىر قىلىدىغان ئادەم.

— سىلى بىزنىڭ ئاتىمىز تۇرۇپ، يېزىمىز تەۋەسىدە بۇنداق شۇڭغۇتماق ئىچىپ ئولتۇرسىلا. . . ھەي!

— مەن ئۆزۈم مۇشۇنداق ئېتىپ بېرىڭلار دېدىم. دېھقاننىڭ گېپىدىن ئۆتكىنى بىزنىڭ گېپىمىزدىن ئۆتمىسە، نېمىگە رەھبەر بىز؟

— ئەمىسە ئەتىچۇ؟ ئەتە كەچ بولسىمۇ بىر ئاخشام چېيىمىزغا داخىل بولۇپ بەرسىلە!

— ئەتىمۇ بارالمايمەن.

— ئەمىسە ئۆزلىرى كېتىپ بولغۇچە بىر كۈنگە ئۇدۇللاپ. . .

— ئۇچتە بىرگە بولۇش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتكە ئىنكاس پىكىر قايتۇرۇلىدۇ. شۇ چاغدا بارارمەن. ئۇنىڭغىچە خىزمەت ئۇسۇلۇڭلارنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەچ تۇرۇڭلار. خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسەڭلار، چېپىڭلارنى ئېچكەندەك بولىمەن.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى يېزا باشلىقى دەررۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا سېرىققا مايىل چىرايى «ئىنكاس پىكىر» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا تېخىمۇ سارغىيىپ كەتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان قادىر ياڭاق بىلەن زىننەتخان ئوسمان ھاكىمنى قايتىدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا قايىللىق، رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قېلىشتى. يېزا باشلىقى ئالدىغا قويۇلغان شوڭغۇتماقنى يېدىمۇ ياكى شوڭغۇتماق ئۇنى يېدىمۇ، ئۆزىمۇ ھېچ بىلەلمەي، يانتاق ئۈستىدە چىداپ ئولتۇرغان ئادەمدەك بىر قىسما بولغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ، ئۆزاپ كەتتى.

ئەتىگەنلىك قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى. ساڭگىلاپ تۇرغان تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى ئەينەكتەك شۇنچە سۈزۈك كۆرۈنەتتى.

— بىر چاغدا ئالغان خوتۇنىنىڭ ئانىسى مۇشۇنىڭ بىلەن كۈنۈڭلارنى ئېلىڭلار، دەپ ئىككى پاقلان بەرگەن، — دەپ گەپ باشلىدى يۈسۈپ كارناي كۆۋرۈك ئورۇندۇقىغا قونۇپ ئولتۇرغىنىچە يېنىدىكى بىرسىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ شورىغاچ، — بىر كۈنى ناۋادا بۇ خوتۇن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ قالسام پاقلان باققىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالماي دەپ ئېغىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

كىردىم ـ دە، بىر پاقلاننىڭ بۇرنىغا بىر چاڭگال كەلگۈدەك مازنى تەمەچتە نىقتاپ تىقىپ قويۇپ، ھېچ ئىش كۆرمىگەن كىشى بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ ياتتىم. بىر چاغدا يالغاندىن خورەك تارتقان بولۇپ، تىڭشاپ ياتسام خوتۇن: «ھاي، يۇسۇپ، بىر پاقلان پۇت ئاتقىلى تۇرۇپتۇ، پىچاقنى ئېلىپ تېز چىق» دەپ توۋلىغىلى تۇردى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغان بولۇپ ئېغىلغا كىرسەم ھېلىقى پاقلان راستىنلا خارت ـ خۇرت قىلىپ يەردە يېتىپتۇ. «قانداق قىلىمىز ئەمدى؟» دېسەم، «بىكار ھارام بولۇپ كەتمىسۇن، پىچاق سۇرۇۋەت» دېدى. بۇ قېينانام بەرگەن پاقلان تۇرسا، پىچاق سۇرۇۋەتسەم قانداق بولار؟ دەپ بىردەم ئۈنىمىگەن كىشى بولۇپ تۇرۇۋالدىم. خوتۇن «ھېلى بىكار ھارام بولۇپ قالىدۇ، قاراپ تۇرماي تېز بول» دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بوغۇزلاپلا تېرە ـ ئۈچەيلىرىنى ئۇيان، گۆشىنى بۇيان قىلدىم ـ دە، بىر ھەپتىگىچە گۆشكە خام كېكىردىم. بىر كۈنى ئولتۇرسام خوتۇننىڭ ئانىسى يەنە بىر پاقلاننى يېتىلەپ ئىشىكتىن كىرمەسمۇ. بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن، دەپ، ئارىدىن نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن جايلاپ يېدىم. يەنە بىرنى بەردى، ئۇنى يېدىم. كېيىن بۇ ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى. قانداق سۇغا چىلاشتى، دېمەمسىلەر؟ خوتۇن ئانىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن كاللىنى خوتۇننىڭ ئانىسى ئۇكلەپ، مېڭىسىنى يارغۇدەك بولسا ئىششەك ماز، نېمىشەك قان چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇ خوتۇن: «قىزىمنىڭمۇ بۇرنىغا ماز كەپلەپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن يەنە» دەپ قىزىنى ئاجراشتۇرىۋالغان دەڭلار.

يۇسۇپ كارنايىنىڭ سېرىق چىشلىرى ئارىسىغا قارىشىپ ئولتۇرۇشقانلار بېقىنلىرىنى تۇتۇشۇپ، كۆزلىرىنى سۇرتۇشكىنىچە بىر ھازا كۈلۈشتى.

— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ كارناي ئارقىدىنلا بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندە قىلىپ تاماكىسىنى

شورىغاچ.

— نېمىنى؟ — دەپ سوراشقىنىچە ئۇنىڭ سىرىق چىشلىرى ئارىسىغا تىكىلىشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا.

— قادىر ياڭاقنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئادەم ناھىيىگە يېڭىدىن كەلگەن مۇئاۋىن ھاكىمكەن ئەمەسمۇ.

— جىڭ ھاكىممۇ، مۇئاۋىن ھاكىممۇ، بەرىبىر ھاكىم-دە.

— شۇنداق، ئاق مۇشۇك، قارا مۇشۇك، ھەممىسى مۇشۇك، — دېدى يۇسۇپ كارناي شاپاق بۆكىنى سەل ئارقىسىغا سۈرۈپ قويغاچ، — قادىر ياڭاقنىڭ يەر پاپىسى خوتۇنى ئۇنى بىر ۋاقىلىقىغا قېتىققا زاغرا چىلاپ بېرىپ، بىر ۋاقلىقىغا شۇڭغۇتماق ئېتىپ بېرىپ باققانمىش.

— سىقىپ يالايدىغان خەق-تە، ئۇ. ئۆيىگە بىر ھاكىم كەلسە تەلپىكىنى ئاسمانغا ئېتىپ تۆگە سويسا بولمامدۇ. مەندەك ئادەمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن بولسا... ھەي ئىسىت...

— سەنمۇ شۇنداق دېگەن بىلەن ئۆيۈڭگە كەلسە تۆگە سويالارمىدىڭ؟

— تۆگە سويالمىساممۇ بىر پاقلاننى تونۇرغا تىقالايتتىم.

— چېغىڭدا يەرمىدى سېنىڭ كاۋىپىڭنى؟

— ئاغزىدا يېمەيمەن دېگەن بىلەن ئالدىغا ئەكەلسە يېمەي قويامدۇ؟ بەز يېمەيدىغان مۇشۇك بارمۇ جاھاندا؟ كىمنىڭ گېلى يوتەي؟

— تۈنۈگۈن، بۈگۈن قېتىققا زاغرا چىلاپ يەپ، شۇڭغۇتماق ئىچىپ كۈننى كەچ قىلغان بىلەن ئەتە-ئۈگۈن قادىر ياڭاقنىڭ قويىدىن بىرنى ئۆلگۈچە يەمدۇ تېخى؟ قاراپ تۇرۇڭلار!

— ئۇ ئادەم قاپىقىنى تۈرۈپ، ئىشنى سۈرۈپ قىلمىدىغان، خېلى كىبىسەر پىچاقمىش. ئاخشام كەنت تەۋەسىدىكى پارتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەزاسى، مەن كادىر دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشخانىغا سولاپ، خېلى سوغۇق تەرلىتىپ قويۇپ بەرگەنمىشقۇ؟

— كادىرلار بىرەر پاقلاننى تونۇرغا تىقىپ ئالدىدا قويالماي، گېلىنى قادىر ياڭاقنىڭ يەر پاپىسى خوتۇنىغا تاشلاپ قويغاندىكىن، شۇنداق قىلدىمۇ تېخى؟ باشلىق دېگەن ئادەم پۇتلىغىلى ئۇستا.

— ئۇنداقمىكىن دېسەك، شاڭجاڭ ئىككى قوي ئۆلتۈرۈپ، بىرىنى قازانغا سېلىپ، بىرىنى تونۇرغا تىقىپ، غىتتى-غىتتاڭچىلارنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇ كىشىنى چىللاپ كەلگەنىكەن. مېنىڭ گېلىمنى ياغلىماقچىمۇ، دەپ تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇپتىمىشقۇ.

— ئەخمەق ئادەممۇ ئۇ؟ ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، بېرىپ گۆش - كاۋاپقا كېكىرىپ كېلەتتىم.

— شۇڭا ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمەپتىكەن خۇدايىم.

— ئۇ شاڭجاڭ چاپىقىنى ئالمەن دەپ، قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك، ئىشنى بۇزۇپتۇ - دە، خوپ بولۇپتۇ ئۇنىڭغا! ھەقاچان ئۆلتۈرگەن شۇ قويلارمۇ ئۆزىنىڭ ئېغىلىدىن چىققان قوي ئەمەس.

— ئۇنىڭغا مۇشۇ قېتىم سەل ئىس تېگىپ قالىدىغاندەك گەپمۇ بارمىش تېخى، — دېدى يۈسۈپ كارناي گېزىت پارچىسىغا موخوركا ئوراۋېتىپ، — بۇ ھاكىم ئانداق - مۇنداق بوش ئادەملەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

— بوش ئادەملەرنى ھۆكۈمەت ھاكىم قىلامدۇ؟

— تېخى بىزنىمۇ «ئىشى يوق ئادەملەرمۇ بۇ؟» دەپ سۈرۈشتە قىلغانمىش.

— ھە؟ — دېگىنىچە ئېغىزلىرىنى ئېچىپلا قالدى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا، — قاچان كۆرۈپتىكەن بىزنى؟ بىز تېخى ئۇ ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىگەن تۇرساق؟

— تۈنۈگۈن كادىرلارغا يىغىن ئاچقىلى كەلگەندە، بىز كۆرمىگەن بىلەن بىزنى كۆرۈپتىكەن.
— ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىدىمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرالمامدىكەنمىز ئەمدى؟
— ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئەزالارغا چوڭ يىغىن ئاچقۇدەك.
— يىغىندىغۇ بىزنى ئورنىمىزدىن قوپۇرۇپ قويۇپ ئىزا قىلماس؟
— خۇدايىم ئۇنداق كۈننى كۆرسەتمەس.
— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى يۇسۇپ كارناي يەنە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ.
— نېمىنى؟ — دەپ سوراشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا.
— قادىر ياڭاق يەر پايپىسى خوتۇنى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىقتا كەتمەننى ئېلىپ چىقىپتىكەن، ھېلىقى ھاكىممۇ بىللە چىقىپ، ئۆزى يالغۇز بىر مو يەرنىڭ قونىقىنى قىرىپتۇ. كەتمەن چاپقىلىمۇ خېلى ئۇستىكەن دەيدۇ. قىرىپ پاختىدەك يۇمشاتقانمىش.
بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممە بىردەم جىمىپ كەتتى. ئۇلار ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ، باشلىرىنى قاتۇرۇشماقتا ئىدى.
كۈن تىكلىنەي دەپ قالغانىدى. يەر - جاھان تونۇرنىڭ تەپتىدەك يېلىنجاپ كەتكەنىدى. شىمىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ، يالاڭ ئاياغ، مايكىچان بولۇۋالغان ئوسمان ھاكىمنىڭ چېكىلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. زىننەتخان بىر داسنى قولتۇقلىغىنىچە ھەربىر تۈپ قوناقنىڭ تۈۋىگە بىر چىمدىم، بىر چىمدىمدىن ئاق ئوغۇت قۇيۇۋاتاتتى. ئوسمان ھاكىم بىلەن قادىر ياڭاق بىردىن رەتكە كىرىپ قوناقلارنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلىمەكتە ئىدى.
— سىلى سايىدا بىردەم ئارام ئالسىلا ئەمدى! — دېدى

قادىر ياڭاق تەر دەستىدىن ئاسما مايكىسى غوللىرىغا چاپلىشىپ قالغان ئوسمان ھاكىمغا قاراپ، — ھېرىپ كەتتىلە!
— شۇنداق قىلىسىلا ئەمدى! — دېدى زىنىنەتخانىمۇ ئېرىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا.
— ياقەي، — دېدى ئوسمان ھاكىم بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، — نى زامان بوپتىكەن قولۇمغا كەتمەن ئېلىپ باقمىغىلى. مانا جىق قالمىدى. تايىنلىق ئىشنى تۈگىتىپ، بىراقلا ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى ئەمدى.
— سىلىنىڭ قاشتا قاراپ ئولتۇرۇپ بەرگەنلىرىمۇ چوڭ گەپ ئىدى. بۈگۈن قىلمىساق ئەتە قىلالايتتۇق بۇ كارنى. ھېلىمۇ ئۇنىمىساق ئۇنىماي بىر خالتا ئوغۇت ئېلىپ بەردىلە. سىلىمۇ بىر ئۆيگە كىرىپ قالغان بەندە. شۇ قىلغانلىرىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. بايا بىر پاقلان سېتىپ ئوغۇت ئالماقچى بولغىنىمنى ئېغىزدىن چىقارمىسام بولغانىكەن. خىجىللىقتىن يۈزلىرىگە قارايدىغان يېرىم قالمىدى.
— نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ — دېدى ئوسمان ھاكىم، — بىر خالتا ئوغۇتنىڭ گېپىنى قويۇپ، مەن ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان چوڭ - چوڭ ئىشنىڭ گېپىنى قىلسىلا مۇنداق! مەسىلەن، ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي ئۆسۈمسىز قەرز دېگەندەك...
— باشقا قىيىنچىلىقىمىز يوق ئەمدى، — دېدى قادىر ياڭاق بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ھېلىمۇ مۇشۇ قىلغانلىرى يېتىپ ئاشىدۇ بىزگە.
— مەن سىلىدەك ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن، بېرەي دېسە ياق دەپ تۇرىدىغان.
— مەنمۇ سىلىدەك ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن، ياق دېسە بېرەي دەپ تۇرىدىغان.
شۇ گەپ بىلەن تەڭ قوناقلىقتا ئىككى ئەرنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىدىغان كۈلكىسى بىلەن بىر ئايالنىڭ

ئىنچىكە ئاۋازلىق كۈلكىسى ياڭراپ كەتتى. ئۇلار كۈن چۈش بولاي دېگەن چاغدا ئىشنى تۈگىتىپ، ئەي قىلىنغان قوناقلارنى كەچتە سوغىرىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئۆيگە قايتىشتى.

ھېرىپ - چارچاش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن بىر كۈن ئاخىرلىشىپ، يەر - جاھاننى گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالدى. ئاسماندا كۈمۈش رەڭ ھىلال ئاي پارلاپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغانىدى. ئېلېكتر لامپۇچكىسى ھويلا ئىچىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئېغىل تەرەپتىن كالا، قويلارنىڭ پات - پات بىر نەرسىنى تاراقشىتىپ تىپىرلىغان، سوزۇپ - سوزۇپ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بىر يەرلىرىدە كامىرى تېگىلگەن ئېشەك ھارۋىسى، بىسى پارقىراپ تۇرىدىغان كەتمەن، مايماق سېۋەت، تېخى سولاشمىغان بىر قوچاق بېدە، ئارغامچا - توقۇناق، سۇنۇق قاپاق، كونا كالاچ، تامغا سانجىپ قويۇلغان ئورغاق، قوزۇقتا ئېسىپ قويۇلغان پولۇق، پىننە، يالپۇز... دېگەندەك نەرسىلەر كۆزگە غۇۋا چېلىقىپ تۇراتتى.

ئوسمان ھاكىم كەچلىك تاماقنىڭ داستىخىنى يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن قەغەز - قەلەملىرىنى ئېلىپ ياستۇق ئۈستىگە يېپىۋالغانىدى. قادىر ياڭاق، زىننەتخانلار بالا - چاقىلىرى بىلەن ئاللىبۇرۇن سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشىپ، ئۇخلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ياتقان سۇپا تەرەپتىن پات - پات بىرلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ بىر ياققا ئۆرۈلگەن، پۇشۇلداپ تىنىغان، خورەك تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئوسمان ھاكىم تاماكىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي چەككىنىچە، بىردەم خاتىرىسىنى ۋاراقلىسا، بىردەم نېمىلەرنىدۇ يازاتتى، بىردەم بېشىنى قاتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. ئۇ بەش - ئالتە كۈندىن بېرى ئۆزىنىڭ قانداق يېتىپ - قوپقانلىقىنى، نېمىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

يېگەنلىكىنى، قادىر ياغاچ بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. يەنە كەنت ـ مەھەللە كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت يىغىنىدا، ئەزالار چوڭ يىغىنىدا، يول بويلىرى، ئېتىك ئالدى، دوقمۇش، ئېتىز لىقلاردا ئۇچراشقان دېھقانلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە نەچچە ئادەم نەچچە تۈرلۈك پىكىر ـ تەلەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدىن ھەل قىلىشقا، تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىنى، بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ دېھقانلاردىن قالايمىقان جەرىمانە ئالىدىغان، ناھىيە چۈشۈرگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ راسخوت يىغىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆڭلىگە تىزماقتا ئىدى.

كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. نېرىقى سۇپا تەرەپتىن پات ـ پات بىرلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ بىر ياققا ئۆرۈلگەن، پۇشۇلداپ تىنغان، خورەك تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ تېخىچە ئويغاق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى، ھېس قىلغانلىرى، خۇشاللىقى، غەزىپى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى. . . ھەممىسى قەغەز يۈزىدە بىر ـ بىرلەپ سۈرەتتەك ئايان بولماقتا ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەنكى قۇياش قىزىل گۈل ئارىسىدىن سىرىق خەمەك كۆرۈنگەندەك شەلپەر يېرىپ، شۇنچە جۇلالىق كۆتۈرۈلگەنىدى. ساڭگىلاپ تۇرغان تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى ئەينەكتەك شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە ساپ كۆرۈنەتتى.

ـــ ھوي، يۇسۇپ كارناي كۆرۈنمەيدىغۇ بۈگۈن؟ ـــ دەپ سورىدى كۆۋرۈك ئورۇندۇقىغا قونۇپ ئولتۇرغانلاردىن بىرسى ئەتراپقا قاراپ.

— غەلىتە ئىش، ھەر كۈنى كۈن چىقماستا كۆۋرۈك بېشىغا ئۈنۈپ بولىدىغان ئادەم بۈگۈن مۇشۇ چاغقىچە ئۆيىدىن چىقماپتۇيا؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— ۋاي تاڭەي، كېسەل بولۇپ قالغانمىدۇيا؟

— ئۇ بولمىسا پاراڭنىڭمۇ ھېچ مەزىسى بولمايدىكەن مانا.

كىشىلەر يۈسۈپ كارناينىڭ پارىڭىغا خۇمار بولۇپ قالغاندەك ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئارىدىن بىرەيلەن بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يۈسۈپ كارناينى دورىغاندەك يېنىدا ئولتۇرغان بىرسىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ شورىغىنىچە پىخىلداپ كۈلگەچ.

— نېمىنى؟ — دەپ سوراشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا ئۇنىڭ تاماق چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا قاراشقىنىچە كۈلۈشۈپ، — ئوخشىدى، راست ئوخشىدى مانا.

— ھېلىقى قادىر ياڭاقنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ھاكىم ئاخشام كۆدە ـ كۆرپىسىنى ماشىنىغا بېسىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

— ماڭا ۋاي! يۈسۈپ كارناينى دوراپ دېگەن گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— ئىشەنمىسەڭلار نانغا دەسسەپ بېرەي، بايا مەن شۇنداق ئاڭلىدىم.

— راستما؟

— راست بولماي.

ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا جىلۋە قىلىپ تۇرغان كۈلكىنىڭ ئورنىنى بىردىنلا ھەيرانلىق ئىگىلىدى.

— تېخى تۈنۈگۈن كەلگەندەك قىلغان، بىر دەمدىلا كېتىپتۇيا؟

— ھېلىمۇ كەلگىنىگە يەتتە كۈن بوپتىكەن، ھاكىم دېگەننىڭ ئىشى تولا. بىر بارغان يەردە شۇنچىلىك تۇرغىنىمۇ

چوڭ گەپ ـ تە.

— بۇ ھاكىمنىڭ كەلگىنىنىڭ خېلى پايدىسى بولىدىغاندەك گەپ بارغۇ؟

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى يۈسۈپ كارنايىنى دوراپ گەپ باشلىغان تاماق چىش ئادەم، — ئۇ ھاكىم تۈنۈگۈن يېزىغا بېرىپ مەن باشلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشخانىغا سولاپ، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپتۇ. يېزىدىكىلەر بۇنىڭدىن كېيىن دېھقاندىن جەرىمانە ئالماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ. سۇ ھەيئەتلىرىنىڭ تاماق پۇلىنى سۇ پۇلىغا قوشۇپ يىغىدىغان ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. نامراتلارغا كەلگەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇلىنى ئىگىلىۋالغان كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىم ئۆتكەممىدىن ئۆتكۈزگۈدەك. بەزى ئىشلارنى ناھىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزىدىنمۇ چوڭ باشلىقلارنىڭ سەمىگە سېلىپ مۇزاكىرە قىلماقچىمىش. ئىشقىلىپ بىزگە نەپ يېتىدىغان مىش ـ مىش گەپ خېلى بار.

— ئالتە ـ يەتتە كۈن تۇرۇپ بولغىچە كۆڭۈلمىزدىكى گەپنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپتۇيا. خېلى ئوغۇل بالىدەك ھاكىم ئوخشايدۇ ئۇ؟

— قادىر ياڭاقـقـا يېزا تەرەپتىن بىرەر ئىش يېتىپ قالماس ـ ھە ئەمدى؟

— ئۇنىڭ ئاش ـ تۇزىنى يېگەن ھاكىم ناھىيىدە تىرىك تۇرسا، نېمە ئىش يېتەتتى ئۇنىڭغا؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئۇنى ھېچكىم تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ. بېشى ئاسمانغا تاقاشتى ئۇنىڭ.

— بىرەر قوينىڭ مەرىدىن كېچەلىگەنمىدۇ ئۇ كۈننۇس؟

— ئۆلتۈرەي دەپتىكەن، ھاكىم پەقەت ئۇنىماپتۇ، بىر تال خورازمۇ ئۆلتۈرگىلى قويماپتۇ. ئۈچ ۋاقلىقىغا شوڭغۇتماق ئىچىپ، قېتىققا زاغرا چىلاپ يېگىنىگە تاماق پۇلى دەپ يۈز

ئەللىك كوي پۇلنى قادىر ياغاقنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ كېتىپتۇ تېخى.

— قادىر ياغاقمۇ بەرگەن ئاش - نېنىنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن پۇل تەڭلىسە ئېلىپ نېمە قىلار - ھە؟

— ئالغىلى ئۇنىمىغان ئىكەن، ئۇنىمىسا ئۇنىماي يانچۇقىغا تىقىپ قويۇپ كېتىپتۇ. تېخى قونىقىنى ئەي قىلغىلى ئوغۇت ئېلىپ بەرگەندىن تاشقىرى يەنە خېلى نەرسىلەرنى بېرىپ كەتكەن گەپمۇ بار.

— ئۆيگە باشلايدىغان كادىر شۇ ئىكەن ئەسلى.

— قادىر ياغاق موك دۇمبىگە ئۇچراپتا. خۇدايىمنىڭ بەرگۇسى كەلسە ئىشىك، تۈڭلۈكنى ئېتىۋالسىمۇ بېرىۋېرىدىكەن. ھېچكىمگە يامانلىقى تەگمەيدىغان بىر بەندە ئىدى ئۇ.

— ئۇ ھاكىم قايسى كۈنى قادىر ياغاققا چاقچاق قىلىپ: «بۇ يەرنى قوغۇنلۇق كەنتى دەيدىكەن، مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچ قوغۇن چېلىقمىدىغۇ» دەپتىكەن، بىر ئوغلى بىردەمدىلا بىر يەردىن ئىككى قوغۇننى قولتۇقلاپ كەلگەنمىش. ئۇ ھاكىم ئاۋۋال بەش كوي پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئاندىن بىر كاسا قوغۇننى يېگەنمىش.

— جاھاندا شۇنداقمۇ كادىر بولىدىكەن - ھە؟

كۆۋرۈك بېشىدا شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا يەردىن ئۇنگەندەكلا ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن قادىر ياغاق ئۆتۈپ قالدى.

— زامانە ئاخىر بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئارىدىن بىرسى قادىر ياغاقنى كۆرۈپلا، — كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدىكەن، ئەنە قاراڭلار!

ئولتۇرغانلار ئۆپۆر - توپۇر بولۇشقىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قادىر ياغاققا سالام قىلدى. قادىر ياغاقمۇ قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، ئېگىلگىنىچە جاۋاب سالام قايتۇردى.

— هاي قادىراخۇن، جىنندەك توختىنسىلا! — دېدى تاماق چىش ئادەم قادىر ياخاقنى گەپكە سالماقچى بولۇپ، — ھېلىقى ھاكىمنىڭ كېتىپ قالغىنى راستىما؟

— ھەئە، ئاخشام كەچمۇ كەچ خوشلىشىپ كەتكەن، — دېدى قادىر ياخاق چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە.

— مۇشۇ تۇرۇقتا شۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇراتتۇق، خېلى بەلەن ئادەممىشقۇ ئۇ؟

— شۇنداق، ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئادەمكەن ئۆزى.

— خۇي - پەيلى قانداقراقكەن؟

— قورسىقى ئارقىسىدا، گېلى پۈتەي بىر ئادەمكەن، — دېدى قادىر ياخاق تەبەسسۇم قىلغاچ.

— نېمە، تۇغۇلغاندا دۈمبىسى ئالدىدا، قورسىقى كەينىدە تۇغۇلۇپ قالغان ئادەممىكەن ئۇ؟ — دەپ كۈلدى ئارىدىن يېشى كىچىكرەك بىرسى چاقچاق قىلغاندەك قىلىپ.

— ياقەي، — دېدى قادىر ياخاق ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۆيگە كەلگەن باشلىقتا يېگۈزەي دەپ يېگۈزگىلى بولمىغان ئىشمۇ بىر چاتاق ئىشكەن. ئىشقىلىپ ئۇ ھاكىم بىر يەرگە بارسا قورسىقى ئالدىدا بارىدىغان، بېرىپ بولغۇچە قورساقنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ ھالال - ھارامنى ئايرىماي، گېلىدىن ئۆتكەننى يەپ - ئىچىدىغان ئەمەلدارلارغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن. ئەدناسى خوتۇن - بالىلىرىغا ئالغاچ بارار دەپ بىر سېۋەت ياخاق قىپقىپ قويۇۋېدىم، شۇنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ھەي ئىست! قولىنى بولسىمۇ تۇتۇپ، يۈز - كۆزىمىزگە سۈرتۈۋالماپتۇق ئۇ ھاكىمنىڭ.

— بىز مۇشۇنداق بار چاغدا قەدرىگە يەتمەي، يوق چاغدا پۇشايمان قىلىدىغان ئەخمەق خەق مانا.

قادىر ياخاق ئارىدىن سۇغۇرۇلۇپ ئاستا كېتىپ قالدى. كۆڭۈللىرىدە ئوسمان ھاكىمنىڭ ئاللىقانداق ئارمانلىرىنى

يېيىشىپ تېخىچە ئۈرە تۇرۇشقانلار بىردىن - ئىككىدىن كۆۋرۈك ئۇرۇندۇقىغا قايتا قونۇشقا باشلىدى.

— يۈسۈپ كارناي كۈن چۈش بولغۇچمۇ ئۆيىدىن چىقمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى تاماق چىش ئادەم تاماكىسىنى شورىغاچ ئەتراپقا قاراپ.

— ئۇ ئەمدى كۆۋرۈك بېشىغا چىقىپ ئولتۇرماس بوپتۇ، — دېدى ئارىغا يېقىندىن قوشۇلۇپ ئولتۇرغان بىرسى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراشتى ئولتۇرغانلار تەڭلا.

— تۈنۈگۈن ئوسمان ھاكىم چاقىرىپ: «ھۆرۈنلۇقۇڭنى تاشلاپ ئادەم بول» دەپ ئىككى ئېغىز تەربىيە قىلغانىكەن، يىلىككە ئوخشاش ئېرىپ كېتىپتۇ.

— ۋاھ! شۇنىمۇ بوش قويىماي، يول - يوسۇنغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ - دە، ئۇ ھاكىم؟

— ئوسمان ھاكىم يۈسۈپ كارنايدىن «نېمە قىيىنچىلىقىڭ بار؟» دەپ سوراپتىكەن، «خوتۇن قىيىنچىلىقىم بار» دەپ كۈلۈپتۇ. «سەن مۇشۇنداق ھۆرۈن، بىكار تەلەپ تۇرساڭ، ساڭا كىم تېگىدۇ» دەپتىكەن، يۈسۈپ كارناي گەدىنىنى تاتىلاپ، بۇقىدەك پۇشۇلداپ تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم ئۇنىڭغا ئۈسۈمسىز قەرز ئېلىپ بەرمەكچى، كۆزگىچە خوتۇنمۇ ئېلىپ بەرمەكچى بولغانىمىش. «ئۆيۈڭگە بىر ئېشەك ھارۋىسى پەيدا قىل» دەپ يۈز كوي پۇلمۇ بېرىپتۇ تېخى. ئۇ كارناي تېرىماي تاشلىۋەتكەن يەرلىرىنى تېرىماقچى بولۇپ، ئوسمان ھاكىمغا خېلى ۋەدە بېرىپتۇ. بۈگۈن تاڭ ئاتماستا كۆزگى بۇغدايىنىڭ قىغ غېمىنى قىلاي دەپ، قادىر ياڭاقنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى تىلەپ، جاڭگالغا قومۇش ئورۇپ، يانتاق چاپقىلى كىرىپ كېتىپتۇ ئۇ كارناي.

— ئۇ كارناي ئەمدى ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇپتۇ، — دېدى ئارىدىن بىرسى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ كارناي بولمىسا بۇ يەردىكى پاراڭمۇ مەززىسى بولمايدىكەن، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى يەنە بىرەيلەن، — كۆۋرۈك بېشىنى بېقىپ بىكار ئولتۇرغاندىن كۆرە ئېغىلدىكى مالغا بىر سىقىم ئوت تاشلاپ بەرسەك شۇ پايدا ئوخشايدۇ.

بۇ گەپتىن كېيىن كۆۋرۈك ئورۇندۇقىغا قونۇپ ئولتۇرغانلار بىردىن، ئىككىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، تەرەپ - تەرەپلەرگە قاراپ مېڭىشتى.

كۆۋرۈك بېشىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان بىر لالما ئىت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ياققا ماڭغاندەك قىلدى. ساڭگىلاپ تۇرغان تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ، بوۋاق بالىنىڭ كۈلكىسىدەك بولدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى ئەينەكتەك شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە ساپ كۆرۈنەتتى.

# يۈك

يول تۆگە لوكىسىدەك ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئۆتەتتى. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يانباغرىدا بۈككىدە ئۆسكەن توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەتىگەنلىك قوياش نۇرىدا كۈمۈش تەڭگىدەك يالتىرايتتى. قاياقتىندۇر قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشكەن، كىمدۇر بىرسىنىڭ پوكۇلدىتىپ بىرنەرسە كېسىۋاتقان ئاۋازى كېلەتتى. ئۇ ئاشۇ قۇم دۆۋىلىرى، توغراقلىق ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس كاتاڭ يولدا بىر ئېغىر خالتا بىلەن سومكىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققىنىغىمۇ خېلى چاغ بولۇپ قالغانىدى. مەنزىلىگىمۇ تېخى خېلى بار ئىدى.

ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى يۈك خېلىلا ئېغىردەك كۆرۈنەتتى. يۈك ئۇنىڭ قەددىنى قىسماقچىلاپ خېلى ئېگىپ قويغانىدى. ئۇ پات - پات چىپپىدە توختاپ مۈرىسىدىكى يۈكىنى ئازراق مۈرىدىتىۋالاتتى - دە، كىچىك - كىچىك قەدەملەر بىلەن سەپىرىنى يەنە داۋام قىلاتتى.

ئۇ كېلىۋاتقان بۇ يولنىڭ قانداق شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئېھتىمال دەسلەپتە ئىز سالغان ئادەملەر قايان مېڭىشنى خوپ كۆرگەن بولسا شۇيان مېڭىپ، يىلان ئىزىدەك مۇشۇنداق ئەگرى - بۈگرى يولنى شەكىللەندۈرگەندۇر. ئۇنىڭ قارىسى بەزىدە بىر دۆڭ باغرىدىن بىر ياققا بۇرالسا، يەنە بىر دەمدە بىر تۈپ توغراق تۈۋىدىن يەنە بىر ياققا بۇرىلاتتى. تۇرۇپلا بىر دۆڭ ئارقىسىدا غايىب بولسا، بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆڭ ئۈستىدە پەيدا بولاتتى. ئۇ شۇ ھالدا ھەربىر دۆڭ، ھەربىر تۈپ توغراق، ھەربىر ئەگمىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئارقىدا قالدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

يول يۇزىدە ماشىنا، تراكتورلارنىڭ ئىزلىرىمۇ، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئىزلىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. چورۇق، كالاچ ئىزلىرىمۇ، قوي ـ ئۆچكە، توشقان، چاشقان ئىزلىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كاتاڭدىن چىققان ھارۋا ئىزلىرى ئاللىقانداق بىر دۆڭنىڭ، توغراقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ ئىزلارنىڭ بەزىلىرى ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان كونا ئىزلار ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئىزلارغا زەن سېلىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۆزىنىڭ كونا ـ يېڭى ئىزلىرىغىمۇ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە ئاق خېيىنىڭ گۈللۈك ئىزلىرى دائىم دېگۈدەك بۇ يولدىن ئۆچمەيتتى. ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان كونا ئىزلىرىنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن يېڭى ئىزلىرى چۈشەتتى. ئۇ بۇ يولدا ئۆزىنىڭ نەچچە قېتىم، نەچچە يۈز قېتىم ماڭغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمايتتى. ئۇ بۇ يولدا بەزىدە سەھەردە ماڭسا، بەزىدە كەچتە ماڭاتتى. بەزىدە كۈندۈزى، بەزىدە كېچىسى ماڭاتتى. بەزىدە تومۇز ئىسسىقتا، بەزىدە زىمىستان سوغۇقتا ماڭاتتى. بەزىدە ئېشەك ھارۋىلىق كىشىلەر، ماشىنا، تراكتور شوپۇرلىرى ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى سېلىۋالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان ناتونۇش كىشىلەرگە كۆڭلىدە مىڭ رەھمەت ئېيتىپ، يول ئازابى تارتماي مەنزىلىگە بېرىۋالاتتى. لېكىن بۇنداق ئامەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاز نېسىپ بولاتتى.

كۈن خېلى ئۆرلەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن تەر تەپچىرەپ، گېلى قۇرۇشقا باشلىغانىدى. مۇرىسىدىكى خالتىنىڭ ئاغزى بىلەن سومكىنىڭ بېغىنى چىڭ قاماللىۋالغان ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى ئۇيۇشۇپ، ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ

قالغانىدى. ئۇ قۇم بارخانلىرى، توغراقلىق ئارىسىدىكى يولدىن بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ، ئالدىدىكى چەكسىز تۈز كەتكەن شىرەملىكنى كۆردى. شىرەملىكنىڭ تېخىمۇ نېرىسىدا بىر كۆجۈم مەھەللىنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ «يول ئەمدى تەڭ بوپتۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇ بۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ ماڭماقچى بولۇپ مۇرىسىدىكى خالتا بىلەن سومكىنى ئاستا يەرگە قويدى. ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن بېلىنى رۇسلاپ، بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئارقىدىن ئۆزىنى پوككىدە قۇمغا تاشلاپ، سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. سۇ بوتۇلكىسىنى ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈپ، بولۇقشىتىپ سۇ ئىچتى. «ئۇھ!» دەپ بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن سومكىدىن پوچۇق زاغرا ناننى ئۇشتۇپ ئېلىپ، قىڭغىيىپ ياتقىنىچە كومۇرلىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان چىللىغان چاغدا ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ئىشىكتىن چىققانىدى. كۈن ئاش ۋاقتىدىن ئاشقاندا يولنى ئاران تەڭ قىلالىدى. يەنە شۇنچىلىك يول يۈرگەندە ئاندىن مەكتىپىگە يېتىپ بارالايتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۇزۇن ياتمايلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بىرەر نەرسە كېلىپ قالارمىكىن دېگەندەك ئالىقىنىنى چېكىسىگە تۇتقىنىچە يولغا بويۇنداپ قاراپ قويدى. لېكىن بۇ يولدا بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئېشەك ھارۋىسى، ماشىنا، تراكتور دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ بولۇپ يەردە تەكىيىدەك ياتقان خالتىنى تارتىپ ئۆرە قىلدى. خالتىنىڭ ئاغزى بىلەن سومكىنىڭ بېغىنى بىرلەشتۈرۈپ چىڭ قامالىۋالغاندىن كېيىن تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئالدىغا كۈچەپ بىر ئېڭىشىپلا مۈرىسىگە ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەمدى شىرەملىك يولغا چۈشكەنىدى. شىرەملىك يول قۇملۇق يولغا قارىغاندا قاتتىق ھەم خېلى تۈز ئىدى. ئەتراپتىن تۈزلۈق شور ھىدى كېلەتتى. ئۇ كىچىك ـ كىچىك قەدەملىرىنى ھەربىر يۆتكىگەندە تاپىنى ئاستىدا ئېزىلگەن شور داڭگاللىرى غىرىس ـ غىرىس قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. يول بويلىرىدا پاكار، زىچ ئۆسكەن يانتاق، يۇلغۇن، چىگە، چاكاندىلار، چۇچۇكبويا چېچەكلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، رەڭگارەڭ جۇلالايتتى. پەرۋانە، كېپىنەكلەر چېچەك ئارىلاپ پىلىلدىشاتتى. تومۇچۇق، توغراق قۇشقاچلىرى ۋىچىرلاپ ئۇچۇشاتتى. تورغايلار بىر ـ بىرىنى قوغلاشقىنىچە چۇ ـ چۇلىشاتتى. پات ـ پات بىرەر ياۋا توشقان پارتتىدە قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالاتتى ـ دە، يەنە پارتتىدە قېچىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى.

ئۇ تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكىگە زەن سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. زەن سالغانسېرى ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى شۇنچە ھېس قىلاتتى. ئېغىر يۈك مۇرىسىگە پېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېغىر يۈكنى ئەمەس، نۇرغۇن خىيال، ئەسلىمىلەرنى يۈدۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئابدۇللا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ مەھەللىدە ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئويناپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى مەرەمخان بىلەن بىرگە كەنت مەركىزىگە چاقىرتىلدى. شۇ كۈنى كەنت مەركىزىگە ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا بىرگە ئوقۇغان بىرنەچچە ئوقۇغۇچىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ كەلگەنىدى.

— بۇ يىل سىرىقتوغراق كەنتىمىز تەۋەسىدىكى 5 ـ سىنىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا خەتلەندى، — دېدى شۇ چاغدا كەنت باشلىقى چاقىرتىلغانلارغا قىسقا يىغىن ئېچىپ، — سىلەرنى مۇشۇ ئىش

بىلەن چاقىرغانىدۇق. بۇگۈن بۇ بالىلارنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچىمىز. . .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىردىنلا چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

ــ بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىزنى قانچىدىن قانچە ئوقۇتقۇمىز بار، ئوقۇمىغان ئادەم بىزگە ئوخشاش كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالىدىكەن. بىز ئۆزىمىزمۇ كىچىك چېغىمىزدا ئوقۇۋالمىغىنىمىزغا مىڭ پۇشايمان قىلىمىز. لېكىن زە. . . ئەمدى. . . شۇ. . . يولنىڭ يىراقلىقى. . . يېزا بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ ئارىلىقى چۆل، يېرىم كۈنلۈك يول تۇرسا، مۇشتۇمدەك بالىلار قانداق بېرىپ ـ كېلەر؟ . . . ئەمدى. . . شۇ. . .

ــ بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار! ــ دېدى كەنت باشلىقى شۇئان، ــ يولنىڭ يىراقلىقى تەشكىلگىمۇ ئايان، بالىلىرىڭلار كۇندە بېرىپ كەلمەيدۇ. مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدۇ. كۇندە ئۈچ ۋاخ مەكتەپنىڭ مۇت تاماقىنى يەيدۇ. بىز كەنتنىڭ قول تراكتورىدا ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم ئاپىرىپ، ئەكىلىدىغان بولدۇق. ناۋادا ئوقۇتمايمىز دېسەڭلار بۇگۈندىن باشلاپ ئەمگەككە خەتلەيمىز. كەتمەننى دولىغا سېلىپ دەريا تۇغلاشقا ماڭسا بولىدۇ. بىكار ئويناپدىغان ئىش يوق. خۇرجۇن ئىككى پاي. . .

سىرىقتوغراق كەنتى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كەنت ئىدى. يېزا مەركىزىدىن راستتىنلا يېرىم كۈنلۈك يىراقتا ئىدى.

بۇ كەنتنىڭ قېشىدىن كىچىك بىر دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ كەنتتىكىلەر شۇ دەريانىڭ سۈيى بىلەن مال ـ چارۋا باقاتتى، تېرىقچىلىق قىلاتتى، ھويلا ـ ئارام، باغلىرىنى كۆكەرتەتتى. شۇڭا بۇ دەريانىڭ سۈيى كەنتتىكىلەرنىڭ نېنى، قېنى، جېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ھېسابلىناتتى. كەنتتىكى ئەرلەر قىشىمۇ ياز شۇ دەريادىن كەلمىگەنچىلىك قىلاتتى. بەزىدە كۈندۈزى سالغان تۇغ كېچىسى، بۈگۈنى سالغان تۇغ ئەتىسى يار ئېلىپ كېتەتتى. ئاخشىمى تۇغ سېلىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنلەر ئارىدىن بىر كېچە ئۆتۈپ كۈن چىقىپ بولغۇچە يەنە دەريا تۇغلاشقا ھەيدىلەتتى. كەنت، مەھەللە كادىرلىرى ماڭ، دەپ بولغۇچە بەلگە ناننى تۈگۈپ، كەتمەننى دولىغا سېلىپ ماڭماي ئامال يوق ئىدى. كىم ماڭمىسا شۇنىڭ يېرىگە سۇ بېرىلمەيتتى. دەريا تۇغلاش ئەمگىكىگە بىرەر قېتىم بارالماي قېلىپ ئېچىقىغا سۇ ئىچىپ سالغانلار جەرىمانە تۆلەيتتى، جەرىمانە تۆلىگەندىن سىرت كادىرلارنىڭ سېسىق ئىزا ـ ئاھانىتىنى ئاڭلاپ، تۇغۇلۇپ قالغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلاتتى. «دەريا تۇغلاشقا بارماي تەييار كەلگەن سۇدا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغىنىڭغا مىڭ لەنەت. . . » دېگەندەك تاپا ـ تەنە، ئاھانەتلەردىن باش كۆتۈرەلمەيتتى. ياز كۈنلىرىدىكى دەريا تۇغلاش ئەمگىكى تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى. بولۇپمۇ كەلكۈن ۋاقتىدىكى خاپىچىلىقنى بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا دەريا تۇغلاشنىڭ گېپى چىقسا بۇ كەنتتە بېشى تاشتەك قاتمايدىغان، «تۈيىقى سىرقىرىمايدىغان» بىرمۇ ئىنسان يوق ئىدى. كەنت باشلىقىنىڭ «بالىلىرىڭلار مەكتەپتە ئوقۇمىسا ئەمگەككە خەتلەيمىز، كەتمەننى دولىغا سېلىپ دەريا تۇغلاشقا ماڭسۇن، خۇرجۇن ئىككى پاي. . . » دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بوپتۇ، ئوقۇتايلى، — دېيىشتى ئاخىرىدا ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن گەپ قىلىشىپ، — تەشكىل بىزنى يامان يولغا باشلىمايدۇ. ئوقۇغانغا نېمە يېتىدۇ؟ تراكتوردا ئاپىرىپ، ئەكىلىدىكەن. ئۈچ ۋاخ تاماقنى مەكتەپ بېرىدىكەن. بۇنىڭدىنمۇ ئۇز گەپ بارمۇ جاھاندا؟ بۇ يۇرتنىڭ خاپىچىلىقى

بىز بىلەنلا تۈگىسۇنا. بالىلىرىمىز ئوقۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۆت تەڭگىسىنى ئېلىپ راھەت كۆرسە ئەجەب ئەمەس.

— ھەببەللى، — دېدى كەنت باشلىقى خۇرسەن بولۇپ ھېجايغىنىچە، — مانا ئەقلىڭلارنى تېپىۋالدىڭلار. مائارىپنى قوللاش، مەجبۇريي مائارىپ دەيدىغان گەپمۇ بارغۇ؟ مەنمۇ كىچىك چېغىمدا ئوقۇۋالمىغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىمەن. مۇشۇ ھالىم بىلەن بىر كەنتنىڭ بېشى بولۇپ يۈرىمەن. بىز ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە بۇنداق ئۆتمەيمىز. كەنتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىشلىرى ئوقۇغانلارغا ئېھتىياجلىق. بىزمۇ بىر كۆزىمىزنى يۇمۇپ بالىلىرىڭلارنى ئوقۇۋالسۇن دېدۇق. بولمىسىغۇ ئوقۇمىسا دەريا توغلاشقا ماڭىدىغان ئەمگەكچىمىز ئاۋۇپ، يۈكىمىز يېنىكلىشەتتى. ئەمىسە بىز قول تراكتورنى تەييارلاپ ساقلاپ تۇرىمىز. چۆگۈن گىژىلداپ بولغۇچىلىك ۋاقىتتا بالىلىرىڭلارنى ئۇز جابدۇپ، يوتقان - كۆرپىسى بىلەن ئەكېلىپ بېرىڭلار!

كەنت باشلىقى كۆزلىرىنى بەقەمدەك قىزارتىپ، خالتىلاشقان قاپاقلىرىنى سىلىپ يۈرىدىغان، شاپ بۇرۇتىنى ئاق ئارىلىغان، مىس چىراي ئادەم ئىدى. ناۋادا كەنت تەۋەسىدە بىرەرسىنى باي دېيىشكە توغرا كەلسە شۇنىلا دېگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ تېرىيدىغان يېرىمۇ، مال - چارۋىسىمۇ ھەممىنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئايۋان - سارايلىق ئۆيىمۇ ھەممىنىڭكىدىن يېڭى، ئازادە، ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ بېغىغا كەندىر تېرىپ نەشە ياساپ چېكىدىغانلىقىنى كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. خېلى كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيمىنىپ، تەپ تارتىپ يۈرگىنى بىلەن ئارقىسىدىن «ھارام يېگەن پوكىنىڭ ئېتىلىپ كېتەر بەڭگى» دەپ تىللايتتى. ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ يىراق - يېقىندا «تەدبىرگە ئۇستا» دەپ خېلى دېڭى بار ئىدى. بايا ئۇنىڭ «بالىلىرىڭلار ئوقۇمىسا كەتمەننى دولىغا سېلىپ دەريا توغلاشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماڭسۇن، خورجۇن ئىككى پاي. . .» دېگىنىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىر تەدبىرى ئىدى. بۇ تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى تېزلا كۆرۈلدى. راستتىنلا چۆگۈن گىژىلداپ بولغۇچىلىك ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى، تەللە - خورجۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىپ، قول تراكتورىغا بېسىشتى.

مەرەمخان يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بىلەن خېلى تېتىك، تېمەن ئايال ئىدى.

— ئوقۇ، بالام! كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئوقۇۋال! — دېدى ئۇ ئابدۇللانىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن ئۇنى قول تراكتورىغا يۆلەپ چىقىرىۋېتىپ، — ياخشى ئوقۇپ كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس. دەريا تۇغلاش ئەمگىكىگە سېپىلىپ قالساڭ جېنىڭ قىينىلىپ كېتىدۇ. مەندىن غەم قىلماي ياخشى ئوقۇ بالام، سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

— خاتىرجەم بول، ئانا! — دېدى ئابدۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ.

قول تراكتورى قوزغالدى. بالىلىرىنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر:

— خۇدايىمغا ئامانەت، يول بولسۇن، بالام! — دېيىشكىنىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قېلىشتى. ئارىدىن كىملەردۇر كۆز يېشىمۇ قىلىشتى. مەرەمخانمۇ داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتكەچ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللانىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزى قىمىلداپ كەتتى.

يېزا بازىرى كۈندىكىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە مىغىلدىشاتتى. بوينىغا قىزىل گالىستۇك چىگىۋالغان قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى لەڭپۇڭچىنىڭ ئالدىدا لەڭپۇڭ يەپ تۇرۇشاتتى. بەزىلىرى گازىر چېقىپ، بىگۇر شومۇپ يۈرۈشەتتى. ئابدۇللا ھەممىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋېتىپ، ئۆزىنىڭ يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەنلىكىنى تۆيمايلا قالدى.

مەكتەپ ئىچى خېلى كۆركەم، چىرايلىق ئىدى. سېمونت مەيداندا ئوقۇغۇچىلار سەپ بويىچە ئولتۇرۇشقان بولۇپ، يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. سېرىقتوغراق كەنتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار قول تراكتورىدىن چۈشۈپ ئۈستۈۋېشلىرىنى قاققاندىن كېيىن سەپكە تىزىلىپ، سېمونت مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. يىغىندا سېرىقتوغراق كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى، يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ئىلغار شەخس دەپ تەرىپلىنىپ سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى. مەيدىسىگە گۈل تاقىلىپ ئۆز ۆندىن ئۆزۈن ئالقىشلاندى. ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىلگەن چايدان، چەينەك دېگەنلەر قۇچىقىغا پاتمايلا قالدى. يىغىندىن كېيىن ئۇ دەرۋازىدىن قول تراكتورىنى قانداق پاتاقشىتىپ كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق پاتاقشىتىپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇللانىڭ كەنتىنىڭ قول تراكتورى بىلەن مەكتەپكە بارغىنى شۇ بىر قېتىم بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن باللار «قول تراكتورى دەرياغا ئەمگەكچى ئېلىپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يېرىم كۈن پىيادە مېڭىپ مەھەللىگە كېلىشتى. شۇ كۈنى ئابدۇللانىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ، شەلۋەرەپ كەتكەنىدى. ئۆيدە بىر كۈن تۇرۇپ ئەتىسى مەكتەپكە ماڭار چاغدا قول تراكتورى دەريادىن تېخى كەلمىگەنىدى. ئابدۇللا يەنە سومكىسىنى يۈدۈپ، مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئامالسىز پىيادە ماڭدى. كېيىنكى ھەپتىسىمۇ شۇنداق بولدى. يەنە بىر ھەپتىسى مەھەللىدىكى باللار خاپا چىراي قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە «ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كەنتنىڭ قول تراكتورىدا مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئەكىلىمىز» دېگەن گەپنى قىلغان كەنت باشلىقىنى ئىزدەشتى.

— ئۇنداق دېيىشمىغۇ دېگەن، — دېدى كەنت باشلىقى قاپىقىنى تۈرگىنىچە، — لېكىن شۇنداق قىلماقنى ئاسان دەپ قېلىشتىڭمۇ؟ تراكتور دېگەن دەريانىڭ سۈيىنى قويغانغا ماڭمايدۇ. تولا باشنى ئاغرىتماي مېڭىپ بېرىپ - كېلىپ ئوقۇش! ئوقۇساڭ ماڭا ئوقۇپ بېرىشەمتىڭ؟ ئوقۇمايمىز دېيىشسەڭ كەتمەننى دولاڭغا سېلىشىپ دەريا تۈگىلىغىلى مېڭىش! خورجۇن ئىككى پاي. . .

كەنت باشلىقى شۇنداق دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باللار كەنت باشلىقىنى ئىزدەپ بېرىشقىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىشىپ ئۆيلىرىگە تاراپ كېتىشتى. ئابدۇللا ئىشىكتىن سالپىيىپ كىرگىنىچە كەنت باشلىقى قىلغان گەپلەرنى، بىرنەچچە باللىنىڭ «ئەمدى ئوقۇمايمىز» دېيىشكەنلىرىنى ئانىسىغا دېدى.

— ئەمدى مەنمۇ ئوقۇمايمىكىن، — دېدى ئۇ مەيۈسلەنگەن هالدا سۈپىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇرغاچ، — كەنت باشلىقى دېگەن گېپىدە تۇرمايدىغان ئادەمكەن. باشقا باللار ئوقۇمىسا مەن ئوقۇپ نېمە قىلارمەن؟ يا مەكتەپ يىقىن بولمىسا؟ . . .

— كادىر دېگەننىڭ ساقىلى يوق، باللام، مەيلى خاپا بولما! — دېدى ئوچاق بېشىدا خېمىر يۇغۇرۇپ نان يېقىشقا تەمشىلىۋاتقان مەرەمخان ئابدۇللاغا تەسەللى بېرىپ، — باشقا باللار ئوقۇمىسا ئۆزىنىڭ ئىشى، خەقنىڭ بالىسى بىلەن سېنىڭ كېندىكىڭ قوشمىدى؟ سەن باشقا باللارغا ئوخشىمايسەن، بالام. سېنىڭ داداڭ يوق. باشقا باللار دەريا تۈگىلاشقا بارسا دادىسىنىڭ، ئاكىسىنىڭ قولتۇقىدا سايىداپ كۈننى كەچ قىلىپ كېلەلەيدۇ. سېنىڭ ئىككى ئاچاڭ بولغان بىلەن خەقنىڭ قولىدا. خەقنىڭ بېغىدىكى دەرەخنىڭ سايىسىدە سايىدىغىلى بولمايدۇ. ئوقۇمىساڭ دەريا تۈگىلاشقا سېپىلىپ قالىسەن.

كىچىك تۇرۇپ چىكىلىپ كېتىسەن. . . دادالڭ رەھىمەتلىك دەريا تۇغلاشتىن كېلەلمەي كەلكۇندە ئېقىپ كەتتىغۇ؟ دادالڭ كۆرگەن كۇننى. . . سە. . . سەن كۆرمە، بالام! مەرھەمخاننىڭ ئاۋازى بارغانچە تىترەپ، ئۈزۈلۈپ قالدى، — كۇندە بېرىپ كېلەمتىڭ؟ — دېدى ئۇ يەنە داكا ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان يىشىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى ئۇلاپ، — ئەجىر ئەزىم دەپتىكەن، بالام. ئەجىر قىلماي كۇننىڭ سىرىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. جاپا چەكسەڭمۇ چىداپ ئوقۇ! كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئوقۇۋال، بالام! . . .

ئابدۇللانىڭ بىردىنلا ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ:

— يىغلىما، ئانا! — دېدىيۇ ئۇنىڭمۇ ئاۋازى تىترەپ، كىرپىكلىرى لىپىلداپ كەتتى، — مە. . . مەن. . . ئوقۇي ئانا، سەن. . . نېمە دېسەڭ شۇ. . . ئوقۇ دېسەڭ ئوقۇۋېرەي ئەمىسە.

بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، كۆڭلىدىن، يۈرىكىدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئەتىسى كۇن چىچىلماستا ئانىسى يېقىپ بەرگەن نانلارنى سومكىغا سېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىر توپ بولۇشۇپ، قى - چۇ قىلىشىپ، ۋىچىرلىشىپ ماڭىدىغان باللار ئەمدى خېلى ئاز قالغانىدى. كۇنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپ ئاخىرىدا ئۇچ - تۆتلا بالا قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئابدۇللادىن باشقىسىنىڭ يېزا ئەتراپىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگۇسى كەلسە كېلەتتى. كەلمىسە شۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ شەنبە، يەكشەنبە كۇنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ - كېلىشتە بارا - بارا جىندەك يالغۇزلا قالغانىدى. ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم ئۆيىگە بېرىپ كېلىۋالسا ئۆزىنى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ خېلى يەڭگىللىشىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئابدۇللا سېرىقتوغراق كەنتىدىكى باللار بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، كەنتنىڭ قول تراكتورىدا ماڭغان كۈنى كەنت باشلىقى ئۇلارغا «كۈندە ئۈچ ۋاخ مەكتەپنىڭ مۇت تامىقىنى يەپ ئوقۇيسىلەر» دېگەنىدى. مەكتەپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بىرەر ئايچە شۇنداق قىلالىدى. كېيىن ئۇ تاماقمۇ بىر ۋاخقا قالدى. مەكتەپ ئاشخانىسى ھەر كۈنى چۈشتە بىردىن كاكچا نان ياكى بىر قاچىدىن سۇيۇقئاش بېرەتتى. ھەپتىدە بىر قېتىم سېرىق لەگمەن ئېتىپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ لەگمەننىمۇ ياتاقلىرىغا ئەكىرىپ يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن «يەنە ئازراق بولغان بولسا — ھە؟!» دېيىشكىنىچە لەۋلىرىنى تامشىشىپ قېلىشاتتى. مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىشكە ئامال قىلالمىغانمىش. يېزا، كەنتلەر ياردەم قىلىدىغان ئىشلار ئۈزۈلۈپ قالغانمىش. مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقىمۇ ئېغىرمىش. مەكتەپنىڭ بىر نېمىلەرنى قىلىپ ھەر كۈنى چۈشتە بىر ۋاخ تاماق بېرەلىگىنىمۇ چوڭ گەپمىش.

ئابدۇللا ھەر كۈنى ئەتىگەن، كەچتە بىر كورا سوغۇق سۇنى ياتىقىغا ئەكىرىپ، ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ناننى يەيتتى. ئانىسى بەرگەن ئىككى — ئۈچ كوي پۇلنى بىر ھەپتىگىچە يەتكۈزۈپ خەجلەيتتى. بەزىدە مەكتەپ ئالدىغا چىقىپ بىڭگور، لەڭپۇڭ ئېلىپ يەپ كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. ئۇ بۇنداق تۇرمۇشقا بارا — بارا ئادەتلىنىپ، كۆنۈپ قالغانىدى.

ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشكەندە قى — چۇ قىلىشىپ توپ ئوينىشاتتى. تورنىكقا ئېسىلىپ، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇشاتتى. قىرائەتخانىغا كىرىپ خالىغان كىتاب — ژۇرناللارنى ئېلىپ ئوقۇيتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئىشخانا ئالدىدا تېلېۋىزور قويۇپ بېرىلەتتى. ئابدۇللا شۇلارنىڭ قايسىنى خالىسا شۇنى قىلاتتى. قايسىنى كۆرگۈسى كەلسە شۇنى كۆرەتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا

بەكمۇ مەنىلىك، كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۈنلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتقىنىغا كۆڭلىدە خېلى قانائەتلىنىپ قالغانىدى.

ھەپتە، ئاي، پەسىللەر ھېچ بىلىنمەيلا ئۆتمەكتە ئىدى. ئابدۇللا تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىنى تۈگىتەي دەپ قالغانىدى. لېكىن خېلىدىن بېرى بىر غەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە سايە تاشلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ غەم ئېسىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ھېچ ئىش خۇشياقماي قالاتتى. دەرس ۋاقتىدا، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە زېھنىنى ھېچ يىغالمايتتى. كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى.

ئابدۇللانىڭ سىنىپ مۇدىرى مۇختەر مۇئەللىم ئۆزى ياش بولغىنى بىلەن تولىمۇ سىلىق، سىپايە مۇئەللىم ئىدى. بىر جۈپ قارا كۆزى كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز بالىسىدەك، ئۇكىسىدەك، سىڭلىسىدەك كۆرەتتى. ئۇنىڭ شۇ مىجەزىمۇ ئەمدى بارغانچە يوقىلىپ، ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. يېقىندىن بېرى ئۇ تۈزۈك چىراي ئاچماي، قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر جۈپ قارا كۆزىدىن كۈلۈمسىرەش ئۆچكەنىدى. سىنىپنىڭ بوسۇغىسىدا تاماكىنى كۆچەپ شوراپ، ئېغىر خورسىنىپ تۇراتتى. دەرسكە كىرگەندە كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ چېچىلىپ، چالۋاقاپ كېتەتتى. سوئال سورىغان ئوقۇغۇچىلارغا خۇشياقمىغاندەك ئاغزىنىڭ ئۇچىدا جاۋاب بېرەتتى. سىنىپ يىغىنى ئاچقاندا ئاغزىدىن پۇلدىن باشقا گەپ چىقمايتتى. كىتاب پۇلى، بەدەل پۇلى، كىرىم پۇلى. . . دېگەندەك پۇللارنى تۆلىيەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا قولىنى شىلتىپ كايىپ كېتەتتى. بەزىدە تېخى كىملەرنىدۇ تىللاپمۇ سالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇللا كۆڭلىدە «بۈگۈن نېمە بولغاندۇ بۇ مۇئەللىمگە؟» دەپ ئويلاپ كېتەتتى. ئابدۇللا مۇختەر مۇئەللىمدىن بارغانچە ئەيمىنىدىغان، تەپ تارتىدىغان، «سىنىپ يىغىنى ئېچىلىدىكەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

دېگەن گەپنى ئاڭلىسا «مېنى بىر نەرسە دېمەكچىدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، يۈرىكى پوكۇلدايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇللا ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر سائەتلىك دەرستىن كېيىن شۇنداق ئويلاپ ئولتۇراتتى. مۇختەر مۇئەللىم ئىشىكنى ئېچىپ، سىنىپ يىغىنى ئاچقىلى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يەنە قاپىقى تۈرۈك، چىرايى يېقىمسىز ئىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا يەنە پۇلنىڭ گېپىنى چىقاردى. ئابدۇللانىڭ كۆڭلىدىكى غەم- ئەندىشە، تەشۋىشنىڭ سايىسى شۇئان جۇدۇنلۇق قارا بۇلۇتقا ئايلاندى. ئۇنىڭ بېشى مۇختەر مۇئەللىم كۆرمەي قالسۇن، دېگەندەك چۈشۈپلا كەتكەنىدى.

مۇختەر مۇئەللىم زىممىسىدە پۇل قالغان بالىلارنى بىر- بىرلەپ ئىسمىنى چاقىرىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. شۇ قاتاردا ئابدۇللانىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. سىنىپتىكى بالىلارنىڭ تېگى دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرغانىدى.

— سىلەر ھېلىمۇ خىجىل بولمايدىكەنسىلەر، — دېدى مۇختەر مۇئەللىم قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئۆرە تۇرغانلارغا قاراپ، — مەن نەچچە قېتىم دېدىم زىممىڭلەردىكى پۇلنى تۆلىۋېتىڭلار دەپ، ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتەي دەپ قالدى. مەن تامغا ياكى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلدىمما؟ . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ئۆرە تۇرغانلارنىڭ بېشى باراڭدىكى قاپاقتەك ساڭگىلاپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ئۆرە تۇرغانلارنى مەسخىرە قىلغاندەك ھىجىيىشاتتى. شۇ تاپ ئابدۇللا خىجىللىقتىن بېشىنى سالغىنىچە ئاران - ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆز قۇلىقىغا ئاڭلانغۇدەك ھالدا پوكۇلداپ كەتكەنىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى بالىلار ئارىسىدا بۈگۈنكىدەك مۇشۇ ھالەتتە بىرنەچچە قېتىم ئۆرە تۇرۇپ قالغانىدى.

مۇختەر مۇئەللىم ئۆرە تۇرغانلارغا بىر هازا كايىغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ باشقىلارنى قويۇۋەتتى. سىنىپتىن چىقمۇاتقان بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئارقىسىغا قاراپ هىجىيىشقىنىچە «هېلىمىلاريا هېلىمىلار، خاپا بولماس قېلىنلار» دەپ چۇرقىرىشىپ قويىدى. بۇ ئىزا ـ ئاهانەت ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، ئاران ـ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقان ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنى هەرە كۆتىكىدەك مىژىلدىتىپ، كۆزلىرىنى كۆمۈتا كىرىپ كەتكەندەك قىمىلدىتىۋەتتى.

— سەن گەدىنىڭدىكى پۇلنى نېمىشقا تۆلىمەيسەن؟ — دەپ سورىدى مۇختەر مۇئەللىم بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەچ.

— مە. . . مە. . . مەن، — دېگىنىچە قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى ئۇ ئوقۇغۇچى.

— ماڭا كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ بەرمەي بىرنەرسە دېمەمسەن؟ — دېدى مۇختەر مۇئەللىم يەنە.

— مە. . . مەن. . . دادام كېسەل بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان. . . ئۆيدە پۇل يوق. . . شۇڭا. . .

— سەندە نەچچە پۇل قالدى، بىلەمسەن؟

— بىر يۈز يىگىرمە كوي.

— قاچان ئەكىلىپ بېرىسەن؟

— دادام ساقىيىپ پۇل قامداپ بەرگەن هامان. . .

— سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى مۇختەر مۇئەللىم يەنە بىرسىدىن، — سەن نېمىشقا تۆلىمەيسەن؟

— مە. . . مەن. . . ئانام پىلە پۇلىغا يارىغاندا بېرەي دېگەن. . .

— قاچان پۇلغا يارايدىكەن ئاناڭنىڭ پىلىسى؟

— تور كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، يەنە بىر هەپتىدىن

كېيىن. . .

— سېنىڭ گەدىنىڭدە نەچچە پۇل قالدى، بىلىدىغانسەن؟

— توقسان بەش كوي.

— سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى مۇختەر مۇئەللىم ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سەن نېمىشقا تۆلىمىدىڭ؟

— مەن. . . مەن. . . ئانام تۇخۇم سېتىپ پۇل قامداپ قويىاي دېگەن. . . — دېدى ئابدۇللا يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ.

— سەندە نەچچە پۇل بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— بىر يۈز ئونبەش كوي.

— ئالدىنقى مەۋسۇمدە سەندە ئوتتۇز بەش كوي قالغانىدى، ھەممىسى نەچچە پۇل؟

— بىر يۈز ئەللىك كوي.

— نەچچە توخۇ بار ئۆيۈڭدە؟

— ئىككى توخۇ.

— ئاناڭ كۈندە ئىككى توخۇنىڭ ئارقىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قاچان قامداپ بېرىپ بولار بۇ پۇلنى؟ ئۆيۈڭدە تۇخۇمدىن باشقا پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسە يوقما؟

— بۇغداي، قوناق بار.

مۇختەر مۇئەللىم خورسىنغىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئابدۇللانىڭ كۆز جىيەكلىرىدە سىمابتەك لىغىرلاپ قالغان ياشلار تۆكۈلەي ـ تۆكۈلەي دەپلا قالغانىدى. ناۋادا مۇختەر مۇئەللىم ئابدۇللانىڭ قېشىدىن كەتمەي يەنە بىردەم تۇرۇپ قالغان بولسىدى، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىكى ياشلار راستتىنلا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، مارجاندەك تورۇكلاپ چۈشكەن بولار ئىدى.

— ئولتۇرۇڭلار! — دېدى مۇختەر مۇئەللىم تەئەددى بىلەن.

تېخىچە تىرناقلىرىنى كولىشىپ، دىرىلداپ تىترىشىپ، كۆزلىرىنى مىتلىدىتىشىپ ئۆرە تۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلار شۇئان ئولتۇرۇۋېلىشتى. «ئوھ، خۇداغا شۈكۈر!» دېدى ئابدۇللا ئورنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ كۆڭلىدە.

— سىلەرنىڭ يۈزلىرىڭلار سەل قېلىنكەن، — دېدى مۇختەر مۇئەللىم قاپىقىنى تۈرگىنىچە، — قىممىلداپمۇ قويمايدىكەن. ئىزامۇ ئۆتمەيدىكەن سىلەرگە. مېنى مۇشۇنداق سەت گەپ قىلىشقا ئۆزۈڭلار مەجبۇر قىلدىڭلار. مېنىڭمۇ سىلەرگە سەت گەپ قىلغۇم بارمۇ؟ مەنمۇ ناننى بۇرنۇمغا ئەمەس، ئاغزىمغا يەيدىغان بەندىغۇ؟ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار سورىساڭلار، ئاكا - ئۇكىدەك ئۆز گەپلىشىپ ئۆتسەك بولماسمىدى؟ راست گەپنى قىلسام، سىلەرگىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. شۇڭا خېلى پۇرسەت بەردىم، سەۋر قىلدىم. ھەممىڭلار دېھقاننىڭ بالىسى، ئاتا - ئانىڭلار نامرات، زىممىڭلەردىكى يۈك ئېغىر. بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. لېكىن مەندە نېمە ئامال؟ — مۇختەر مۇئەللىم بۇ گەپلەرنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىن ئەمەس، ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ دەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — ئوقۇغۇچى دېگەن كىتاب ئېلىپ ئوقۇيدۇ، بۇنى ئاتا - ئانىڭلار چۈشەنسۇن. ئاتا - ئانىڭلارنىڭ كىتاب قىممەتكەن، بالامغا ئەرزانراق، ئازراق بەرسە بولماسمۇ، كونا كىتابنى ئوقۇسا بولماسمۇ دېگەندەك گەپلىرى بار. بۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. ھېلىمۇ بىز ئېتىۋار قىلىدىغان، قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىش بولسا قىلىپ كەلدۇق. بەدەل پۇلى تۆلەش ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى. قوشۇمچە كىرىم پۇلى يىغىدىغان ئىشنى يېزا قارار قىلغان. ئاتا - ئانىڭلارغا ئېيتىڭلار، سىلەرگە پۇل بەرسۇن. ھازىر ئوقۇماق ئاسان ئەمەس، تىرىشىڭلار! بەرداشلىق بېرىڭلار! مېنىڭ سىلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. سىلەرنىڭمۇ ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

مەكتەپتە مەن سىلەرنىڭ ئاھانىتىڭلارنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. مەكتەپ سىلەرنىڭ زىممىڭلەردىكى پۇل ئۇچۇن مائاشىمنى تۇتۇۋالدى. مەنمۇ خوتۇن ـ بالام بار، قېرى ئاتا ـ ئانام بار بىر بەندە. سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش تېرىيدىغان يېرىم، ئۆيدە بوغداي ـ قونىقىم، بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان پاقلىنىم يوق. شامالدىن باشقىنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا ئالىمەن. ئوقۇتقۇچى بولغان، سىلەرگە سىنىپ مۇدىرى بولغان گۇناھمۇ؟

سىنىپتىكى بالىلارنىڭ مۇختەر مۇئەللىمگە ئىچى ئاغرىشىپ، بويۇنلىرىنى قىسقىنىچە قاراپ قېلىشتى. شۇ تاپتا ھەممىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. «مۇئەللىمنىڭمۇ دەردى خېلى بار ئىكەن، شۇڭا بىزگە چىرايىنى ئاچماي يۈرۈپتىكەن ـ دە» دەپ ئويلاپ قالدى ئابدۇللا.

ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار مۇختەر مۇئەللىمگە پۇلنى قاچان بېرىش توغرىسىدا بىر ـ بىرلەپ ۋەدە بېرىشىپ سىنىپتىن چىقىشتى. شۇ قاتاردا ئابدۇللامۇ:

— ئۆيگە بېرىپ ئالغاچ كېلەي، — دەپ ۋەدە بەردى.

ئابدۇللا ياتاقتىن سومكىسىنى ئېلىپ، ئۆيى تەرەپكە ئالدىنى قىلغانىدى، ئىشخانا ئالدىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان مۇئەللىم ئۇنى چاقىرىپ:

— سېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىڭ ماڭا ئايان، مەن ئېيتىۋار قىلغىلى بولىدىغان، قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش بولسا ساڭا قىلىپ كەلدىم. زىممىڭدىكى پۇلغا ھېچ ئامال يوق. بىر ئامال قىل ئەمدى، — دېدى تەڭلىك تارتىۋاتقاندەك مەيۈس ھالەتتە.

— ماقۇل، — دېدى ئابدۇللا تىرنىقىنى كوچىلىغاچ.

— سېنىڭ پۇلۇڭنى ئاناڭ تۇخۇم، بوغداي، قوناق سېتىپ قامداپ بەرمەكچىما؟ — دەپ سورىدى مۇختەر مۇئەللىم يەنە.

— ھەئە، — دېدى ئابدۇللا.

— ساتالىساڭلار سېتىڭلار! — دېدى مۇختەر مۇئەللىم بىر

ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ، ــ ناۋادا ساتالمىساڭلار ماڭا ئالغاچ كەل، كەپتەرلىرىمگە بېرىدىغان دان بىلەن ئۆيدە ئىشلىتىدىغان تۇخۇمنى مەن بازاردىن ئېلىپ يۈرمەي، قەرزىڭگە بازار نەرخى ھېسابلاپ ئالاي.

ــ ماقۇل، ــ دېدى ئابدۇللا دەررۇ مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىنى يېقىن تۇتۇپ دەۋاتقان گېپىدىن خۇرسەن بولۇپ.

ئابدۇللا مەھەللىسىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى بىر چاغ بولغاندا يېتىپ كەلدى. ئۇنى يېرىم يولدا جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭغان بىر ئوتۇنچى بوۋاي ھارۋىسىغا سېلىۋالغانىدى. بولمىسا ئۇ ئۆزى جىنىدەكلا يالغۇز پىيادە يول يۈرۈپ ئەل ياتقۇدىن ئاشقاندا، تەڭ كېچە بولغاندا ئاندىن مەھەللىسىگە كېلەلىگەن بولاتتى.

ــ ھەي، داداڭ يوقكەن، ئاناڭ بىر تۇل خوتۇنكەن، ئۆزۈڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ جېنىڭنى قىيىنىغۇچە ئوقۇمىساڭ بولمامدۇ؟ ــ دېگەنىدى ئوتۇنچى بوۋاي ئېشىكىنى ھەيدىگەچ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ــ ھازىر ئوقۇماق تەس، ئوقۇغان بىلەن بىرەر خىزمەتكە ئۇلاشماق تېخى تەس. بىچارە ئاناڭنى قاقشىتىپ، ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى ئۆزۈڭ قىيناپ نېمە كۈن كۆرەرسەن؟

ــ مەنمۇ ئوقۇماي دېگەن، ــ دېگەنىدى ئابدۇللا جاۋابەن، ــ ئانام ئوقۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ. . .

ــ ھەي، بالا چىدىغان بىلەن ئاتا ـ ئانا بولغان كىشى چىدىمايدۇ ـ دە، ــ دېگەنىدى ئۇ بوۋاي، ــ ھازىر مەكتەپنىڭ چىقىمى يامان. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دەپ مۇشتۇمدەك بالىلارنىڭ گەدىنىگە بوگۇنى بىر ياڭزا پۇل، ئەتىسى بىر ياڭزا پۇلنى توقۇپ قويىغان. مېنىڭمۇ مەكتەپتە ئوقۇيىغان بىر بالام بار ئىدى. ئۆيدە كۈندە پۇل غەلۋىسى، دېھقان خەقنىڭ تۆت تەڭگە تېپىپ، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارمىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسانمۇ؟ ھېچ پۇل توشتىپ بولالماي ئاخىر مەكتەپكە بارغىلى قويمىدىم.

ئابدۇللا بوۋاي بىلەن مەھەللىنىڭ بېشىدا خوشلاشتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەندە ئانىسى مەرەمخان سۇپىدىكى جايناماز دىن قوپۇپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

ــ ۋاي بالام! ھارماي ئوبدان كەلدىڭمۇ؟ بىچارە بالام... ــ دىگىنىچە پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ كەتتى. ئابدۇللانىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلىدى. ئۇستۈۋېشلىرىنى قاقتى. مۇرىسىدىن سومكىسىنى ئالدى. ئارقىدىن ئاستىغا كۆرپە سېلىپ بېرىپ، ئالدىغا داستىخان يايدى. ئوچاق بېشىدا يۆگەپ قويۇلغان بىر لىگەن كاكچا، زاغرا ناننى، بىر كاسا قوغۇن، بىر كورا ئۆرۈكنى ئېلىپ كېلىپ داستىخاندا قويدى.

ــ بۇنىڭ بىلەن قورسىقىڭنى ئەستەرلىگەچ تۇر، بالام، سېنى كېلىپ قالسا دەپ لەغمەن ئەتكىلى تەييارلىق قىلىپ قويغانىدىم، بىردەمدە پىشىدۇ.

مەرەمخان شۇنداق دىگەچ قازان بېشىغا بېرىپ ئوچاققا ئوت يېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئوچاققا ئوتۇن تىقىشتۇرۋاتقاچ، ئاشتاختىدا لەغمەن سوزۇۋاتقاچ ئابدۇللانىڭ مەكتەپتە قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىرەرسى بوزەك قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى، ئاپارغان نېنىنىڭ يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكىنى، مەكتەپ ھەر كۈنى چۈشتە بەرگەن ئاش ـ نانغا قورسىقى تويغان ـ تويمىغانلىقىنى، يوتقان ـ كۆرپىسىنىڭ تىكىشى سۆكۈلۈپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى سورايتتى. ئابدۇللامۇ ئۇجۇرىدىن ـ بۇجۇرىغىچە جاۋاب بېرەتتى. مەرەمخان ئاللىقانداق ئىشلاردىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ خۇرسەن بولسا، يەنە ئاللىقانداق ئىشلاردىن ئەپسۇسلىنىپ خورسىنىپ قوياتتى.

ــ ئانا، ئەمدى ئوقۇمايمىكىن دەيمەن، ــ دېدى ئابدۇللا يەيدىغانىنى يەپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن

ئۇخلاشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، بالام؟ — دەپ سورىدى مەرەمخان دەررۇ، — مەكتەپتىن زېرىكىپ قالدىڭمۇيا؟

— مەكتەپتىنغۇ زېرىكمىدىم، — دېدى ئابدۇللا، — خېلى ئوبدان كۆنۈپ قالغانىدىم. سېنىڭ جېنىڭنى قىيناپ، ئوقۇپ نېمە قىلارمەن؟ مۇئەللىمگە تۆلەيدىغان پۇلنى تېخى تۆلىيەلمىدىم. مۇئەللىم نەچچە قېتىم سۆيلەپ بولدى. گەدىنىمىزدە پۇل قالغان باللارنى نەچچە قېتىم ئورنىمىزدىن تۇرغۇزۇپ قويۇپ تەنقىد قىلدى. مۇئەللىمگە قارايدىغان يۈزۈم قالمىدى...

— سەندە نەچچە پۇلى بار مۇئەللىمنىڭ؟

— ئالدىنقى مەۋسۇمدىكى پۇل ئوتتۇز بەش كوي، بۇ مەۋسۇمدىكى پۇل بىر يۈز ئون بەش كوي. ھەممىسى بىر يۈز ئەللىك كوي.

— بىر پاقلاننىڭ پۇلىكەن - دە! قانداق پۇلكەن ئۇ؟

— كىتاب پۇلى، بەدەل پۇلى، كىرىم پۇلى، سۇغۇرتا پۇلى، مۇشتەرى پۇلى، ئىئانە پۇلى دېگەندەك پۇللار.

— نېمانچە كۆپ پۇل ئۇ؟ بالا ئوقۇتۇشقا تۇرامدىكەن ياكى پۇل ئېلىشقىمۇ ئۇ مەكتەپ؟

— تاڭ، مەنمۇ بىلمىدىم. ئىشقىلىپ ھەممىسى تۆلىمىسەك بولمايدىغان پۇل. يازلىق تەتىل كەلسىغۇ مەھەللىدىكى باللار بىلەن جاڭگالدىن چۆچۈكبۇيا يىلتىزى كولاپ سېتىپ تۆلەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. مۇئەللىم ئۇنىڭغىچە توختاپ تۇرالمايدىكەن. بەك سۆيلەۋاتىدۇ. بىرەيلى دېسەك ئۆيدە پۇل بولمىسايا؟

— دادىسى يوق يېتىم، نامرات دەپ ئېتىۋار قىلمىدىما ساڭا؟

— ئېتىۋارغۇ قىلدى. قىممەت كىتابتىن باشقا باللارغا قارىغاندا ماڭا ئىككىنى ئاز بەردى. بەدەل پۇلۇمنى يىگىرمە تۆت كويدىن ئون كويغا ئازلىتىپ بەردى. باشقا پۇلغا مۇئەللىمنىڭ ئامالى يوقكەن. مەكتەپ باللارنىڭ گەدىنىدىكى پۇلغا مۇئەللىمنىڭ مائاشىنى تۇتۇۋاپتۇ.

— تازنى ئاپتاپتا قىينىغاندەك ئىش قىپتىغۇ مەكتەپ. شۇ پۇلنى تۆلىسەك شالتاق - پالتىقلىق تۈگەمدۇ، بالام؟

— ھازىرچە تۈگەيتتى.

— تۆلىمىسەك بولمايدىغان ئىش بولسا تۆلەيلى، بالام. مەكتەپ ئالسا پۇل ئالار، جاننى ئالماس. بىزگە خۇدايىم بېرەر. يېرىم يولدا توختىتىۋالماي ئوقۇ، بالام، ئوقۇ! كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئوقۇۋال. جېنىم تومشۇقۇمدىلا بولىدىكەن، بوينۇڭنى ھەرگىز قىستۇرمايمەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن قايسى پۇلنى تۆلەيمىز، ئانا؟ — دېدى ئابدۇللا پىرىسلاپ تۇرغان سامان تەكىيگە باش قويۇۋېتىپ، — ئۆينىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويغان پۇل بارمۇيا؟ ئەمدى پۇل ئېلىپ بارمىسام مۇئەللىمنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن.

— ئۆيدىغۇ پۇل يوق، بالام، — دېدى مەرەمخان جىنچىراغنى پۈۋدەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، — ئاۋۋال ئالەم يورۇسۇن، مەن ساڭا پۇل قامداپ بېرەي. يېمەي - ئىچمەي ئون بەش - يىگىرمە تۇخۇم يىغىپ قويغاندىم. ھېچبولمىسا سەككىز - ئون كويغا يارايدۇ. بۇغداي، قوناقتىن تۆت - بەش چارەك ساتارمىز.

— ئەتە بازار بولمىسا، نەدە ساتارمىز ئۇنى؟

— ساتالمىساق، قولۇم - قوشنىلاردىن يىگىرمە - ئوتتۇز كوي پۇل بولسىمۇ ئۆتنە ئالارمەن. شۇنى بولسىمۇ ئۆتكۈزگەچ تۇرساڭ، قالدىسىغا كېيىن بىر گەپ بولار.

— مۇئەللىم ساتىدىغان تۇخۇم، بۇغداي، قوناق بولسا ماڭا ئالغاچ كەل. بازار نەرخى قەرزىڭگە ھېسابلاپ ئالىمەن

دېگەندى. كەپتەرلىرىگە بازاردىن دان ئېلىپ بەرگۈدەك.
— ئەمىسە شۇنداق قىلامسەن؟ مۇئەللىمىڭ بازاردىن نەخ پۇلغا ئېلىپ يۇرمىسۇن.
— شۇنداق قىلساممۇ قىلايمىكىنىيا؟!
— لېكىن نېمىدە ئاپىرارسەن، بالام؟ — دەپ سورىدى مەرەمخان بىر ئازدىن كېيىن.
— بىر نەرسە ئۇچراپ قالسا تېخى ياخشى، بولمىسا يۇدۇپ ئاپىراي.
— سەن قانچىلىك بىر نەرسە يۇدۇپ ئاپىرالارسەن، بالام؟
— جىق ئاپىرالمىساممۇ ئىككى چارەك قوناقنى يۇدۇپ ئاپىرالايمەن، ئانا. ھازىر ئىككى چارەك قوناق بىلەن ئۆيدىكى تۇخۇمنى ئاپىرىپ بەرگەچ تۇراي. قەرزىم ئازلىغاچ تۇرار.
— ئارىلىق يېقىن بولمىسا، قانداقمۇ يۇدۇپ ئاپىرىپ بولالارسەن؟
— خاتىرجەم بول! ئۇنچىلىك بىر نەرسىنى يەردە قويماي ئاپىرىمەن، ئانا.
بۇ گەپتىن ئەمدىلا يوتقانغا كىرىپ ياتقان مەرەمخاننىڭ كۆڭلى خېلى تىنچلانغاندەك بولدى. ئابدۇللانىڭ كۆڭلىمۇ ئەمدى خېلى ئارام تېپىپ قالغاندەك ئىدى. مەرەمخان ئابدۇللاغا يەنە:
— چىداپ ياخشى ئوقۇ، بالام، ئوقۇمىساڭ ياخشى كۈن كۆرەلمەيسەن. مەندىن قالساڭ دەريا تۇغلاشتىن قۇتۇلالماي خاپىلىق تارتىپ قالىسەن. . . — دەپ خېلى گەپلەرنى قىلدى.
ئۇ يەنە مەھەللىدىكى ئابدۇللا بىلەن بۇرۇن بىللە ئوقۇغان بالىلارنىڭ بەزىسىنىڭ كىچىك تۇرۇپ دەريا تۇغلاشتىن كېلەلمەي مۇنەك شاپتۇلدەك قورۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، بەزىسىنىڭ جاڭگالدا قوي ـ ئۆچكە باققان يېرىدە پاشا ـ كۇمۇتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تالىنىپ گەدىنىگىچە تاز بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئابدۇللا بىلەن بىللە ئوقۇمىغىنىغا ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلىشىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئابدۇللا يوتقىنىدا ياتقاچ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

.

قۇياش بارغانچە تىكلىنىپ، يەر ـ جاھان تونۇردەك قىزىشقا باشلىغانىدى. ئالۋۇن ئوت تەپتىدەك يېلىنجايتتى. يول بويلىرىدىكى يانتاق، يۇلغۇن، چاكاندىلار، سالپىيىپلا كەتكەنىدى. پەرۋانە، كېپىنەكلەرنىڭ چېچەك ئارىلاپ پىلىلداشلىرى، تومۇچۇق، توغراق قۇشقىچى، تورغايلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلاشقىنىچە ۋىچىرلىشىپ، چۇ ـ چۇلىشىپ ئۇچۇشلىرى ئەمدى ھېچ كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئۇ ئەگرى ـ بوگرى، ئېگىز ـ پەس كاتاڭ يولدا ئېغىر يۈكنى يۆدۈپ كەلمەكتە ئىدى. مۆرىسىدىكى يۈك قەددىنى قىسماقچىلاپ ئېگىپ قويغانىدى. ئۇ پات ـ پات چىپپىدە توختاپ مۆرىسىدىكى يۈكنى سىلكىشلەپ ئازراق مۆرىدۇۋالاتتى ـ دە، كىچىك ـ كىچىك قەدەملەر بىلەن سەپىرىنى يەنە داۋام قىلاتتى.

يۈك ئۇنىڭ مۆرىسىگە خېلىلا پاتقانىدى. خالتىنىڭ ئاغزى بىلەن سومكىنىڭ بېغىنى بىرلەشتۈرۈپ چىڭ قامالليۋالغان قوللىرى ئۇيۇشۇپ، ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ ھەممە كۈچىنى ئىككى قولىغا يىغىپ لېۋىنى چىشلەپ، ھەربىر قەدىمىنى كۆڭلىدە ساناپ بېسىۋاتقاندەك كەلمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ چېكىسىدىن، بويۇنلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. تەر دەستىدىن يامغۇردا قالغاندەك چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكى ئېتىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بوتۇلكىسىدىكى سۇيىمۇ تۈگەپ

قالغان، ئۇسسۇزلۇقتىن گېلى، كالپۇكلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. كالپۇكلىرى ئۈستىگە ئېقىپ چۈشكەن تەر تامچىلىرىنى پات ـ پات تىلىنى چىقىرىپ يالاپ قوياتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى يولنىڭ چېتىگە كۆز تىكەتتى. ئۇ دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان كۆجۇم مەھەللىگە ئۇلىشاي دەپلا قالغانىدى. «ئاشۇ مەھەللىگە بېرىۋالسام سايىدىن چىقتىم دېگەن گەپ، ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــ ئۇ مەھەللىدە سۇمۇ بار، ئۇنىڭ نېرىسى مەكتەپكە بارغۇچە بىر دەملىك يول. . . »

ئۇ شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ مەنزىلىگە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرخىل ئادرېسى

# ئۇستەل ھەققىدە ھېكايە

شەھەر بويىچە ئەڭ كاتتا ھېسابلىنىدىغان «مەرھابا» رېستورانىنىڭ بىر ئايرىم خانىسىدا مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى دېگەنلەر بىر ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئولتۇرغان ئايرىم خانىنىڭ تورۇستا يېنىپ تۇرغان زىننەت چىرىغى، كىيىم ئاسقۇچ، دېرىزە پەردىسى، بىر بولۇڭغا قويۇلغان پاكار ئۇستەل، پاكار ئۇستەل ئۇستىدىكى تېلېۋىزور، لوڭقا گۈلدىن تارتىپ ھەممە نېمىسى شۇنچە كۆركەم، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئادەمگە سەنئەت سېزىمى، شاھانە تۇيغۇ ھېس قىلدۇراتتى. ئۇلار چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئۇستەل تېخىمۇ ئالاھىدە كۆرۈنەتتى. ئۇستەلنىڭ ئالدىقانداق ياغاچتىن ياسىلىپ، ئىنچىكە، تۇم بوغۇملار چىقىرىلغان ھەربىر سىزىقچىسى تولىمۇ چېۋەرلىك بىلەن ئويۇلۇپ گۈل چېكىلگەن، ئالتۇن سىردا سىرلانغان مەزمۇت پۇتلىرىدىنلا بىر خىل ئۆزگىچىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئېقى ئاق، قارىسى قارا پارقىراپ تۇرىدىغان بىرنەچچە جۇپ خورۇم ئاياغلار، قىرى بۇزۇلمىغان شىملارنىڭ پۇشقاقلىرى ئاشۇ ئۇستەل پۇتلىرىغا تېگىپ، سۈركىلىپ تۇراتتى.

قارىدەك ئاق يېپەك داستىخان يېپىلغان ئاشۇ ئۇستەل ئۈستىگە جۇڭگوچە قورۇما، ئۇيغۇرچە گۆش ـ كاۋاپ تۇرىدىكى يەيدىغان، ئىچىدىغان نازۇ نېمەتلەر سىغىشمايلا قالغانىدى. ئۇستەلنىڭ ئۈستۈن قەۋىتى ئاشۇ نازۇ نېمەتلەرنى پات ـ پات

ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانلار ئايلىنىپ ئالدىغا كەلگەن نەرسىلەردىن كۆڭلى تارتقانلىرىنى چوكا بىلەن قىسىپ ئاغزىغا سېلىشاتتى. كومۇرلىتىپ، ماچىلدىتىپ چاينىشاتتى. غورتۇلدىتىپ يۇتۇشاتتى. ئالدىدىكى يىپەك قولياغلىقلىرىنى ئېلىشىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ لەۋلىرىنى سۈرتۈشەتتى. چىش كولىغۇچ بىلەن چىشلىرىنى كوچىلاپ قويۇشاتتى. ئاللىقانداق چاقچاقلار بىلەن كۈلۈشكىنىچە ئېغىزلىرى كاماردەك ئېچىلىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كېتىشەتتى. كاماردەك ئېچىلىشقان ئېغىزلاردىن ئالتۇن چىشلار، كۈمۈش چىشلار، كوماك چىشلار، ئوغرى چىشلار، ئاشۇ چىشلارغا چاپلىشىپ قالغان كۆك، قىزىل سەي ئۇۋاقلىرى، گۆش تالالىرى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم پارلايتتى. ھەممىسىنىڭ كۆڭلى شۇنچە خاتىرجەم، خۇشال كۆرۈنەتتى. مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى خۇشامەت بىلەن ھىجايغىنىچە مۇئاۋىن ھاكىمغا قەدەھ سۇندى:

— قېنى، ئالسىلا ھاكىم! «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، خىزمەت دېگەن ئىككى چىشلىق بولمايدىكەن. بۈگۈن ئارامىلىرىدا ئولتۇرۇپ...

مۇئاۋىن ھاكىم مىننەتدارلىق بىلەن ھىجايغىنىچە قەدەھنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ئۇ: «ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىۋەتتىم. ئەمدى سەل تۇرۇپ ئىچەي» دەپ ئويلىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغىچە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، قىسماقچىلاپ ئېگىلگىنىچە مۇئاۋىن ھاكىمغا تاماكا سۇنۇپ، چاقماق چېقىپ بەردى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، — خىزمەت دېگەننى بىر كۈندە قىلىپ تۈگەتكىلى بولامدىغان؟ يەنە قىلسا يەنە شۇ خىزمەت. يۇقىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېسىمى، تۆۋەننىڭ باش ئاغرىقى، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يامىدەك ئېزىلىپ، جانغا ئىكەك سېلىپ ئۆتىدىغان گەپكەن. ھاكىمنى ئۆز بىلىپ كۆڭلۈمدىكىنى دەۋاتىمەن. بۈگۈن بەھۇزۇر بىر ئولتۇرايلى ئەمدى. . .

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بويىنىنى سوزغىنىچە ئۇنىڭ قولىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئارقىدىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن ھاكىمغا قاراپ:

— يېشىل چىراغ يېقىپ، رەڭلىك ئولتۇرىمىزمۇيا ھاكىم؟ — دەپ سورىدى ھىجايغىنىچە، — كۆڭۈللىرى تارتسا غاچچىدە تېلېفون قىلىپ. . .

— بولدى، ئاۋارە بولماڭلار! — دېدى بۇ گەپتىن «سەتەڭ قىزلارنى چاقىرىپ، تانسا ئويناپمىزمۇيا؟» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەن مۇئاۋىن ھاكىم دەررۇ، — قىلغان ئىشنىڭ ھىد - بۇسى چىقىپ قالماس دېگىلى بولمايدىكەن. خەقكە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويمايلى، جاھان تىخى ئۇزۇن، بولۇپمۇ بىرنەرسە ئىچكەندە دىققەت قىلىپ قويغان ياخشى. كۆڭۈل دېگەننىڭ شەيتىنى يامان.

بۇ گەپكە ئۇلىنىپ ئېغىزلار بىر - بىرسىگە گەپ بېرىشمەي ئېچىلىپلا كەتتى.

— چوڭ دېگەننىڭ ئەقلىمۇ چوڭ - دە.

— بىزنىڭ ھاكىم ھەر ئىشتا يىراقنى كۆزدە تۇتىدۇ مانا.

— بىزنىڭ ھاكىمنىڭ ھەربىر ئىشىدىن پاك - دىيانەتلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەن ئۈلگە قىلىپ ئۆگىنىشكە مۇناسىپ. . .

— ناھىيىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئوقۇتقۇچىلار. بىزنىڭ غاپپار جاپپار ھاكىم مانا مۇشۇ

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ رەھبىرى، ئۇستازى. . .
— بىزنىڭ غاپپار جاپپار ھاكىمنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى بەك چوڭ. ئىناۋىتى جىق ھاكىمدىنمۇ يۇقىرى.
— ناھىيىمىزدىكى باشقا ھاكىم، شۇجىلەر بوغداي، قوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. بوغداي، قوناق دېگەن تۇگەيدىغان، گاللىغا كىرىپ خالادا توختايدىغان نەرسە. جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىل مائارىپ. شۇڭا كەلگۈسى ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسى مائارىپ دەيمىز. غاپپار جاپپار ھاكىمنى ناھىيىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنىڭ باش رولچىسى، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسىنى تىكلىگۈچى، مائارىپنى قوللىغۇچى بىردىنبىر رەھبىرىمىز دېسەك بولىدۇ.
بۇ گەپلەرنى تەبەسسۇم بىلەن جىلمىيىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان مۇئاۋىن ھاكىم:
— ھاي. . . ھاي. . . ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتىڭلار، ھېلى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك قاڭقىپ كەتمەي يەنە، — دېگىنىچە ئالدىدىكى قەدەھنى ئېلىپ ئاغزىغا دوم كۆمتۈردى. ئۇنىڭغىچە ئۇستەلنىڭ ئۇستىۈن قەۋىتى ئايلىنىپ، قوچقاچ كاۋىپىنىڭ، باچكا كاۋىپىنىڭ، كەكلىك كاۋىپىنىڭ، ئۇلا كاۋىپىنىڭ، ئۆدەك كاۋىپىنىڭ، توشقان كاۋىپىنىڭ تەخسىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇدۇللىنىپ توختىدى.
— قېنى، قېنى، ئالسىلا ھاكىم، بىرنەرسە يېگەچ ئىچەيلى!
— قېنى، قول سوزغاچ ئولتۇرسىلا ھاكىم!
مۇئاۋىن ھاكىم چوكىسىنى قولىغا ئېلىپ قايسى تەخسىگە ئۇزىتىشنى بىلمىگەندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىر باچكىنىڭ كاۋىپىنى چوكا بىلەن قىسقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تەخسىگە سېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويدى. مۇئاۋىن ھاكىم ئاغزىغا سالغان نەرسىنى كومۇرلىتىپ چايناپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن:

— خېلى بولىدىغان ئۇستەلكەن ـ ھە بۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى ئالدىدىكى ئۇستەلنى، ئۇنىڭ ئۇستۇن قەۋىتىنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشلىرىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك نەزەر بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق، خېلى بولىدىغان ئۇستەلكەن. . . بەلەن ئۇستەلكەن، — دېيىشتى باشقىلار تەڭلا، خۇددى بۇنداق ئۇستەلنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەردەك بىر خىل قىزىقىش بىلەن.

— شەخسىي ئۆيلەردە قويسىمۇ بولغۇدەك، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالدىدىكى ئۇستەلنىڭ پۇتلىرىدىن تارتىپ، يېپەك داستىخان، ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئۇستۇن قەۋىتىگىچە ھەممە نېمىسىگە قايتىدىن نەزەر سالغاچ.

— سىلىگە ياراپ قالغان بولسا ئۆيلىرىگە قويغىلى بىرنى تاپىمىزمۇيا ھاكىم، — دەپ سورىدى مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە، — بۈگۈنلا رېستوراننىڭ قەيەردىن ئالغانلىقىنى سوراپ. . . ئەتىلا ماشىنا بىلەن بېرىپ غاچچىدە. . .

— بولدى، بولدى، — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم دەررۇ، — بىزنىڭ ئۆيدە ماس كەلتۈرۈپ قويغۇدەك يەرمۇ يوق، ھېلىمۇ ئۆتكەندە ئىشخانامغا بىر ئۇستەل قويۇپ بەردىڭلار، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلاي.

— قانداق، بۇ ئۇستەل كۆڭۈللىرىگە ياققاندەكمۇ؟ — دەپ سورىدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، — ناۋادا كۆڭۈللىرىگە ياقماي، قاملىشالمايدىغان بولسىلا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرسىگە ئالماشتۇرۇۋېتەيلى.

— يارىدى، يارىدى، — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم ئېغىز ـ ـز ئېچىپ، — خېلى ئېلغار ئۇستەلكەن. لېكىن ئۆيدىكى يېزىق

ئۇستىلى بىلەن ئانچە قاملىشالمىدىم. خىزمەتنىڭ ھەممىنى ئىشخانىدا قىلىمەن دېگىلى بولمايدىكەن. بەزى ئاخشام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيدە ھۆججەت، ماتېرىيال كۆرىدىغان، بىرنەرسە يازىدىغان گەپ. ئۆيدىكى ئۇستەل سەل پاكار كېلىپ قالدى. ئولتۇرسام مۈكچىيىپ قالىمەن. تارتمىلىرى سەل خىرەلىشىپ قالغانىكەن، تارتقاندا غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىپ، ئىچىمنى پۇشۇرۇپ خاپا قىلىدۇ.

— بولماپتۇ، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، — دەرھال ئالماشتۇرۇۋېتەيلى.

— بۇ ئىشنى ماڭا قويسىلا، — دېدى مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، — يېڭى چىققان، ئىلغار ئۇستەللەردىن بىرنى قويايلى، مەن ئەتىلا ئۆيلىرىگە. . .

— مەيلى ئەمسە، — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم باش لىڭشىتقىنىچە، — ئىشخانامدىكىدەك بەك ئالىي بولۇپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ ئالماشتۇرغاندىكىن تېخىمۇ ئىلغار، ياخشىراقىغا ئالماشتۇرايلى، سىلى خاتىرجەم بولسىلا!

مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ:

— ھە راس. . . ئۆتكەندە ئىشخانامغا قويۇپ بەرگەن ئۇستەلنى زادى نەچچە پۇلغا ئالغانتىڭلار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— راس گەپنى قىلساق 18 مىڭ كويغا ئالغانتۇق ھاكىم، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى — ھىجايغىنىچە، — شۋېتسارىيىنىڭ ئۇستىلىكەن، شىنجاڭغا يېڭىدىن كىرگەن ئىكەن. سىلىنى نېمە دەركىن دەپ جايىنى دېمىگەنىدۇق.

— شۋېتسارىيىنىڭ ئۇستىلىمىكەن، بىرمىڭ سەككىز يۈز كويغا ئالدۇق، دېسەڭلار مېنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمىگەنتى. مېنى ئېشەككە مىندۈردۇق دەپ تۆگىگە مىندۈرۈپسىلەر ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ گەپ بىلەن پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— سىلىگە قانچىلىك قىلساق ئەرزىيدۇ ھاكىم، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كۈلكىدىن كېيىن، — بىزنىڭ يارغۇمىزنى سىلىدىن باشقا كىم يېرىپ بېرەتتى؟ خىزمىتىمىزنى يېقىندىن قوللاپ بېرىۋاتقان تۇرسىلا، بىر تال ئۇستەل دېگەن نېمىتى؟

— خېلى يامان ئەمەس ئۇستەلكەن، — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم تاماكىسىنى شورىغاچ، — مېنىڭ ئالدىمدا مائارىپقا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ھاكىمدىن قالغان ئۇستەل كۆزۈمگە پەقەت سىغمىغانىدى.

— قويسىلا ئۇنىڭ گېپىنى، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دەررۇ، — ئىشخانىسىغا كىرسەك ئىككى ئېغىز ئۈز گېپىمۇ يوق ئىدى. ئادەمگە چىرايىنىمۇ ئاچمايتتى ئۇ.

— ئۇ ئولتۇرغان ئۇستەل - ئورۇندۇقنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ ھازىر، — دېدى مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، — جا ئاكتىپ دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ. ئىشخانىسىدىكى تېلېفونىغىمۇ قۇلۇپ سېلىپ يۈرىدىغان ھاكىم ئىدى ئۇ. ئۇ ھازىر سىياسىي كېڭەشتە قانداقراق ئۇستەل - ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىكىن؟ ھېلىمۇ تېلېفونغا قۇلۇپ سېلىپ يۈرەمدىكىن؟ بىر كۆرگۈم بار.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ يەنە پاراقشىپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

كۈلكىدىن كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورىغا جېكىلەپ:

— ئىشخانامغا قويۇپ بەرگەن شۋېتسارىيە ئۇستىلىنىڭ پارىگى بىرىيەردە چىقىپ قالمىسۇن - ھە؟ — دەپ قويدى.

— خاتىرجەم بولسىلا ھاكىم، — دېدى مائارىپ

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دەررۇ، — ئۇ ئۇستەلنىڭ پۇلىسىنى يېزا مەكتەپلىرىگە ياساپ بېرىدىغان ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇۋەتتۇق. ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. ئۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرالمىساق بىكارغا نان يەپ، سۇ ئىچىپ يۈرىمىزمۇ جاھاندا؟ بىز يا كىچىك بالا بولمىساق؟

— بىزنىڭ شىركەتتە ياساپ بەردۇققۇ ئۇ ئۇستەلنى، — دېدى مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ھەييارلىق بىلەن ھىجايغىنىچە.

بۇ گەپكە مۇئاۋىن ھاكىم، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار يەپ - ئىچىشمەكتە، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ھاراق قۇيۇلغان قەدەھ ھېلى ئۇنىڭ ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈلسە، ھېلى بۇنىڭ ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈلەتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى بوزۇرۇپ، خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە تاماكا ئىسلىرى بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرۈشەتتى.

مۇئاۋىن ھاكىم سۆزلىمەكتە، باشقىلار «ھە. . . شۇنداق. . . توغرا ئېيتتىلا. . . » دېيىشكىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان كۈندىن تارتىپ تا شۇ كۈنگىچە ئۆمرى ئۇستەلگە باغلىنىپ ئۆتكەنمىش. ئۇستەل ئەتراپىدىن بىرەر كۈنمۇ نېرى كېتەلمىگەنمىش. ئۇ «جاھاننى جاھان قىلىپ كەلگەن نەرسە مۇشۇ ئۇستەلمىكىن» دەپ ئويلاپ قالغانمىش. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇستەلنىڭ رولىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىغىلى بولماسمىش. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئىشلىگەنمىش. نۇرغۇن ئۇستەللەرنى ئىشلەتكەنمىش. زادى نەچچە ئۇستەل ئىشلەتكەنلىكىنى ھەرگىز ساناپ بېرەلمەسمىش. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈستەللەرگە ئىسمىنى ئويۇپ قويغىنى مۇشۇ كۆنگىچە ئېسىدە بارمىش. ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بەك تېزلىشىپ كەتكەنمىش. ئەجدادلىرىمىزدەك سۇپىدا ئولتۇرىدىغان، ئاش تاختىنى ئۈستەل ئورنىدا ئىشلىتىدىغان، كىتابنى رېھلدا قويۇپ ئوقۇيدىغان، خەتنى تىزىغا تىرەپ يازىدىغان زامانلار ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنمىش. ھازىر ئادەملەرنىڭ كاللىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشىپ بولالماي قالغانمىش. ئۇمۇ ئىشخانىسىدىكى شۆھرەتسارىيە ئۈستىلىنىڭ سىپىرى، كونۇپكا، سائەت، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ھېسابلاش ماشىنىسى، ئۈچۈر قوبۇللىغۇچ، ئۈنئالغۇ دېگەندەك سىستېمىلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ھازىرغىچە ئۆگىنىپ بولالمىغانمىش.

ھازىر باشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈستەلگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ كەتكەنمىش. ئۈستەلگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئىلمىلىك تەرەپلىرىمۇ بارمىش. كۆڭۈلدىكىدەك ئۈستەلنىڭ روھىي كەيپىياتقا، خىزمەت ئۈنۈمىگە پايدىسى بارمىش. لېكىن، ھازىر ئۇ كۆندىن بۇ كۆنگە بىرەر بەت بىر نەرسە يازمايدىغان، بىرەر پارچە گېزىت ئوقۇپ قويمايدىغان باشلىقلارمۇ مودا قوغلىشىپ كومپيۇتېر ئورنىتىلغان ھەشەمەتلىك ئۈستەللەرنى ئىشخانىسىغا قويۇۋالىدىغان ئىش ئەدەپ كەتكەنمىش. ئۇنداقلار «ئىشخانىدىكى ئۈستەل قانچە ھەيۋەتلىك بولسا ئادەمنىڭ سۈر - ھەيۋىسى، ئىناۋىتى شۇنچىلىك بولىدۇ» دەپ ئويلايدىغانمىش. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى شۆھرەتسارىيەنىڭ 18 مىڭ يۈەنلىك ئۈستىلى ھازىر ئادەتتىكى ئۈستەل ھېسابلىنارمىش. مودىدىن قېلىۋاتقانمىش. ئۇ بەزى باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىدا 18 مىڭ يۈەنلىك شۆھرەتسارىيە ئۈستىلىدىنمۇ ئالىي، 28 مىڭ يۈەنلىك فرانسىيە ئۈستىلىنى، 38 مىڭ يۈەنلىك موسكۋا ئۈستىلىنى، 48 مىڭ يۈەنلىك نيو يورك ئۈستىلىنى خېلى كۆرگەنمىش. ئۇ ئۈستەللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئادەمنىڭ

ئاغزى كامارىدەك ئېچىلىپ قالارمىش. يېقىندا بىر ماتېرىيالغا بېسىلىشىچە ستالىن هايات چېغىدا ئىشلەتكەن ئۇستەل هازىرغىچە تېپىلمىغانمىش. ستالىن ئەسلىدە پاكار بوي ئادەم بولۇپ ئۇنى قامەتلىك كۆرسەتكىنى ئاشۇ ئۇستىلى ئىمىش. ناۋادا ئۇنىڭ ئۇستىلى تېپىلىپ قالغۇدەك بولسا ستالىنغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى تەتقىق قىلغىلى بولارمىش. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان بىر ئاتاقلىق يازغۇچى نەچچە رومان يازغىنى بىلەن هازىرغىچە ئۇنىڭ قازناقچىلىك بولسىمۇ ئايرىم يېزىقچىلىق ئۆيى، بىرەر ئۇستىلى يوقمىش. كۇندە دۇم يېتىپ ئەسەر يېزىپ ئۇمۇرتقا سۆڭىكى قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەنمىش. بېشىدىن كۆتى بۇرۇن كۆتۈرۈلەرمىش. دوختۇرلار داۋالاپ بېقىپمۇ رۇسلىيالمىغانمىش...

قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى بىر چاغ بولغاندا مۇئاۋىن هاكىم، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى دېگەنلەر دەلدەڭشىگىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار خېلىلا تەڭشىلىپ قېلىشقانىدى. ئۇستەل ئۈستىدىكى جۇڭگوچە قورۇما، ئۇيغۇرچە گۆش - كاۋاپ تۇرىدىكى نازۇ نېمەتلەر هېچقانچە چېپىن بولمىغاندەك، بەزى تەخسىلەرگە چوكا يېقىن يولاپمۇ قويمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

مۇئاۋىن هاكىم كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويغان قول سومكىسىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىستۇردى - دە، ئۇستەل قېشىغا يېنىپ كېلىپ ئۇنتۇلۇپ قالغان تاماكىسى بىلەن چاقماقىغا قول سوزدى. ئۇنىڭ قولى شۇئان بىر ئىستاكانغا تېگىپ كېتىپ ئىستاكاندىكى چاي ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى سۇغا تىقىپ تارتقاندەكلا هۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشتىن سەل جىلى بولۇپ ئۇستىگە كۆز يۈگۈرتكەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە قولىياغلىقى، تازىلىق قەغىزى دېگەندەك بىرنەرسە چېلىقمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق نەرسىلەر ئىشلىتىلىپ تۈگىگەندەك، پۇرلىنىپ ئۈستەل ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەندەك قىلاتتى. ماقارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ماقارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كىيىم ئاسقۇچىنىڭ قېشىدا بىرسى كۆڭلىكىنىڭ ساڭگىلاپ قالغان پېشىنى شىمىنىڭ ئىچىگە تىقالماي، بىرسى قولىنى كاستيۇمنىڭ يېڭىگە ساپالماي ئاۋارە ئىدى. مۇئاۋىن هاكىم يەنە بىر قولى بىلەن يانچۇقىنى كوچىلاپ يۈرۈپ، بىر ۋاراق قاتلانغان قەغەزنى ئالدى ـ دە، «نېمە قەغەزدۇ بۇ؟» دېگەندەك قېتىنى ئېچىپ، مۇنداقلا قاراپ قويدى. بۇ بىر يېزا مەكتىپىنىڭ ئۈستەل قىيىنچىلىقى توغرىسىدا بىۋاستە يازغان دوكلاتى ئىدى. مەكتەپنىڭ ئىسمى ئۇنىڭغا خېلى تونۇشتەك بىلىنگەندى. ئۇ بۇ دوكلاتنى قاچان؟ قەيەردە؟ كىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويغانلىقىنى تازا ئېسىگە ئالالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا بۇنداق دوكلاتلاردىن كۈندە نەچچە پارچە كېلىپ تۇراتتى. ئۇ «يەنە شۇ دەرىجە هالقىپ باش ئاغرىتىدىغان ئىشكەنغۇ؟» دەپ ئويلىغاندەك چىرايىنى بىلىنەر بىلىنمەس پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. ئارقىدىن ئۇ دوكلاتنى پاراسلىتىپ پۈرلىگىنىچە قولىنى سۈرتۈپ بولۇپ بىر ياققا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى.

ئۇلار كالامپاي دەسسىشىپ، بىر ـ بىرسىگە مۇدۈرۈشكىنىچە سىرتقا چىقىشتى ـ دە، رېستوران ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشتى. ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە «مەرهابا رېستورانى» دېگەن تولىمۇ كۆركەم خەت زىننەت چىراغلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر چىرايلىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇ خەتنىڭ سەل ئۈستىدە بىر شەكىلسىز قاراڭغۇلۇق سىيلىنىپ تۇراتتى. رېستوران ئالدىدىن قوزغالغان ماشىنا بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

* * *

بۇ بىر چەت - يىراق، بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى چۆلدەرەپ تۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى. شەھەردىن، شەھەرلىكلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن، شەھەردىكى «مەرھابا رېستورانى» دىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن شۇ - دە.

مەكتەپنىڭ تۆت ئەتراپى ھەممىسى دېگۈدەك ئوچۇقچىلىق ئىدى. ئىشخانا، سىنىپلارنىڭ تام سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپ، قوشام قىلىنغان شاخ - شۇمبا، ۋادەكلەر ئېچىلىپ قالغانىدى. يېقىن بىر قارىغاندا ئاشۇ شاخ - شۇمبا، ۋادەكلەر ئارىسىدىن دەرس سۆزلەۋاتقان مۇئەللىمنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە قونغان بور توزانلىرىنى، قىڭغىر، قىيسىق، ئېگىز - پەس، كونا ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى، مۇئەللىم دوسكىغا خەت يېزىۋاتقاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر - بىرسىنى قىچىقلىشىۋاتقان، ئاللىقانداق بىر نەرسىنى ئۈگىنىشىۋاتقان قىلىقلىرىنى خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئاشۇ شاخ - شۇمبا، ۋادەكلەر ئارىسىدىن كىملەردۇ سىنىپتا ئولتۇرغان بالىسىنى ئىشارەتلەپ ياغلىقىغا چىگىلگەن نان دېگەندەك بىر نەرسىنى سۇنۇپ بېرىۋاتقاندا باشقا ئوقۇغۇچىلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كېتىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى.

توپىلىق مەيداننىڭ بىر تەرىپىدىكى ئېگىز خادا ئۇچىدا سالپىيىپ تۇرغان قىزىل بايراقنىڭ رەڭگى ئاپتاپتا خېلىلا ئۆڭۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يالاڭ ئاياغ پېتى توپىغا مىلىنىپ ئۈگىنىشىۋاتقان، قىيسىيىپ قالغان گار ئاستىدا يېلى يوق، يىرتىق توپنى تالىشىۋاتقان، باسما قۇدۇق قېشىدا بىر - بىرسىنى ئىتتىرىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بايراق خادىسى قېشىدىكى چالا قۇرۇق سۆگەتكە ئېسىپ قويۇلغان داڭنىڭ تاش بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇلۇشى ھامان دەررۇ ئۆز سىنىپلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. شۇ ھامان ئەتراپنى بىر ئالغان ۋاڭ ـ چۇڭ، قى ـ چۇلار ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا جىمىپ كېتەتتى.

ئېغىر ئىشىكنىڭ غارتىلداپ بىر تەستە ئېچىلىشى بىلەن قولتۇقىغا ئاللىقانداق ماتېرىياللارنى قىستۇرۇۋالغان مىجىت مۇئەللىم يەنە سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قارا ئۇجمىنىڭ ۋاسالغۇسىدەك قارامتۇل، ئەتسىز چىرايى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ چىرايىلا ئەمەس، ئاشۇ ئېغىر ئىشىكنى كۈندە نەچچە قېتىم غارتىلدىتىپ ئېچىپ كىرىپ ـ چىقىشىدىن تارتىپ، ئاپتاپقا چىقىپ پېتىدىن چۈشۈپ كەتكەن چىمەن دوپپىسى، كۆڭلىكىنىڭ رەڭ تەپچىرەپ كەتكەن مەيدە يانچۇقى، مايسىراپ كەتكەن بەتىنكىسىگىچە ھەممە نېمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىگە شۇنداق سىڭىپ كەتكەنىدى. خۇددى ھەرسائەت، ھەر مىنۇت كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۆڭكى ئۆچۈپ كەتكەن بايراق، چالا قۇيرۇق سۆگەتكە ئېسىپ قويۇلغان داڭ، قىيسىپ قالغان گار، يىلى يوق يىرتىق توپ، باسما قۇدۇق، سۇۋاغلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن تام، خەت يازغاندا تاراقشىپ تۇرىدىغان كونا دوسكا، ئېغىر ئىشىكنىڭ غارتىلداپ ئېچىلىپ ـ يېپىلىشى دېگەندەك ھەممە نېمە سىڭىپ كەتكەندەكلا سىڭىپ كەتكەنىدى.

مىجىت مۇئەللىم ئىشىكنى يېپىپ، دوسكا ئالدىغا كېلىپ بولغۇچە ئوقۇغۇچىلار دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ساۋاقداشلار، ياخشىمۇسىلەر؟ — دەپ سورىدى مىجىت مۇئەللىم ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سوراشتى ئوقۇغۇچىلار تەڭلا.

بۇمۇ خۇددى چالا قۇرۇق سۆگەتكە ئېسىپ قويۇلغان داڭنىڭ كۈندە نەچچە قېتىم تاش بىلەن ئۇرۇلغىنىدەك، ئېغىر

ئىشكىنىڭ كۆندە نەچچە قېتىم غارتىلداپ ئېچىلىپ - يېپىلغىنىدەك بىر ئادەت ئىدى.

— ئولتۇرۇڭلار! — دەپ ئىجازەت بەردى مىجىت مۇئەللىم يەنە ئادىتى بويىچە.

ئوقۇغۇچىلار دەررۇ ئولتۇرۇشتى. شۇ ھامان تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن ئالدىنقى رەتتىكى بىر ئۇستەل ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇستەلگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئاستىغا تىزىپ قويۇلغان خىش - كېسەكلەرمۇ تاراقشىپ يەرگە چېچىلىپ كەتتى. مىجىت مۇئەللىم بۇ ئىشنى كۆرۈپ «ئىم» دەپ سالدى دىمىغىدا. ئوقۇغۇچىلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

— ئاستا ئولتۇرساڭ بولمامدا؟ — دېگىنىچە قوشۇمىسىنى تۈردى مىجىت مۇئەللىم ئۇ ئۇستەلدىكى تاھىر تالىپ ئىسىملىك ئوقۇغۇچىغا قاراپ.

— ئاستا ئولتۇرسامۇ. . . يەنە. . . — دېگىنىچە ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ بېشى چۈشۈپ، يۈزلىرى بويانلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ سىنىپتىكى دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. «كىم جاۋاب بېرىدۇ؟» دەپ سورالغان سوئالغا قولىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىپلا تۇراتتى. توغرا جاۋاب بېرەلمىگەن چاغلىرىدا ئاق ئالمىدەك سۈزۈك يۈزلىرى شۇنداق قىزىرىپ كېتەتتى. قارىغاندا ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— كۈلۈشمەي جىم ئولتۇرۇڭلار! — دېگىنىچە ئۇ ئۇستەلنى يۆلىدى مىجىت مۇئەللىم. بۇ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن كونا ئۇستەل ئىدى. ئۇ تېخى قايسى كۈنى ئاشۇ سۇنۇق پۇتىنىڭ ئورنىغا خىش - كېسەك تىزىپ بەرگەنىدى. ئۇ يەنە چېچىلىپ كەتكەن خىش - كېسەكلەرنى ئەسلىي ئورنىغا بىر - بىرلەپ تىزىپ چىقتى. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ بىلىنى رۇسلاۋاتقان چاغدا ئۇستەل يۈزىگە ئويۇلغان غاپپار جاپپار دېگەن ئىسىمگە يەنە

كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇستەل يۈزىدىكى ئالىچىپار سىر قالدۇقلىرى، قىزىل، كۆك رەڭ داغلىرى، نۇرغۇن سىزىقچە، يىرىق، مىخ قاققان، قۇرت يېگەن تۆشۈكلەر ئارىسىدا قالغان بۇ خەت يەنىلا شۇنچە ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ خەتكە تالاي قېتىم كۆزى چۈشكەنىدى. ھەربىر قېتىم كۆزى چۈشكەندە ئۆزىنىڭ چۈشىسىمان بالىلىق كەچمىشى، ئاشۇ ئۇستەلدە يانمۇ يان ئولتۇرۇپ بىرگە ئوقۇغان، ئاشۇ خەتنى كاشكات بىلەن كىرتىلدىتىپ ئويۇپ قويغان بىر ساۋاقدىشى ئېسىگە كېلەتتى. ئۇ ئوقۇغان مەكتەپنىڭ ئەسلىي ئورنىدىن مۇشۇ ئورۇنغا يۆتكىلىپ سېلىنغانلىقى، ئۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ كەلگەندىمۇ ئاشۇ ئۆز ئۇستىلىنىڭ، ئېقىنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى كاشكات بىلەن كىرتىلدىتىپ ئىسمىنى ئويۇپ قويغان تولىمۇ تونۇش ئاشۇ ئۇستىلىنىڭ يەنە مۇشۇ مەكتەپتە، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشكەنلىكى ئېسىگە كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ساۋاقدىشىنى تالاي قېتىم ئېسىگە كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ گېپىنى، ئۇ ئوقۇغان زامانلاردىكى ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ بەكمۇ مەزمۇت ئىكەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ياش ئوقۇتقۇچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرگەن چاغلىرى بولغانىدى.

— بۇ سائەتتە رەسىم دەرس ئۆتۈلىدۇ، — دېدى مىجىت مۇئەللىم دوسكا ئالدىغا يېنىپ كېلىپ. ئوقۇغۇچىلار ھەپتىدە ئىككى سائەت ئۆتۈلىدىغان رەسىم دەرسىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. مىجىت مۇئەللىم ئۇ ئايدىن بۇ ئايغىچە، ھەپتىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە، ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر ئۆزى يالغۇز مۇشۇ سىنىپقىلا كىرىپ ئۆتىدىغان ھېساب، ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى، ئىدىيىۋى ئەخلاق، خەنزۇ تىلى، تەبىئەت، تەنتەربىيە، مۇزىكا دەرسلىرىدىنمۇ بەكرەك رەسىم دەرسىگە قىزىقاتتى. رەسىم

دەرسى بار دېگەننى ئاڭلىسا خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. كۆزلىرىنى مىجىت مۇئەللىمنىڭ بور تۇتۇپ دوسكىغا تىرىگەن قوللىرىنىڭ ئۇچچىغا تىككىشكىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى. بىر چىرايلىق ئوخشىتىپ سىزىلغان چەينەك، چايدان، ئىستاكان، قوي، ئېشەك، كەپتەر دېگەندەك رەسىملەرنى بىر دوسكىغا، بىر دەپتىرىگە قاراشقىنىچە كۆچۈرۈشەتتى. كۆچۈرۈپ بولۇپ مىجىت مۇئەللىمگە كۆرسىتىشەتتى. «ئوخشاپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغۇدەك بولسا جانلىرى ئىچىگە پېتىشماي قېلىشاتتى. «ئوخشىماپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىمۇ مەيۈسلەنمەي ئوخشىغۇچە باشقىدىن كۆچۈرۈشەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۈپ - جۈپ كۆزلىرى يەنە مىجىت مۇئەللىمنىڭ بور تۇتقىنىچە دوسكىغا تىرەلگەن قوللىرىنىڭ ئۇچىغا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا بىر دەمدىلا بىر ئۇستەل، بىر ئورۇندۇق نامايان بولدى. ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇق خېلى ئوخشىتىپ سىزىلغانىدى. ئۇستەلنىڭ تارتمىسى، تۆت پۇتى، پۇتلىرى ئارىسىدىكى چېتىغ، شادىلار، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىن تارتىپ ھەممە نېمىسى بىر چىرايلىق ئەكس ئەتكەندى.

ئوقۇغۇچىلار دەررۇ بىر دوسكىغا، بىر دەپتىرىگە قاراشقىنىچە كۆچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئارىلاپ، ئارىلاپ:

— مۇئەللىم، مەن كۆچۈرۈپ بولدۇم، مېنىڭكىنى كۆرۈپ بېرىڭە! — دېگەن ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. مىجىت مۇئەللىم ھېلى ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، ھېلى بۇنىڭ قېشىغا باراتتى. ئۇ نەزەر سالغان رەسىملەر ئۇنى تازا رازى قىلالمىغانىدى. قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ كىمدۇ بىرسى ئۇستەل ئۈستىگە بىر دىۋەت رەڭنى قوندۇرۇپ، يەنە كىمدۇ بىرسى ئۇستەل تارتمىسىغا بىر قۇلۇپنى ئېسىپ قويغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېۋەت دەپ سىزغىنى تۇتقۇچى يوق چايدانغا ئوخشاپ قالغانىدى. قولۇپ دەپ سىزغىنى ئۇستەلنىڭ پۇتى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئۇزىراپ كەتكەنىدى. بىرلىرى سىزغان ئۇستەل قىڭغىر، قىيسىق بولۇپ قالغان، بىرلىرى سىزغان ئورۇندۇقنىڭ پۇتلىرى كېرىلىپ كەتكەن، ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ قالغانىدى.

شۇ ئارىدا مىجىت مۇئەللىم بىرسىگە كايىپ:

— ھەي، سەن دوسكىغا قارىماي نەگەر قاراپ سىزدىڭ بۇنى، مۇشۇنداقمۇ سەت سىزامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مە... مەن... ئالدىمدىكى ئۇستەلنى سىزاي دەپ سىزغان، — دېدى ئۇ ئوقۇغۇچى دۇدۇقلىغىنىچە.

شۇئان سىنىپتا پاراقشىپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— چاپاننىڭ ئالدى پېشى بولغۇچە، دوسكىغا سىزىپ بەرگەننى سىزساڭ بولمامدا؟

— ئە... ئەمدى، ئۇمۇ ئۇستەل، بۇمۇ ئۇستەل بولغاندىكىن دەپ...

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مىجىت مۇئەللىم قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— مۇئەللىم، بىزنىڭ ئۇستەل - ئورۇندۇقلىرىمىزمۇ سىلى سىزىپ بەرگەن رەسىمدىكىدەك چىرايلىق بولغان بولسا - ھە؟ — دېدى شۇ ئارىدا بىر ئوقۇغۇچى.

مىجىت مۇئەللىم بىر نەرسە دەپ بولغۇچە يەنە بىر ئوقۇغۇچى ئېغىز ئېچىپلا:

— بىزمۇ رەسىمدىكىدەك چىرايلىق ئۇستەل - ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرارمىزما؟ — دەپ سورىدى.

— ئولتۇرىسىلەر، چوقۇم ئولتۇرىسىلەر، — دېدى مىجىت مۇئەللىم دەررۇ.

— قاچان، قاچان ئولتۇرارمىز؟ — دېيىشكىنىچە چۇرقىرىشىپ كەتتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇئان.

مىجىت مۇئەللىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەندەك خورسىنغىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى. جۈپ - جۈپ كۆزلەر «نېمە دەيدىكىن؟» دېگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگىنىچە قاراپ قېلىشقانىدى.

— مەن ئۇستەل توغرىسىدا سىلەرگە ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي، — دېدى مىجىت مۇئەللىم بىر ئازدىن كېيىن.

— ھېكايىما؟ — دەپ سورىدى ئادەتتە مىجىت مۇئەللىم ھېكايە، چۆچەك دەپ بەرسە ھەممىدىن بەك زەن قويۇپ ئاڭلايدىغان بىر ئوقۇغۇچى.

— ھېكايە دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى مىجىت مۇئەللىم، — خېلى يىللار بۇرۇن ئىككى ساۋاقداش بولغان. ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش بىر سىنىپتا، بىر ئۇستەلدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ بىرگە ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇشۇ يۇرتلۇق، نامرات دېھقانىنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئۇلار ياخشى ئوقۇغاچقا چوڭ بولغاندا بىرسى مۇئەللىم بولدى، يەنە بىرسى ناھىيىمىزگە مۇئاۋىن ھاكىم بولدى.

— ھاكىم؟ — ئوقۇغۇچىلار ئېغىزلىرىنى كاماردەك ئېچىپلا قالدى.

— مۇئەللىم بولغىنى مەن، مانا ئالدىڭلاردا تۇرۇپتىمەن. ھاكىم بولغىنى مېنىڭ ساۋاقدىشىم. ئىسمى غاپپار جاپپار. بىز مانا مۇشۇ ئۇستەلدە بىرگە ئوقۇغان، — دېگىنىچە ئاستىغا خىش - كېسەك تىزىپ يۆلەپ قويغان ئۇستەلنى كۆرسەتتى مىجىت مۇئەللىم. شۇئان ئوقۇغۇچىلار ھېلىقى كونا ئۇستەلگە بويانلىرىنى سوزۇشۇپ قارىشىپ كەتتى.

— راستكەن، راستكەن، — دېيىشكىنىچە گۇدۇڭشۇپ كەتتى ئۇلار غاپپار جاپپار دېگەن خەتنى كۆرۈپ.

— بىز بۇ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ئوقۇغاندا سىنىپىمىزدىكى تاھىر تالىپنىڭ دادىسى تالىپ مۇئەللىم بىزگە دەرس بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز ئىدى. ھازىر دەم ئېلىشتا، بىزنىڭ تالىپ مۇئەللىمىنىڭ بالىسى تاھىر تالىپ بىز ئولتۇرغان شۇ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ئوقۇۋېتىپتۇ مانا.

بۇ گەپ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇستەلدىن، غاپپار جاپپار دېگەن ئىسىمدىن كۆزىنى ئۈزۈپ تاھىر تالىپقا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بۇنداق قاراشلىرىدىن ئۇيۇلۇپ كەتكەن تاھىر تالىپنىڭ يەنە بېشى چۈشۈپ، يۈزلىرى بويانلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— بىزنىڭمۇ سىلەرنى بۇنداق كونا ئۇستەل - ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغۇزغىمىز يوق، رەسىمگە ئوخشاش چىرايلىق ئۇستەل - ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغۇزغىمىز بار. لېكىن ھازىرغىچە ئامال بولمىدى. يېزىغا، مائارىپ ئىدارىسىگە، غاپپار جاپپار ھاكىمگە بىرنەچچە قېتىم دوكلات يازدۇق. غاپپار جاپپار ھاكىم بۇ قىيىنچىلىقنى چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىدۇ. «ئۆزۈمنىڭ يۇرتى، ئانا مەكتىپىم» دەپ بولسىمۇ ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھاكىم ھازىر مائارىپقا، مەكتەپلەرنىڭ مۇشۇنداق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە مەسئۇل.

— بىز كىراغا پۇل يىغىپ بەرسەك، ساۋاقداش بولغاندىكىن قېشىغا بېرىپ كەلسىڭىز بولماسمۇ مۇئەللىم، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى.

— شۇنداق، شۇنداق قىلسىڭىز بولماسمۇ؟ — دېگەنچە چۇرقىرىشىپ كەتتى باشقا ئوقۇغۇچىلار، — سىز بېرىپ كەلگۈچە بىز سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلغاچ تۇرساق...

— باردىم، بىرنەچچە قېتىم بېرىپ تاپالمىدىم، — دېدى مىجىت مۇئەللىم، — ھاكىم دېگەننىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا خالىغان چاغدا تاپقىلى بولمايدىكەن. دوكلات يېزىپ پوچتىدىن ئەۋەتتۇق. ھاكىم دوكلاتنى كۆرسە بىزگە چوقۇم

رەسىمدىكىگە ئوخشاش چىرايلىق ئۈستەل ـ ئورۇندۇق ھەل قىلىپ بېرىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭلار، چىرايلىق ئۈستەل ـ ئورۇندۇقتا چوقۇم ئولتۇرىسىلەر. سىلەرمۇ چوڭ بولغاندا ئۆزۈڭلار ئوقۇغان مەكتەپىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!

بۇ گەپ بىلەن خۇشاللىقتىن لەۋلەر تامشىپ، كۆزلەر قىسىلىپ كېتىشتى. سىرتتا داڭنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئورۇلۇشى بىلەن مىجىت مۇئەللىم يوقلام خاتىرىسى، دەرس تەييارلىقى دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە:

ـــ ساۋاقداشلار، خەير خوش، ـــ دېدى ئۈنلۈك قىلىپ.

ـــ مۇئەللىم، خەير خوش، ـــ دېدى ئوقۇغۇچىلار تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىنىچە.

بۇمۇ خۇددى چالا قورۇق سۆگەتكە ئېسىپ قويۇلغان داڭنىڭ كۆندە نەچچە قېتىم تاش بىلەن ئورۇلغىنىدەك، ئېغىر ئىشكىنىڭ كۆندە نەچچە قېتىم غارتىلداپ ئېچىلىپ ـ يېپىلغىنىدەك بىر ئادەت ئىدى. مىجىت مۇئەللىم ئېغىر ئىشكنى يەنە غارتىلدىتىپ ئاچقىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

* * *

مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئىشخانىسى تولىمۇ ئازادە، يورۇق، كۆركەم ئىدى. قاردەك ئاق يىپەك پەردىلىرى ئىككى يانغا سۈرۈپ قويۇلغان دېرىزىدىن قىيپاچ چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرى، يەرگە سېلىنغان ئۇتقاشتەك خوتەن گىلىمى، بۇلغارىيە خۇرۇمىدا قاپلانغان ساپالار، چاي رەڭگىدىكى ئەينەك شىرە، شۆھىتسارىيە ئۈستىلى ئۈستىدە كۆزنى قاماشتۇرۇپ، جىلۋە قىلاتتى. ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىدە ئالىلىقاندىق ھۆججەت، دوكلات دېگەندەك ماتېرىياللار دەستىلىنىپ كەتكەنىدى. يەنە بىر تەرىپىدە كومپيۇتېر تاختىسى، تېلېفون، ئۈستەل چىرىغى،

قاشتېشى قەلەمدان، قاشتېشى كۈلدان دېگەنلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ياش كاتىپ:

— بىر يېزا مەكتىپىدىن كەلگەن دوكلاتكەن، — دېگىنىچە تامغا بېسىلغان بىر بەت دوكلاتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— نېمە مەزمۇندىكى دوكلاتكەن؟ — دەپ سورىدى مۇئاۋىن هاكىم قولىغا ئېلىپ كۆرگۈسى كەلمىگەندەك بىر هالەتتە.

— ئۇستەل - ئورۇندۇق قىيىنچىلىقى توغرىسىدا يېزىلغان دوكلاتكەن، — دەپ جاۋاب بەردى ياش كاتىپ دەررۇ.

— ماڭا بىۋاستە يازغۇچە مائارىپ ئىدارىسىگە يازسا بولمامدىغاندۇ؟ ئىشنى ئۆز تەرتىپى بويىچە قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ بۇ خەق. . . جىنلىق تېرەككە ئايلىنىپ قالدىمغۇ ئەمدى. . . ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ. . . — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى مۇئاۋىن هاكىم. ئارقىدىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ، — تىزىملاپ قويۇپ، مائارىپ ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ بېرىڭ! — دېدى.

— ماقۇل، — دېگىنىچە دوكلاتنى يەنە قولىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى ياش كاتىپ.

مۇئاۋىن هاكىم ئالدىدىكى تاماكا قېپىدىن بىر تال تاماكا سۇغۇرۇپ لېۋىگە قىستۇرغاندىن كېيىن چاقمىقىنى قولىغا ئالدى. چاقماق بىر نەچچە قېتىم پاسىلداپ بىر تەستە ياندى. بۇ ئىشتىن ئۇ سەل جىلە بولغاندەك قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ تاماكىسىنى قېنىپ شورىغاچ ئالدىدىكى ئۇستەلگە مەنىسىزمىگەندەك قاراپ قويدى. ئۇستەلنىڭ يۈزى ئۇنىڭغا بارغانچە كىچىك كىلىپ قالغاندەك، ئاللىقانداق بىر يەرلىرى ياقمايۋاتقاندەك، ئاللىقانداق بىر نېمىسى كەمدەك تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئاللىقانداق ئاجايىپ، كاتتا، سەلتەنەتلىك ئۇستەللەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى دېگەنلەر «بۇ ئۇستەللەرى ھازىر مودىدىن قاپتۇ، بەك ئاددىيكەن، بىز ئىشلىتەيلى، بۇنىڭ ئورنىغا فرانسىيەنىڭ، موسكۋانىڭ، نيۇيوركنىڭ ماۋۇ ئۇستىلىنى ئېلىپ كەلدۇق، تاماكا چېقىرىپ بېرىش، ئوت تۇتاشتۇرۇش سىستېمىسىدىن تارتىپ نۇرغۇن سىستېمىسى باركەن. ھەممە نېمىسى تولۇقكەن، بەك ئىشلىغاركەن...» دېيىشكىنىچە بىر بەھەيۋەت ئۇستەلنى كۆتۈرۈپ كېلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى...

* * *

ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە تارقىشىپ كەتكەندى. مىجىت مۇئەللىم سىنىپتا يۈتلىرى سۇنۇپ قىيسىيىپ قالغان، ئاللىقانداق بىر يەرلىرى ئاجراپ كېرىلىپ كەتكەن كونا ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى تاراقشىتقىنىچە بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. ئاللىقانداق بىر يەرگە مىخ قاقسا، ئاللىقانداق بىر نەرسىنى ئۇچلايتتى. ئاللىقانداق بىر نەرسىنى ھەرىدەيتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى تاھىر تالىپ ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىۋاتاتتى.

ــ سەن ئەمدى قايتىپ كەت، بولمىسا كەچكە قالىسەن، ــ دېدى مىجىت مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈرگەچ.

ــ سىزچۇ مۇئەللىم؟ ــ دەپ سورىدى تاھىر تالىپ نېمىگىدۇ ئىككىلەنگەندەك سەل تۇرۇپ قېلىپ.

ــ مەن ئالدىرىماي قايتساممۇ بولىدۇ، سەن قايتقاچ تۇر!

تاھىر تالىپ مىجىت مۇئەللىمگە كۆزى قىيمىغاندەك ئاستاغىنا سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. مىجىت مۇئەللىم يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

ئۇنىڭ ئۇستۈنىشىغا بىر قەۋەت ھەرە كىپىكى، چاڭ - توزان قونغانىدى. قارا ئۇچىنىنىڭ ۋاسالغۇسىدەك قارامتۇل، ئەنسىز چىرايىدا بۇژۇلداپ كەتكەن تەر تامچىلىرى ئەينەكسىز دېرىزىدىن، شاخ - شۇمبا، ۋادەكلەر ئارىسىدىن قىيپاچ چۈشكەن كەچكى شەپەق نۇرىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. ئۇ چىرايلىق سىرلانغان، يېپيېڭى ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا غاپپار جاپپار ھاكىم «ئانا مەكتىپىمگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنىدىم. بۇ ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى سىلەرگە ياساتقۇزۇپ ئېلىپ كەلدىم. مەكتەپنىمۇ يېڭىلاپ سالىمىز. جاپا چېكىپ قالدىڭلار. . .» دېگىنىچە بىر ماشىنىغا ئۇستەل - ئورۇندۇق بېسىپ مەكتەپكە كىرىپ كېلىۋاتقاندەك، مىجىت مۇئەللىم، ئوقۇغۇچىلار، يۇرتتىكىلەر خۇشاللىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشقاندەك قىلاتتى.

— ۋايجان! — دەپ ئىنجىقلاپ سالدى مىجىت مۇئەللىم بىردىنلا ئەنسىزلىك بىلەن. ئۇ بىر ئۇستەلگە مىخ قېقىش ئۈچۈن كەكنى كۆچەپ ئۇرۇۋېتىپ بىر چەمكىنى سوقۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ سوقۇلۇپ كەتكەن چەمكىدىن شۇئان قان تامچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھېلى قەلەم، ھېلى بور تۇتۇپ بىردەم تىنىم تاپمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۈپ - جۈپ كۆزلىرى تىكىلىپلا تۇرىدىغان ئاشۇ چەمكىدىن سىرغىپ ئالدىدىكى ئەبجەق ئۇستەل ئۈستىگە ئېقىۋاتقان قان كەچكى شەپەق نۇرىدەك تولىمۇ قىزىل كۆرۈنەتتى. شۇتاپ ئۇنىڭ ئاشۇ چەمكىلا ئەمەس، چوققىسى، تىرىنقى، يۈرىكى مىق قاقىقاندەك، كەكە بىلەن سوقۇلۇپ كەتكەندەك پىژىلداپ، ئېچىشىپ ئاغرىماقتا ئىدى.

# بىرنى بىر دېگۈلۈك

1

ھېلىمۇ چۈشۈمدىكىدەك ئېسىمدە تۇرۇۋېتىۇ. مېنىڭ بوۋام خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. بوۋامنىڭ ئۇزۇن ئاق قېشى قاپىقىغا سېلىنىپ، ئاق ساقىلى مەيدىسىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان. يازدا ئاق شايى يەكتەك، قىشتا ئاق چەكمەن تون كىيىپ، ئاق سەللىنى بېشىدىن ئالماي يۈرىدىغان. مىنىدىغان ئېتىمۇ ئاق، ناماز ئوقۇيدىغان جايناماز ىمۇ ئاق بولىدىغان. كىچىك چاغلىرىمدا بوۋامنىڭ بۇ سىياقىغا قاراپ بىر پارچە ئاق بۇلۇت، بىر دۆۋە ئاق پاختا ياكى قار دۆۋىسى كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالاتتى.

بوۋامنىڭ ياش چاغلىرىدا يۇرتىمىزغا تۇڭگانلار بېسىپ كېلىپ، ئۇچرىغاننى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۆيمۇ ئۆي بۇلاپ — تالاپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىكەن. بۇگۈنى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئۆلۈكى، ئەتىسى سېپىل تۈۋى، دەريا بويى، دۆڭنىڭ ئارقىسى دېگەندەك بىر جايلاردا ئۇچرايدىكەن. بوۋام ئاخىر يۇرتتا تۇرۇشقا تاقىتى قالماي، قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. ئۇ بۇخارا، تاشكەنت، باغدات دېگەن يۇرتلاردا بىر مەزگىل ناۋايچىلىق قىلىپ، مەدرىسىدە ئوقۇپ، كېيىن مەككە - مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، يۇرتىمىز تىنچلانغاندا ئاندىن قايتىپ كەلگەنىكەن. شۇڭىمىكىن بوۋامنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى، ئوقۇغان،

ئاڭلىغانلىرى خېلى كۆپ ئىدى. ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك، چاغاتاي تىللىرىنى بىلەتتى. توقۇم - مۆلىدەك قېلىن، كېلەڭسىز كىتابلارنى ئېچىپ قويۇپ، سۇدەك راۋان تەپسىر قىلىشقا باشلىسا، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئاغزىنى قاراپلا قېلىشاتتى.

كىچىك چاغلىرىمدا بوۋام تال - باراڭلىق هويلىمىزنىڭ سۇپىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پات - پات:

— كۆرگەن كۈنۈمنى ئويلىسام ئۆزۈمنى مىڭ ياشقا يېقىنلىشىپ قالدىممىكىن دېگۈم كېلىدۇ. ياراتقان ئىگەمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئۆمۈر بەرگىنىگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، — دەيتتى ساقىلىنى سىيپاپ. بۇنداق چاغدا بوۋام بىزگە ئۆزى كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغان ئىشلارنى هېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بوۋامنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدىم. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغان هامان هەممىنى ئۇنتۇيتتۇم. بوۋام ئاپاق خوجا، ياقۇببەگ، نىياز هېكىمبەگ. . . دېگەندەك كىشىلەرنىڭ گېپىنى تولا ئېغىزغا ئالاتتى.

بوۋامنىڭ مۇنداق بىر هېكايىنى سۆزلەپ بەرگىنى هېلىغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ هېكايىنى بوۋامغىمۇ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن ئىكەنمىش.

— ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى هىدايىتۇللا ئىشان دېگەن بىرسى جۇڭغار خانىنىڭ ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ يەكەندىكى ئىسمايىلخانىنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋاپتۇ، — دەپ باشلايتتى بوۋام بۇ هېكايىنى، — هىدايىتۇللا ئىشان پادىشاھ بولۇپ تاج - تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەل - يۇرتقا ئېغىر زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردىكى كىشىلەر قىزىل مىستىن ياسالغان ئوتتۇرىسى تۆشۈك بىر داچەننى بىر پۇل دەپ خەجلەيدىكەن. هىدايىتۇللا ئىشان ئىسمايىلخانىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۆزىگە ئېلىپ بەرگەن جۇڭغارخانغا نۇرغۇن پۇل - مال سوۋغا قىلىپ، ئۇنى

رازى قىلىش ئۈچۈن ئەل ـ يۇرتقا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش پەرمانى چۈشۈرۈپتۇ. ناۋادا ئەل ـ يۇرت بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىسە باج، ئالۋاڭ ـ سېلىقنىمۇ بىر پۇلنىڭ ئورنىغا ئىككى پۇل تۆلەيدىغان گەپكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ پەرمانغا ھەممە يۇرت بويسۇنۇپتۇ. پەقەت خوتەن خەلقىلا بويسۇنماپتۇ. بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن ھىدايىتۇللا ئىشان خوتەنگە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، بۇيرۇقىنى يۇرمىگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا سېنىڭ ياش قۇرامىغدىكى بىر كىچىك بالا. . . — دېگىنىنچە ماڭا قاراپ بېشىمنى سىلاپ قويىاتتى بوۋام. ئارقىدىن يەنە گېپىنى ئۇلايتتى، — بۇ چاغدا سېنىڭ ياش قۇرامىغدىكى بىر كىچىك بالا ئۆلۈمدىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپتۇ. ئۇنى قانداق بالا دېمەمسەن؟

— ئۇ قانداق بالىكەن؟ — دەپ سورايتتىم دەررۇ تاقەتسىزلىنىپ.

— ئۇ بالا مۇشۇ يۇرتقا بەگ بولۇپ ئۆتكەن ئىمىن بەگ ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ئەتىۋارلىق كەنجى ئوغلى ئىكەن. ئىسمى شىر ئېلىخان بولۇپ، ئاغزىدىن تېخى سۈت تەمى كەتمىگەن، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان بىر بالا ئىكەن، — دېگىنىنچە شىر ئېلىخان دېگەن ئاشۇ بالىنىڭ گېپىگە ئۆتەتتى بوۋام. مەن ئاستا ـ ئاستا بوۋامنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ، زاڭىقىمنى تۇتقىنىمچە ئاي پارلاپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارايتتىم. شىر ئېلىخان دېگەن ئاشۇ بالىنىڭ سىماسى پارلاپ تۇرغان ئايدەك، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈشكە باشلايتتى.

## 2

ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيى بېتىدە زەڭگەر ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ ئەكسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كۆل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىدىكى تەتۈر سۆگەتلەرنىڭ سىلىنىپ تۇرغان بوستان چېۋىقلىرى مەيىن شامالدا لەرزان ئىرغاڭلايتتى. كۆلنىڭ بىر تەرىپى ئېگىز - پەس توپىلىق يول ئىدى. يولنىڭ بىر بېشى يېقىنلا يەردىكى مەسچىت بوسۇغىسىغا تاقىشاتتى. يەنە بىر بېشى بارغانچە پەسلەپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. يولنىڭ پەسلەپ بارغان ئاشۇ تەرىپىدە شەھەرنى ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، ساتىراچ، بورىچى، تاقىچى، ياماقچى... دېگەندەك هۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ بالىخانىلىق، ئېگىز - پەس ئۆيلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ يەنە بىر تەرىپى قاتىرىسىغا سىلىنغان مەدرىسە ئۆيلىرىنىڭ سالاسۇن، پېشايۋانلىق هويلىسىغا تۇتىشاتتى. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ باراقسان شاخ - پۇتاقلىرى مەدرىسە هويلىسىغا سىلىنىپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى چىملىقتا بىرنەچچە توز رەڭدار قۇيرۇقلىرىنى سۆرەپ يۈرۈشەتتى. قەپەستىكى قۇشلار تىنىمسىز ۋىچىرلىشاتتى. كاككۇكلار بوستان ئارىلاپ سايرىشاتتى...

ئەتىگەنلىك قۇياش هارارەت چېچىپ ئۆرلەش بىلەن تەڭ مەدرىسە هويلىسى كۈندىكىدەك شاۋقۇن - سۈرەنگە تولۇشقا باشلىدى. قاراڭغۇ ئۆيلەردىن بىر توپ چۈجە - خوراز بەس - بەستە چىللاشقاندەك قىرائەت ئۈنى كېلەتتى. هويلىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىدە ئولتۇرۇشقان بالىلارنىڭ هەممىسى ئۆز ساۋاقلىرىنى هەجىلەپ تەكرارلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زېرىككەندەك، خۇشياقمىغاندەك ئېزىلەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئارىدىكى يېشى چوڭراق بىرسى ئۆزىدىن كىچىكرەك بىرسىگە هاپىزلىقتىن ساۋاق بېرىۋاتاتتى.

ئايابەندە رەسۇلدىن مەن بايان ئەيلەي.

— دەپ ئۆگىتەتتى ساۋاق بېرىۋاتقىنى.

ئايابەندە رەسۇلدىن مەن بايان ئەيلەي.

— دەپ ئەگىشىپ ئوقۇيتتى ساۋاق ئېلىۋاتقىنى.

رەسۇلنىڭ ھىممەتلەرى ئايان ئەيلەي.
— دەپ داۋاملاشتۇراتتى ساۋاق بېرىۋاتقىنى.
رەسۇلنىڭ ھىممەتلەرى ئايان ئەيلەي.
— دەپ يەنە ئەگىشىپ ئوقۇيتتى ساۋاق ئېلىۋاتقىنى.

يەنە بىرسى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ئۆز ساۋىقىنى يادلىماقتا ئىدى:

ئەرشىرىقەتمەن ئەكسى شەمسىل كەھسى ئەنۋارىل ھۇدا
يارنىڭ ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامىدىن چىقتى سادا.

. . . . . . . . .

بۇ «نەۋائى» دېگەن كىتابنىڭ بېيىتلىرى ئىدى.

يەنە بىرسى بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن، كۆك تاشلىق كونا كىتابنى ئېچىپ قويۇپ ئوقۇماقتا ئىدى:

ھەقىمغا ھەمدۇسىنى ئادا قىلدىم،
ھەق ئېتى بىرلە ئىپتىدا قىلدىم.
ئىپتىدا قىلغۇلۇقتا كىم باردۇر،
قىلمىساڭ ئاتا بىرلە ئىپتادۇر.

. . . . . . . . .

بۇ «مۇبەييەن» دېگەن كىتابنىڭ نەزمە ـ مىسرالىرى ئىدى.

يەنە بىرسى پېشايۋان سۇپىسىدىكى رېھىل ئالدىدا توقۇمدەك توم ھەم كېلەڭسىز بىر كىتابقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆڭكى ئاق ئالمىدەك سۇزۇك بولۇپ، ئەمدىلا ئون ـ ئون ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تۈرۈلگەن قوشۇمىسى، كىتاب قۇرلىرىغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدىن كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقانلىقى، ئەستايىدىللىقلىقى، ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قىزىل ياقۇت كۆز بىلەن مەرۋايىت مارجان قادالغان چىلگە كاۋىسىدەك كىچىك ئاق سەللىسى، ئۆزۈن يەڭ يېشىل

بويىدىكى تەتۈر سۆكەتلەرنى [illegible] سوۋالغان، جىيەكلىرىگە زەر يىپ [illegible]

چىۋىقلىرى مەيىن شايى [illegible] كالتە يەڭ سېرىق پەرىجىسى،

تەرىپى ئېگىز [illegible] سەندەلى[1] [illegible] بەگزادىلەرگە خاس

يىقىنلا [illegible] قىلغانىدى. ئۇ بۇ سىياقى بىلەن ئەتراپىدىكى

بارغانچە [illegible] سەگەر كۆڭلەك[3]، چوتا ئىشتان[4]،

[illegible] پەرىجىلىك[5] باللاردىن تولىمۇ ئۆزگىچە كۆرۈنەتتى.

[illegible] ئېچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا

[illegible] ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭ

[illegible] بالىسى ئىكەنلىكىگە ئەمەس، ئۇنىڭ

[illegible] پەرىلىرىگە ھەۋەس قىلاتتى.

[illegible] قويۇۋاتىدىلا؟ — دەپ

[illegible] كىتابنى يېيىپ

[illegible]

[illegible]

[illegible] ئۇنىڭغا [illegible]

[illegible] چاقىرغاندەكلا [illegible] ئۇنىڭ ئەتراپىغا

[illegible] ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭغا باقتى، ئېغىزلار

[illegible]

[illegible] ئۆزلىنىپتۇ ئۇنىڭدا؟

[illegible] بىزگە دەپ بەرسىلە؟

[illegible] ئونجىلىق، تاسمىلىق ئاياغ.

[illegible] — يەرلىك رەخت تۈرلىرى.

— زۇۋاندا راستچىل بولۇپ، تىل بىلەن دىلنى بىر تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى سۆزلىنىپتۇ، — دېدى شىرئېلىخان ئۆزىنى ئورىۋېلىشقان بالىلارغا تەبەسسۇم بىلەن قارىغاچ، — بۇنى ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھسانلىرىنىڭ[1] بىرى دەپتۇ. بەگ دادامۇ دائىم ماڭا باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىلىپ ياشىغۇلۇق، دەپ پەندى - نەسىھەت قىلاتتى. كىتابتىمۇ شۇنداق دەپتۇ، مانا.

— دۇرۇس، دۇرۇس، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا، — شۇڭا بىز مەدرىسىگە ئۆگەنگىلى كەلدۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ئۆگىنىمىز، بۇنى ئۆگىنىمىز، ھەممىسى نېمە گەپ؟ ئاخىرىدا ئادەم بولماق.

— شۇنداق، — دېدى شىرئېلىخان بۇ گەپتىن سۆيۈنگەندەك بولۇپ، — مەن مۇددەرىس ئاخۇنۇمنىڭ «بەندىنىڭ ئالىم بولمىقى ئاسان، ئادەم بولمىقى تەس» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. بەندىگە ئۆگىنىش ۋاجىپ. ئۆگەنگەنگە ئەمەل قىلماق تېخىمۇ ۋاجىپ. جاھاندىن ئۆگەنگەنگە ئەمەل قىلىپ ئۆتكىنىمىز ياخشى.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، — دېدى ئارىدىن بىرى شىرئېلىخاننىڭ گېپىنى قوللاپ، — بىز ھەممىمىز سىلىگە قايىل. ياش قۇراملىرى كىچىك بولغان بىلەن ئەقىللىرى ھەممىمىزنىڭكىدىن چوڭ، ناۋادا ئارىمىزدىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەرىمىزنى ئۆلىما بولۇپ قالىدۇ دېسەك، شەك - شۈبھىسىز ئۆزلىرى بولىلا.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر تەڭلا، — مۇددەرىس ئاخۇنۇممۇ شۇنداق ئويلايدىكەن، سىلى ھەممىمىزنىڭ ئۈمىد چىرىغىمىز.

---

① ئېھسان — گۈزەللىك.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار، — دېدى شىر ئېلىخان بۇنداق ماختاشلاردىن سەل قورۇنۇش ھېس قىلىپ، — سىلەرمۇ ياخشى ئوقۇۋاتىسىلەرغۇ.

— نەدىكىنى، — دېدى ئارىدىن بىرى دەررۇ، — بىز سىلىنىڭ قوللىرىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيمىز. سىلى مەدرىسىگە بىزدىن كېيىن كېلىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتىلە. مۇبەييەن، سۇپالىيا، نەۋائى، خوجاھاپىز، دالايى، ھۇۋەيدا، مۇشكا شېرىپ دېگەندەك تۆپە كىتابلارنى[1] بىرنەچچە ئايدىلا ئوقۇپ تۈگىتىپ بولدىلا.

— شۇنداق، — دېدى ئارىدىن يەنە بىرسى، — بىز تېخى تەۋجىد[2] ئوقۇپ يۈرىمىز. سىلى بولسىلا شىپائىيە[3] ئىلمىي نۇجۇم[4] ھەندىسە[5] دېگەندەكلەردىن ساۋاق ئېلىۋاتىدىلا. سىلى دېگەن ئەلىيۇلئەلا[6] تەھسىننامە[7] ئېلىشلىرىدا گەپ يوق. بىز ئەۋسەت[8]، ئەدنا[9] ئوقۇۋاتىمىز. بىز ئاپىرىنىنامىگە[10] ئېرىشەلىسەكمۇ چوڭ گەپ.

— بىز لەيلى[11] ئوقۇۋاتىمىز، سىلى ناھارى[12] ئوقۇۋاتىدىلا، — دېدى ئارىدىن يەنە بىرى گەپنى ئۇلاپلا، —

---

① تۆپە كىتابلار — مەدرىسىدە قۇرئاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان كىتابلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۆپە كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ.

② تەۋجىد — قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى.

③ شىپائىيە — ساقلىقنى ساقلاش.

④ ئىلمىي نۇجۇم — ئاسترونومىيە.

⑤ ھەندىسە — ئالگېبرا.

⑥ ئەلىيۇلئەلا — ئەلاچى ئوقۇغۇچى.

⑦ تەھسىننامە — 1 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

⑧ ئەۋسەت — ئوتتۇراھال.

⑨ ئەدنا — ناچار.

⑩ ئاپىرىننامە — 2 ـ دەرىجىلىك دىپلوم.

⑪ لەيلى ئوقۇش — مەدرىسىدە قونۇپ ئوقۇش.

⑫ ناھارى ئوقۇش — مەدرىسىدە كۈندۈزى ئوقۇش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

...لى زەن قويۇپ ئوقۇغاندەك قىلمىسىز بولمىسا، سىلىگە
...تىشەلمىگۈدەكمىز ئەمدى، كۆزىمىز تەگمىسۇن سىلىگە.
— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلار! — دېدى شىرئېلىخان
...تراپىدىكى بالىلارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا، — مەن تېز ئوقۇغاندەك
...لغىنىم بىلەن بەزى كىتابلارنى خام ئۆتكۈزۈۋەتتىم. سىلەرگە
...وخشاش پىششىق ئوقۇيالمىدىم.
— سىلى بەك ئوبدان، — دېدى ئارىدىن زاڭقىنى يۆلەپ،
...ىرئېلىخانغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ ئولتۇرغان بىر بالا، —
...مەدان، ھاۋكاۋۇر ئەمەس. دادام بەگ دەپ تەمەننا قىلمايلا،
...اشقا بەگنىڭ بالىلىرى ئويۇن قىپپى. «موللا خۇدايا قۇيما
...بۇەك، قۇيماق يېسىڭىز خەقكە دېمەڭ» نىڭ ئۆزى.
بۇ گەپكە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراقشىپ كۈلۈشۈپ
...كەتتى. شىرئېلىخاننىڭ ئۆزىمۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ سالدى.
...ۇلارنىڭ شاد كۈلكىسى ئەمدىلا بېسىقىپ تۇراتتى. سىرتتىن
...كىرگەن بىر بالا شىرئېلىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— مۇدەررىس ئاخۇنۇم سىلىنى كۆل بويىغا چىقسۇن
...دەيدۇ. بەگ ھاجىم ئاتلىرى جارۇپكەش[1] ئەۋەتىپتۇ. ئۆيگە
...اردىغان ئوخشايلا، — دېدى.
شىرئېلىخان شۇئان كىتاب، رېھىللىرىنى يىغىشتۇرۇپ
...اراڭغۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ھويلىدىكى
...الىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
مۇدەررىس ئاخۇنۇم ئېگىز بوي، قاقشالدەك ئورۇق، ئۆچكە
...اقال ئادەم ئىدى. ئالدىغا سەل ئېگىلىپ قالغىنى بىلەن يەنىلا
...تېتىك، تىمەن كۆرۈنەتتى. ئىلىمدە يىراق - يېقىندا خېلى نامى
...ار ئىدى. مەدرىسىدىكى بالىلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ئۇ
كۆل بويىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان بىرسى بىلەن

[1] جارۇپكەش — خىزمەتچى.

پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

— بەگ ھاجىم ئاتىلىرى ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دېدى ئۇ ئالدىغا كەلگەن شىر ئېلىخاننىڭ مۇرىسىنى سىلاۋېتىپ، — ئاتىلىرى بىلەن بىرگە ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى بارىدىكەنلا.

— ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى؟ — دەپ سورىدى شىر ئېلىخان تەئەججۇپ بىلەن، — يەكەن دىيارىغىما؟

— يوقسۇ، — دېدى ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى، — ھىدايىتۇللاخان پاشا ئۆزى يۇرتىمىزغا كەپتۇ. يۇرت كاتتىلىرىغا چاي بەرگۇدەك. ئاتىلىرى ساقسىز بولغاچقا بەگ ھاجىم ئاتىلىرى سىلىنى بىرگە ئېلىپ بارماقچى بولۇپ مېنى يانلىرىغا ئەۋەتتى.

— بارسىلا، — دېدى مۇددەرىس ئاخۇنۇم شىر ئېلىخاننىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — بىر نۇەرسىلە، بۇ پەردىكى ئوقۇشلىرى بىر كۈندە تۈگەيدىغان ئىشقا ئوخشىمايدۇ. پادىشاھنىڭ چېيىغا داخىل بولىدىغان شاھانە پۇرسەت ھەممە بەندىگە نېسىپ بولمايدۇ. بىر نۇەرسىلە! پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئۆلىما، پازىللارنىڭ ھەمسۆھبىتىدە بولۇپ، ئەقىل كۆزلىرىنى ئېچىپ كەلمەملا.

شۇ گەپ بىلەن ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى شىر ئېلىخاننى قولتۇقلاپ كۆتۈرگىنىچە ئاتقا مىنگۈزدى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى شىر ئېلىخان ئاتقا مىنگىشىۋالغاندىن كېيىن پەستىكىلەرگە قاراپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە كۆرۈشەيلى.

— خوش ئەمىسە، — دېيىشتى مۇددەرىس ئاخۇنۇم بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باللار تەڭلا، — ئاق يول بولسۇن. بەگ ھاجىم ئاتىلىرىغا، ھىدايىتۇللاخان پاشاغا بىزدىن دۇئايى سالام

ئېتىپ قويارلا.

ئات ئۈستىدىكى شىر ئېلىخانىنىڭ، ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ قارىسى بارا - بارا يىراقلاپ كەتتى. مەدرىسە ئالدىدا ئۇزىتىپ قالغانلار ئۇلارنىڭ قارىسىدىن ھېچ كۆز ئۈزگۈسى كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ سىماسى ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيى بېتىدىكى زەڭگەر ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇتلار ئەكسىگە قوشۇلۇپ كەتكەندى.

3

ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئايۋان - سارىيى تولىمۇ كۆركەم ئىدى. ئايۋان - سارايىنىڭ سەككىز قىرلىق تۈۋرۈكلىرىگە، تورۇستىكى بالا، پەرمال، ۋاسىيانلارغا نەپىس ئويۇلۇپ ئۈستىدىن رەڭ بېرىلگەن گۈللەر گويا گۈلباغدا ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئۆزىدەك كۆرۈنەتتى. پەگاغا تۇتاش سېلىنغان خوتەن گىلىمى ئوتقاشتەك يېلىنجايتتى. سارايىنىڭ بىر تېمىغا يۆلەپ قات - قات تىزىۋېتىلگەن تاۋار - دۇردۇن، مەخمەل يوتقان - كۆرپىلەر تورۇسقا تاقىشاي دەپ قالغانىدى. ئويۇق - ئويۇقلاردىكى ئاپتۇۋا - چىلاپچا، جانان چىنە، پەتنۇس، چەينەك، ھاۋانچا، گۈل چېلىنغان لوڭقا، چىراغپاي، رېھىل، كىتاب. . . دېگەنلەر ئايۋان - سارايغا تېخىمۇ زىننەت بېغىشلاپ تۇراتتى.

ئىمىن بەگ ھاجىم ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، كېسەل چىراي ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا خانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەتچى، دورغىلار پەتنۇس - پەتنۇسلاردا چوكا ئالتۇن، تىللا، كۈمۈش يامبۇ،

ئۇنچە ـ مەرۋايىت، خوتەن قاشتېشى، ئارقار، بۇغا مۈڭگۈزى، ئېپار كېيىكنىڭ كىندىكى، ئۇلارنىڭ پوكىنى. . . دېگەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. بۇ نەرسىلەر ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر ـ بىرلەپ يىپەك رەختلەرگە ئورىلىپ، كۆن قاپلىق ئېسىل ساندۇقتا سېلىنىماقتا ئىدى. شۇ ھالدا بىر ساندۇق توشۇپ ئاغزى يېپىلدى. يەنە بىر ساندۇقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ماموق ياستۇققا باش قويۇپ يېتىۋاتقان ئايالى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزى ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئورۇق قوللىرىغا تىكىلگەنىدى. ئاشۇ بىر جۈپ ئورۇق قول بىلەن بىرگە ھېلى پەتنۇسقا يۆتكەلسە، ھېلى ساندۇققا يۆتكىلەتتى. شۇتاپ ئۇ ئۆز يۈرىكىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ ئورۇق قول بىلەن بىر پارچە رەختكە ئورىلىپ ساندۇققا تىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ياتقاندەك تولىمۇ بىئارام بولۇپ كەتكەنىدى.

يەنە بىر ساندۇق توشۇپ ئاغزى يېپىلدى. يەنە بىر ساندۇقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئايالى ئەمدى قات ـ قات تاۋار كۆرپىدە ئەمەس، پەنجە ـ پەنجە يانتاق ئۈستىدە ياتقاندەك ئازابلىق تولغىنىپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈشە كۈچەپ باققانىدى. مادارى يەتمىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ئىككى چۆرە ئايال ئۇنى ئاستا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— بو . . . بولار ئەمدى، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، — ئالدى ـ كەينىمىزگە قاراپ ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك ماقىما.

— خوتۇن خەق دېگەن ئەر كىشىنىڭ ئىشىدا ـ غا ئارىلاشمىغۇلۇق، — دەپ ئالىيىپ قويدى ئىمىن بەگ ھاجىم ئايالىغا، — كېسىلىنى تارتىشىپ ياتماي. . . — غۇدۇڭشۇپ قويدى ئۇ ئارقىدىن يەنە.

— سى. . . سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — دېگىنىچە كۆزلىرىنى مىتىلداتتى ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئايالى، — خانغا لازىمى بىزگىمۇ لازىم. ئۆيدە بولسا ھامان جانغا ئەسقاتىدىغان گەپ. بۇ كۈندىكى خان، پاشالار قىش كۈنىنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشاپ قالدى. بۈگۈنى بىرسىنى تاجۇ ـ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ دېسە، ئەتىسى بىرسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دېگەن. تاپقان ـ تەرگىنىمىز نەچچە بىرسىگە يېتەتتى.

— ھاي، ھاي! — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم قاپىقىنى تۈرگىنىچە ساندۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — گەپ دېگەننى ئويلاپ بېقىپ قىلغۇلۇق! بولمىسا باش كېتىدىغان گەپ، باش. . . «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن راست گەپكەن. مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار، كىچىك بالا بولمىسام مەن يا؟ خاننىڭ چېپىغا قول قوشتۇرۇپ بارغان نەدە بار. ھىدايىتۇللاخان پاشا بولۇپ مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئەسلىدە سوۋغا ـ سالام بىلەن ئالدىغا بېرىپ مۇبارەكلەيدىغان يولىمىز بار ئىدى. بۇنىمۇ قىلالمىدۇق. خان ئۆزى چايغا تەكلىپ قىلىپ، تونجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە نەزىر بىدىن ئۆتكۈدەك بىر ئىش قىلىپ بارمىسام يارىشامدۇ؟ يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل بەگ بولۇپ ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئاتتىن يىقىلىپ كەتسەم ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ماڭمۇ تەڭلىك، قولنى كەسمىگۈچە قان چىقامدۇ؟ قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدىغان گەپ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان».

ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئايالى دومسايغىنىچە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. يەنە بىر ساندۇق توشۇپ ئاغزى يېپىلدى. ئىمىن بەگ ھاجىم ئىشنى تۈگىتىپ ئەمدىلا بېلىنى رۇسلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇراتتى، ئىشىكتىن ئوغلى شىرئېلىخان كىرىپ كەلدى.

— ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كەلدىڭىز بالام، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە، — تېز تەييار بولۇڭ! ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى بارىمىز.

شىرئېلىخان «قانداق قىلىمەن؟» دېگەندەك ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. قارىدىيۇ، ئانىسىنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، دومسىيىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىم تۇرۇپ قالدى. ئانىسى مادارسىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋېتىپ:

— كىچىك بالىنى ئەگەشتۇرۇپ بارغانلىرى قانداق بولار؟ — دېدى ئۇستۇۋېشىنى تۈزەشتۇرۇۋاتقان ئىمىن بەگ ھاجىمغا قاراپ.

— ھېچقانداق بولمايدۇ، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم دەررۇ، — كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا كۆرمىگەننى كۆرۈپ، قائىدە - يوسۇن ئۆگىنىۋالغىنى ئەۋزەل. چاي، ئادىمىگەرچىلىككە بىر ئۆيدىن يالغۇز بىرسى بارغان نەدە بار؟ باشقا بەگ، قازىلارمۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ بارغۇدەك. مەن تىكەندەك يالغۇز بارماي مۇشۇ بالىنى بولسىمۇ ئېلىۋالاي.

— مەيلى ئەمىسە، بارسىڭىز بېرىڭ بالام، — دېدى شىرئېلىخاننىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، — ھەر كۈنى مەدرىسىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپمۇ قالغانسىز، ھېچبولمىسا كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ كېلەرسىز.

— بارسام باراي ئەمىسە، — دېدى شىرئېلىخان ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ.

شىرئېلىخان، ئىمىن بەگ ھاجىم ئىشىكتىن چىقىشتى. دەرۋازا ئالدىدا ئىككى يارىيار ھارۋا، بىرنەچچە ئات تەييارلاپ قويۇلغانىدى. شىرئېلىخان ئىمىن بەگ ھاجىم بىلەن گىلەم،

كۆرپە سېلىنغان بىر ھارۋىغا چىقىشتى. سوۋغا - سالام قاچىلانغان ساندۇقلار يەنە بىر ھارۋىغا بېسىلدى. ئۇلار بىرنەچچە دورغا، چاپارمەنلەر بىلەن يولغا ئاتلاندى.

ئۇلار يىلان ئىزىدەك ئەگرى - بۈگرى كاتاڭ يولدا خېلى بىر كۈجۈم مەھەللىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، خېلى بىر كۈجۈم مەھەللىگە ئۇلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئىمىن بەگ ھاجىم ھارۋىدا تەۋرىنىپ ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ ئالدىغا بارغاندا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل ھودۇقۇپ قالدى: «زامان زامانى، ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ زامانى» دېدى ئاۋازىنى تولۇق چىقىرىپ. بۇ گەپتىن كۆڭلى تازا رازى بولماي يەنە: «يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۇلۇغ شاھى، ئەل - يۇرتنىڭ پاسىبانى، ھەممىگە قادىر كەرەملىك سۇلتانىم. . . » دېگىنىچە خاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈچ قېتىم، ياق، يەتتە قېتىم سەجدە قىلدى. ئارقىدىن خاننىڭ پۇتىنى سۆيدى. پېشىنى، قوللىرىنى تۇتۇپ يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتتى. كۆز يېشى قىلدى. خان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنى شۇ ھامان ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سوۋغا - سالاملارنى خاننىڭ ئالدىغا يايغانىدى، خاننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ سۆيۈنۈپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. خان: «كۆپ تەزگىنىپ كېتىپلا، ھەشقاللا، ھەشقاللا» دېگىنىچە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيۇپ سۇندى. بۇنى كۆرۈپ باشقا بەگلەرنىڭ ئىچ ئەزايىغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى. ھەممە كۆزلەر ئاسماندىكى قۇياشقا، ئايغا قاراشقاندەك ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشتى. خان ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى، يەنە تېخى قېشىدا ئولتۇرغان ئوغلى شىرئېلىخاننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ھەم شىرئېلىخاننى «ئىزلىرىنى باسقىلى ئەقىللىق، چىرايلىق ئوغۇللىرى بار ئىكەن، مەدرىسىدە ئوقۇغىنى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بوپتۇ» دەپ ماختاپمۇ قويىدى.

ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسىمۇ، رەھمەتلىك بوۋىسىمۇ بەگ بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى. ئۇنى رەھمەتلىك بەگ دادىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئورنىغا بەگ قىلىپ قويۇپ بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە تۆت خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىپ، بەش بالا يۈزى كۆردى. ئۈچ بالىسى چېچەك، قىزىل كېسىلى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن قازا قىلىپ كەتتى. يەنە بىر بالىسى ئەمدىلا قاتارغا قېتىلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولىدىغاندا يۇرتنى قوغدايمەن دەپ، جەڭدە شېھىت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، چىرىغىنى ياندۇرغۇدەك مۇشۇ بىرلا ئوغلى قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئوغلىنى ئورنىغا بەگ قىلىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتۈش بىرلا ئارزۇسى بار... ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنە ئاللىقانداق ئوي ـ خىياللىرىنى خانغا ئېيتتى. خان ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، «سىلى ئېسىل نەسەبلىك، دىيانەتلىك، خانغا سادىق بەگ ئىكەنلا، سىلىنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى چوقۇم قانائەت تاپقۇزىمەن» دېدى. ئۇ خۇشاللىقىدا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا قايتا ـ قايتا تەزىم قىلدى. «بۇرۇنقى خانلارنىڭ ھەممىسى قان ئىچەر زالىم ئىدى. سىلى پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللادەك پەزىلەت بابىدا يەكتا، دىيانەتلىك، ئادىل خان ئىكەنلا، مەن يەتمىش پۇشتى ـ ئەۋلادىم بىلەن كىچە ـ كۈندۈز ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا تەييارمەن» دېدى. خان: «بولدى، بولدى. شۇنچە ھىممەتلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، تەزىملىرى ماڭا تەگدى» دەپ تەكەللۇپ قىلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ھارۋىنىڭ ئېرىقتىن سىلكىنىپ ئۆتۈشى بىلەن ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ شېرىن خىياللىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىكەشكە ئالىيىپ قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىماسى ئەمەس،

يەنە شۇ يىلان ئىزىدەك ئەگرى - بۈگرى كاتاڭ يول سوزۇلۇپ تۇراتتى. يىراقتا بىر كۈجۈم مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ئوغلى شىرئېلىخانغا قاراپ قويدى. شىرئېلىخانمۇ خىيالچان ئولتۇراتتى. ئۇمۇ باياتىن بېرى ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئۆز خىيالىنى سۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىبنى سىنا، لوقمان ھەكىم يەنە شۇلارغا ئوخشىغان ئاللىقانداق شىپاگەرلەرنىڭ سىماسىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇلارغا خىيالەن ھەۋەس قىلاتتى. مەدرىسىدە ئەمدى تەرىقۇل - ئىلاج[1]، تىببى ئەكبەر[2]، قارابادىن قادىرى[3]، دەستۇرۇل - ئىلاج[4] دېگەن كىتابلارنى ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. ئۇ بۇ كىتابلارنى پىششىق ئۆگەنسە ئۆزىنىڭمۇ بىر ئۇستا شىپاگەر بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بىر ئۇستا شىپاگەر بولالىسا ئاتىسىغا ئوخشاش ساقىسىز بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلار، ئاتىسىغا ئوخشاش كېسەل چىراي، زەئىپلەر، مۇدەررىس ئاخۇنۇمغا ئوخشاش قاقشالدەك ئورۇق بەدەنلەر، يەنە ئاللىقانداق نىمجانلار، مەجرۇھلار، ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ يېتىۋاتقانلار، سەكراتتا جان تالىشىۋاتقانلار ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ساۋاب تاپاتتى.

— يېقىندىن بېرى مەدرىسىدىكى ئوقۇشىڭىز قانداقراق، بالام؟ — دەپ سورىدى ئىمىن بەگ ھاجىم ئوغلىغا نەزەر سېلىۋېتىپ.

— يامان ئەمەس، ئاتا، — دېدى شىرئېلىخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، — ئىنشائاللا، زەن قويۇپ ئۆگىنىۋاتىمەن.

— مەدرىسە تەرەپلەرگە ئالدىمنى قىلالمىغىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئۇ يەرنىڭ ھال كۈنى قانداقراق؟

---

[1] تەرىقۇل - ئىلاج — ئىككى توملۇق تىببىي قامۇس.
[2][3][4] تىبابەت كىتابلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قەدىر ئەھۋال ئاتا، — دېدى شىر ئېلىخان، — بولسىغۇ ئازراق خانەندىلىكنىڭ[1] غېمىنى قىلىپ، تەسەررۇپ[2] قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز تېخىمۇ كۆپ ساۋابقا نائىل بولاتتىڭىز. مەدرىسىدىكى نامرات، پېقىر باللارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

— بولىدۇ بالام، — ئىمىن بەگ ھاجىم دەررۇ بېشىنى لىڭشىتتى، — لەۋزىڭىزنى يەردە قويمايمەن. مەنمۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلىشنى خىيال قىلغانىدىم. خان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى چوقۇم روياپقا چىقىرىمەن. يۇرت كاتتىلىرىنى، بايلارنى مەدرىسكە تەسەررۇپ قىلدۇرىمەن.

— تىلىكىمنى ئىلىك ئالغىنىڭىزغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئاتا، — دېدى شىر ئېلىخان ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ.

— سىز چوڭ بولغاندا مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ، چىرىغىمنى ياندۇرۇپ بەگ بولىدىغان ئادەم، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم بىردەملىك خىيالدىن كېيىن يىراقلارغا نەزەر سېلىۋېتىپ، — شۇڭا ھەدىس پىقھىنى[3] كۆپرەك ئۆگەنمىكىڭىز لازىمدۇر.

— چوڭ بولغاندا بەگ بولىمەن؟ — دېدى شىر ئېلىخان تەئەججۇپ بىلەن.

— ھەئە، بەگ بولۇپ يۇرت سورايسىز، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم تەبەسسۇم قىلىپ.

— مېنىڭ چوڭ بولغاندا ھەكىم بولغۇم بار، — دېدى شىر ئېلىخان كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — ھەكىم بولغان ئادەم تېخىمۇ كۆپ ساۋابلىق ئىش قىلالايدىكەن.

---

① خانەندىلىك — ئوقۇش ياردەم پۇلى.
② تەسەررۇپ — سەرپ قىلىش.
③ ھەدىس پىقھە — ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر بىلىملەر.

— ئۇنداق قۇرۇق خام خىيالنى قىلغۇچى بولماڭ! — دېدى ئۆمەر بەگ ھاجىم دەررۇ شىر ئېلىخانغا قاراپ، — سىز تېخى كىچىك. ئاق - قارىنى تازا پەرق ئېتەلمەيسىز. ھەكىم بولغان ئادەم قان - يىرىڭغا مىلىنىپ، سەكسەن خالتىنىڭ ئارىسىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان گەپ، قانچىلىك پاراغەتتــــى بولسۇن ئۇ ئىشنىڭ؟ ماڭا ئوخشاش بەگ بولسىڭىز زىنھار مۇشەققەت يۈزى كۆرمەي جەننەتتە ياشىغاندەك ياشايسىز. بەگ بولغان ئادەمنىڭ تۇپىسى ئالتۇن، كۆلى كۈمۈش. گېپىمنىڭ مەنىسىنى چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسىز. . .

ئۆمەر بـەگ ھـاجىم ھـەكىم بىلـەن بـەگنىڭ پەرقىنى، پايدا - زىيىنىنى سېلىشتۇرۇپ يەنە ئۇزۇن - ئۇزۇن سۆزلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپلىرى شىر ئېلىخاننىڭ قۇلىقىغا تازا ياقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاتىســــىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك ھالەتتە يەنە ئۆز خىيالىنى سۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

4

بىرنەچچە يۇرت، شەھەر، ئايماق بەگلىكى ئۆمەر بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى. ئۆمەر بەگ مەھكىمىسى بىر زامانلاردا سېلىنغان سېپىل ئىچىدە ئىدى. سېپىل ئىچىدىن تۆت تەرەپكە سوزۇلغان يوللار يۇرت - يۇرتلارغا تۇتىشاتتى. ئاشۇ يوللاردىن ھەر كۈنى كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىدىغان ئادەملەر بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بازار تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. رەستە - رەستىلەردە ئادەملەر مىغىلدايتتى. كارۋانلار تېگىمۇ - تېگىمۇ يۈك ئارتقان كولدۇرمىلىق تۆگە سېپىنى يېتىلىگىنىــچە يول ئېچىــپ كېلەتتى. ئاتلىقلار چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ بولالماي ئاۋارە بولاتتى. ئوتۇنچـــى ئوتۇن ئارتقان ھۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشىكىنى ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي تىتىلدايتتى. ئىسلىشىپ كەتكەن چەللە ئاستىدىكى ناۋاي گۆشگىردىسىنى ماختاپ ۋارقىرايتتى. ئاياغ ئاستىدا قالغان قېتىقچى ئايال چىرقىرايتتى. ئاشۇ قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا تاۋار ـ دۇردۇن، خام ـ ئەستەرنىڭمۇ، دوپپا ـ تۇماق، مەسە ـ كالاچنىڭمۇ، دورا ـ دەرمەكنىڭمۇ، كالا ـ قوينىڭمۇ، كەتمەن ـ تاغارنىڭمۇ، ئىگەر ـ قامچىنىڭمۇ، قاپاق ـ نوگاينىڭمۇ، ئاياق ـ قوشۇقنىڭمۇ، پولۇق ـ سېۋەتنىڭمۇ، بورا ـ قومۇچنىڭمۇ، توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممىنىڭ سودىسى بولاتتى. كۆمۈش تەڭگە، مىس داچەنلەر ئۇ قولدىن بۇ قولغا ئۆتەتتى. بىرى كۈلۈۋاتسا، بىرسى يىغلامسىرايتتى. بىرسى ماچىلدىتىپ چايناۋاتسا، بىرسى غورتۇلدىتىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى. باشلىرىغا يېشىل سەللە يۆگەپ، دەررە، قامچا سىقىمدىشىۋالغاندلار رەستىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار كىملەرنىدۇ ساۋىدىسا، كىملەرنىدۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تىللايتتى.

ئىمىن بەگ ھاجىم بىلەن شىرئېلىخان دورغا ـ چاپارمەنلىرىنىڭ ئاتلارنى يېتىلەپ، يول ئېچىپ مېڭىشى بىلەن قايناق رەستىلەرنى ئارىلاپ كەلمەكتە ئىدى. شىرئېلىخان ئەتراپقا نەزەر سېلىۋېتىپ نېمىگىدۇر شادلانسا، يەنە نېمىگىدۇر خورسىناتتى. ئۇلار بىرنەچچە دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ بىر ئازادە كوچىدىكى ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاشتى. دەرۋازا ئالدىدا يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن بىر ـ بىرىدىن سالاپەتلىك بەگ، قازى، ئۆلىما ـ ئىشان، باي، ھاجىلار سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈزلىرىگە چۈمبەل ئارتقان، ئۇن بارمىقىغا ئۇن ئۈزۈك، بىلەكلىرىگە قوشلاپ ئالتۇن بىلەزۈك تاقىۋالغان ئېسىلزادە خېنىملارمۇ، بەگزادىلەرمۇ، ئات ـ قېچىرلارنىڭ چۇلغۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇشقان دورغا، چاپارمەن، خىزمەتكارلارمۇ

بار ئىدى. دۆبۆلغا - ساۋۆت كىيىپ، قىلىچ - قالقان تۆتۆپ تۆرۆشقان بىرنەچچە چېرىك دەرۋازىنى توسۆپ تۆراتتى. ئۆلار تولىمۆ سوغ تەلەت، سۆر - ھەيۋىلىك كۆرۆنەتتى.

ئىمىن بەگ ھاجىم ھارۋىدىن چۆشۆپ تونۆش - بىلىشلەر بىلەن سالاملاشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى. ئۆ ئۆزىدىن بۆرۆن كەلگەنلەردىن ھىدايىتۆللاخان پاشانىڭ ئالدىنقى كۆنى يەكەندىن كەلگەنلىكىنى، ھازىر ئەمىر بەگ مەھكىمىسىدە ئىكەنلىكىنى، سوۋغا - سالاملارنى قوبۆل قىلىپ بولغاندىن كېيىن چاقىرىلغانلار بىلەن كۆرۆشۆپ چاي بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. دېگەندەك دەرۋازا ئالدىدا كىملەرنىڭدۆ ئىسىم - شەرىپى، سوۋغا - سالىمىنىڭ تۆرى، سانى، مىقدارى رويخەتكە ئېلىنماقتا ئىدى. رويخەتكە ئېلىنىپ بولغان سوۋغا - سالاملارنى دۆبۆلغا - ساۋۆتلۆق چېرىكلەر دەرۋازىدىن ئېلىپ كىرىپ كېتىشمەكتە ئىدى. بۆنى كۆرۆپ ئىمىن بەگ ھاجىممۆ، شىر ئېلىخانمۆ كۆڭۆللىرىدە سوۋغا - سالاملارنى ئاۋۋال خاننىڭ ئالدىغا كىرگۆزۆپ ئاندىن كۆرۆشىدىغان گەپكەن - دە، خان رويخەتنى كۆرۆپ بولۆپ ئاندىن چايغا تەكلىپ قىلىدىغان ئوخشايدۆ، دەپ ئويلاشتى. بۆ ئىش ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ كۆڭلىنى سەل يېرىم قىلىپ قويدى.

— ھەي، ھەممىمىز ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالامنى ئۆز قولىمىز بىلەن خاننىڭ ئالدىدا قويساق ئوبدان بولماسمىدى، — دېدى ئۆنىڭ قېشىدا تۆرغان بىرى خورسىنىپ.

— كۆڭلۆمدىكى گەپنى قىلدىلا، — دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم دەررۆ، — شۆنداق قىلغان بولساق تېخىمۆ ئۆز تۆراتتى ئەمەسمۆ.

— مەيلى ئەمدى، — دېدى ئۆ كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ، — رويخەتكە ئېلىنغىنىمۆ بىر ھېسابتا بوپتۆ. خان كىمنىڭ جىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىمنىڭ ئاز بىرنەرسە ئەكەلگىنىنى رويخەتتىن تېخىمۇ ئوبدان پەرق ئېتىشۋالدۇ.

سوۋغا ـ سالاملارنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئىمىن بەگ ھاجىممۇ باشقىلارغا ئوخشاش ساندۇقلىرىنى دورغا، چاپارمەنلىرىگە كۆتەرتىپ، دەرۋازا ئالدىغا يېقىن ئاپاردى. ئۆز ئىسمىنى، ساندۇقلاردىكى سوۋغا ـ سالاملارنى بىر ـ بىرلەپ رويخەتكە ئالدۇردى. بۇ ئىشلارمۇ تۈگەپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ تاقىتى ـ تاق بولۇپ تۇرغاندا دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىلىپ كەلگەنلەرگە كىرىشكە ئىجازەت بېرىلدى. شۇ ھامان ھەممە ئۇپۇر ـ تۇپۇر بولۇشۇپ دەرۋازىدىن قىستىلىپ كىرىشتى. دەرۋازىنىڭ ئىچى خېلى ئازادە، كەڭرى بىر سەينا ئىدى. كىرگەنلەر قايان مېڭىشنى بىلەلمەي سەينادىلا توپلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار! — دېدى توپنىڭ ئالدىدا بىرسى ئۈنلۈك قىلىپ، — ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشماي ھەممىڭلار ئولتۇرۇڭلار! خان ئالىيلىرى ھازىرلا ئالدىڭلارغا چىقماقچى.

شۇ گەپ بىلەن ھەممە تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇشتى. بىر ـ بىرىدىن ئېسىل تاۋار، دۇردۇن، مەخمەل، شايى تونلارنىڭ پەشلىرى توپىغا مىلەندى. شىرئېلىخان ئىمىن بەگ ھاجىمغا سوغدىشىپلا ئۇنىڭ بىر يېنىدا ئولتۇردى. ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ پېشايۋانلىق، دىرەۋزۇن دېرىزىلىك كاتتا سارىيى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. سارايىنىڭ تۆت ئەتراپىدا، ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلۇق، قىلىچ ـ قالقانلىق چېرىكلەر سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئولتۇرغانلار تەئەججۇپ بىلەن ئەتراپقا قارىشاتتى. ئۆزلىرىنىڭ توپىدا ئولتۇرۇپ، قەدىر ـ قىممىتى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ توپا بىلەن تەڭ بولۇپ قالغىنىغا

ئەپسۇسلانغاندەك خۇرسىنىپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە خاننىڭ چېيىغا داخىل بولغىلى كەلگەن مېھمان دېگەن گىلەم، كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرسا، ئالدىغا نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان سېلىنسا بولاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ تاپ بىر پارچە يىرتىق كىگىزنىڭ، بىر نوگاي سوغۇق سۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئارىدىن كىملەردۇ: «شۇنچە چوڭ ئەمىر بەگ مەھكىمىسى بىر نەچچە پارچە كىگىز، بورا بولسىمۇ تاپالمىغانمىدۇ، مۇنداق ئىشنى دېگەن بولسا ئۆزىمىز ئالغاچ كېلەتتۇق ئەمەسمۇ» دەپ پىچىرلىشاتتى. ئىمىن بەگ ھاجىم: «باشقا يەرگە داستىخان راسلىغان ئوخشايدۇ، خان ئۆزى ئالدىمىزغا چىقىپ شۇ يەرگە باشلايدىغان چېغى» دەپ ئويلىدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزى تۆت بولۇپ تۇرغاندا ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ ساراي ئىشىكى ئېچىلدى. ئىشىكتىن ھىدايىتۇللاخان قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلۇق، قىلىچ ـ قالقانلىق بىر نەچچە چېرىك ئارىغا ئېلىپ قوغداپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەكلىرى خۇشاللىق، ھاياجان، ئەيمىنىش، تەپ تارتىش تۇيغۇلىرى بىلەن دۇپۇلدەپلا كېتىشتى. ھىدايىتۇللاخان پېشايۋان ئاستىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاۋام پۇقرالىرىم، — دېگىنىچە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئولتۇرغانلارغا سالام قىلدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شۇئان گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خان پاشايىمىز، — دېيىشكىنىچە قوش قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بەللىرىنى يادەك ئېگىشىپ سالام قىلىشتى. ئارقىدىن يەنە ھەممە تەڭ گۇررىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يەرگە باش ئۇرۇشتى. شۇئان يىغا ـ زارە، ماختاش،

تەرىپلەش ئۈنلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ھەممە ئاغزىغا كەلگىنىنى دېمەكتە، بىلگىنىنى قىلماقتا ئىدى. كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ بولمايتتى. شىرئېلىخانمۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ يەرگە باش ئۇردى. يەنە باش ئۇرسا يەنە باش ئۇردى.

ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ خانىنىڭ پۇتىغا سۆيۈش، پېشىنى، قوللىرىنى تۇتۇپ يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتۈۋېلىش ئويى بار ئىدى. لېكىن، ئاردىن ھېچكىم خانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنداق قىلمىغاچقا، ئۇمۇ ئۇنداق قىلمىدى. ھېچكىم قىلمىغان ئىشنى ئۇ قىلسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ يەرگە باش ئۇرۇۋاتقاچ ئۆزى ئويلاپ قويغان گەپلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى:

— زامان زامانى، ھىدايىتۇللاخان پاشانىڭ زامانى... يەتتە ئىقلىمنىڭ سۇلتانى... شانۇشەۋكەتلىك، كەرەملىك شاھىم... سىلىگە نۇسرەت يار بولغاي... ئۆمرىلىرى ئۇزۇن، تەنلىرى ساق بولغاي...

ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى شىرئېلىخانلا ئاڭلىغانىدى. خان تۇگۇل ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئادەملەر ئاڭلىدىمۇ - يوق؟ بىلىپ بولمايتتى. شىرئېلىخان ئاتىسى باش ئۇرسا، باش ئۇردى، باش كۆتۈرسە باش كۆتۈردى. لېكىن ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىمىدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرگە ئاغزىنىڭ ھېچ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىدىغان ئادىتى يوق ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ بىر يېنىدىكى بېشىغا سېۋەتتەك سەللە يۆگىگەن، ئاپپاق ساقاللىق بىرسى يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، بۇرنىدىن پوتلىسىنى ساڭگىلاتقىنىچە قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلماقتا، ئۆز تىلەكلىرىنى تىلىمەكتە ئىدى:

— ... سىلى ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ شاھىم... ھەقتەئالانىڭ يېقىن دوستى، ئاجىز يېتىم - يېسىرلارنىڭ

پاناھى، ئاجىز قۇللىرى سىلىدىن شەپقەت، ئىنايەت تىلەيمەن، خىزمەتلىرىدە بولماقنى ئىستەيمەن. . . ئاھ خۇدا، مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن. . . تىلىگەن تىلەكلىرىمنى مەقبۇل قىلغايسەن. . .

— بولدى ئىجازەت، — دېدى ھىدايىتۇللاخان قول ئىشارىسى قىلىپ، — ھەممىڭلارنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسىڭلار ماڭا تەگدى، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!

باش ئۇرۇۋاتقانلار بېشىنى كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىۋاتقانلار ساقىلىنى سىيپىشىپ، يىغا - زار قىلىشىۋاتقانلار يىغىسىنى توختىتىشىپ جىم بولۇشتى. ھەممىنىڭ نەزەر كۆزى خاننىڭ ئاغزىغا تىكىلىشكەنىدى. شىرئېلخانمۇ بويىنىنى سوزغىنىچە خانغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

ھىدايىتۇللاخان ئوتتۇرا بوي، چاسا يۈز، چارساقال ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ دىقماق تۇرقىدىن بەقۇۋۋەت، ساغلام، تېمەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شاھانە تون، سەللە، قورسىقىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن بەلۋاغلىرى بىلەن تولىمۇ جەلپكار كۆرۈنەتتى. لېكىن، بىر جۈپ دۈگلەك كۆزلىرىدە بولسا بۆركۈتنىڭ كۆزىدىكى قەتئىيلىك، تۈلكىنىڭ كۆزىدىكى مەككارلىق، بۆرىنىڭ كۆزىدىكى شۇملۇق، يولۋاسنىڭ كۆزىدىكى يىرتقۇچلۇق ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەت، ئىخلاس، ئەقىدە، ساداقەت بىلدۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە سۆيۈنۈش بىلەن بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئالتۇن كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇئان مەھرەم يىگىت، يۈزلىرىگە چۈمبەل تارتقان كېنىزەك قىزلار ئۇنىڭ بېشىغا سايىلىق تۇتۇپ، توز پېيىدا ياسالغان يەلپۈگۈچلەرنى يەڭگىل پۇلاڭلىتىپ چۆشۈن قورۇشقا باشلىدى.

— ئى ساداقەتمەن پۇقرالىرىم، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ، — كەمىنە ئاللاتائالانىڭ ۋەھىيسى، رەسۇلۇللانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممىتى، ئاۋام پۇقرانىڭ نىداسى بىلەن زالىم شاھ ـ ۋەزىرلەرنى — يۇرتتىن قوغلاپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەرقايسىلىرى بەيئەت، ئىقتىدارلىرىنى مەنسۇپ ئېتىپ كەلدىلە. ھەرقايسىلىرى ئەل ـ يۇرت، ئاۋام پۇقرانىڭ بېشى. ئەل ـ يۇرتنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، خاندانىمىزنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى ئاشۇرۇشتا ھىممەت، ئەجىرلىرى چەكسىزدۇر. كۆپ دىدار ـ مۇلاقەت بولالمىدۇق. شۇ ۋەجىدىن ھەرقايسىلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن چاي قۇيماقنى، ھەمداستىخان بولماقنى ئىرادە قىلىپ ئالايىتەن كېلىشىم.

— خان خاقانىمىز، كەرەملىك پاشايىمىزنىڭ ھىممىتىگە مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر، — دېيىشتى شۇئان ھەممە بىردەك.

— لېكىن، — دېدى خان گېپىنى ئۇلاپ، — چاي قۇيۇپ ھەمداستىخان بولۇشتىن ئىلگىرى ھەرقايسىلىرى بىلەن بىر ئىشنى كېڭىشىپ دىلنى، تىلنى بىر قىلماق لازىمدۇر.

— سىلى ئاتا، بىز بالا، — دېيىشتى يەنە ھەممە بىردەك، — قۇلىقىمىز سىلىدە.

— ھەببەللى، — دېدى خان تولىمۇ ھىجىيىپ، — ھەممىمىز ئەھلى مۇسۇلمان، شەرىئەتتە بالا ئاتىنىڭ، ئاۋام ـ پۇقرا پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپتۇر. لېكىن ھەرقايسىلىرى بۇنىڭغا چىن ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلالمىدىلا.

— ئالدىلىرىدا بىلىپ ـ بىلمەي گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالغان يېرىمىز بولسا ئەپۇ قىلغايلا خان پاشايىمىز، — دېدى ئارىدىن بىرنەچچە كىشى سۆز قېتىپ، — بەندىنىڭ شەيتىنى يامان، شەھۋەتلىكتىن خالىي بولمىقى تەس، بىلمىدۇق، بىزدىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتتۇلدىكىن؟

— بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىشمىسىلا! — دېدى خان دەررۇ، — يېقىندا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش

پەرمانى چۈشۈرگەنىدىم. بۇ پەرمانىم ھەممە يۇرتقا يوردى. مۇشۇ يۇرتقا كەلگەندە يۇرمەي قالدى. بۇ ھەرقايسىلىرىدىن ئۆتۈلگەن سەۋەنلىك ئەمەسمۇ؟
خاننىڭ كۆزى سوئال نەزەرىدە ئولتۇرغانلارغا تىكىلدى.
— زوۋانگلارنى ئىچىڭلار، بۇ سەۋەنلىك ئەمەسمۇ؟
خان كۆزلىرىنى قىيا تاشتا ئولتۇرغان بۇركۇتنىڭ كۆزىدەك قەھرلىك ئالايتىشقا باشلىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەممە ئىچىگە تىنىشاتتى. ھەممە بۇركۇتنىڭ كۆزىگە چىلىقىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان توشقاندەك باشلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى. كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشاتتى.
يېقىندا بۇ يۇرتتا راستتىنلا بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش گېپى پەيدا بولغانىدى. بۇ گەپنى ئەمىر بەگ مەھكىمىسى ھەرقايسى يۇرت، شەھەر، ئايماق بەگلىرىگە يەتكۈزگەنىدى. ھەممە بازارغا جاكارچى ئەۋەتىپ جاكارلانغانىدى. شۇ چاغدا بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ ياقىلىرىنى تۇتۇشقان، قوللىرىنى چىشلەشكەنىدى. بۇ گەپنى چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، ئەرمۇ ـ ئايالمۇ، بايمۇ ـ نامراتمۇ پەقەت توغرا تاپمىغان، توغرا تاپمىغاچقا ھېچكىممۇ بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىمىگەنىدى. بۇ گەپ كىمنىڭ ئاغزىدىن قەيەردە چىققان بولسا شۇ يەردە قالغانىدى. ئەل ئىچىدە ھېچكىم توغرا تاپمىغان ئىشنى قىلماق شۇنداق تەس ئىدى. شۇنداق تەس ئىشنى قىلىشقا ھېچكىمنىڭمۇ ئامالى يوق ئىدى.
ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مانا ئەمدى شۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشتى. شۇ ئىشنىڭ سورىقى مانا ئەمدى بولىۋاتاتتى.
— بىر ئۆيگە باش بولغان ئادەم بىر ئۆينىڭ غېمىنى يېمەك لازىم، — دېدى خان ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ، — شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەلگە باش بولغان ئادەم شۇ ئەلنىڭ غېمىنى يېمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لازىم. بىر پۇل ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەنسە ئەللىك تەڭگىگە يارىغان بىر ئات يۈز تەڭگىگە يارىدى دېگەن گەپ. مىڭ تەڭگىسى بار ئادەمنىڭ ئىككى مىڭ تەڭگىسى بار دېگەن گەپ. ئاۋام پۇقرانىڭ پۇلى كۆپىيىپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسە نېمىسى يامان؟ بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىگەننىڭ نېمە زىيىنى بار؟

«زىيىنى بار، — دەپ ئويلىدى شىر ئېلىخان بۇ توغرىسىدا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى دەررۇ ئېسىگە ئېلىپ، — بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىسە ئېغىزدا كۆپەيگەن بىلەن يانچۇقتا كۆپىيەمتى؟ بۇ ئونبەش شاپتۇل ئوتتۇز قاق، دېگەندەك گەپ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاۋام پۇقرانى، بۇگۈنى بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلە دەپ، ئەتىسى بىر پۇللۇق ئالۋاڭ - سېلىقنىڭ ئورنىغا ئىككى پۇل بەر، دېگىلى قورغان قىسماقتىن باشقا گەپ ئەمەس».

— زۇۋانىڭلارنى ئېچىڭلار، بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلىگەننىڭ زادى نېمە زىيىنى بار؟ — دەپ تەئەددى بىلەن سورىدى خان.

بۇنىڭ زىيىنىنى ھەممە كۆڭۈللىرىدە ئويلاپ ئولتۇراتتى. لېكىن، خاننىڭ ئالدىدا ئېغىزدىن چىقىرىشقا ھېچكىمنىڭ تىلى بارمايتتى.

كۈن بارغانچە تىكلىنىپ يەر جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ چېكىلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغان خاننىڭ ئۆزىمۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن بىر چۆچەك دوغاپنى غورتۇلدىتىپ پاك - پاكىز ئىچىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرغانلار قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ قويۇشتى.

— قورساقلىرىڭلارمۇ ئاچقاندۇ؟ — دېدى خان ئولتۇرغان-

لارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرماي زۇۋانىڭلارنى ئاچمامسىلەر؟ بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەمسىلەر - يوق؟

ئولتۇرغانلاردىن ھېچبىر ئۈن چىقمىدى. ۋاقىت يەنە ئۆتمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلاردىن يەنە ئۈن چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار قورساقلىرى ئاچسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى قورۇپ گەز باغلاپ كەتسىمۇ چىدايدىغاندەك، ھەممىگە چىداپ ھېچبىر ئۈن چىقارمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاراڭلاردىن كىم بۇ ئىشنى قىلىمەن دېسە شۇنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرىمەن.

يەنە ئۈن چىقمىدى. ئاردىن بىرەرسىنىڭمۇ مەنسىپىنى ئۆستۈرگىسى باردەك كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى، ئاۋام پۇقرا خالىمىغان ئىشنى قىلدۇرماقنىڭ بەكمۇ تەسلىكى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. مەن قىلىمەن دەپ قىلالايدىغانلىقىغا ھېچكىمنىڭمۇ كۆزى يەتمەيتتى. تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايتتى. بۇ ئولتۇرغانلار تۇگۇل كوچىدىكى ساراڭمۇ، دېۋەڭمۇ، دەلدۇشمۇ، كىچىك بالىمۇ بىلىدىغان بىر ھەقىقەت ئىدى. ئولتۇرغانلار مەنسەپى ئۆسمىسىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ياقلاشقا رازىدەك، «كاللىنىمۇ ئۈزۈلمەي، چىشنىمۇ چاقماي» دەپ ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مۇبادا بۇ ئىشنى قىلمىساڭلار ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن.

يەنە ئۈن چىقمىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلار بېشىنىڭ ئېلىنىشىدىنمۇ قورقۇپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىچاقتىن قورقمىغان قېرى كالىدەك باشلىرىنى سىلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

خان بولسا قېرى كالىدىنمۇ ئۆتە پۇشۇلداپ تىنماقتا ئىدى. ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىگە ئوخشاش ئۆز گۆشىنى ئۆزى

يېگودەك ھالغا يەتكەنىدى. ھېلى قوللىرىنى چاينايتتى، ھېلى لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راستتىنلا بۆرىنىڭ كۆزلىرىگە خاس شوملۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بىر توپ ئادەمگە ئەمدى بۆرىدەك بىر ھايۋاننىڭ كۆزىدە ئەمەس، ئادەمنىڭ كۆزىدە نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ ئادەملەرنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇ ئادەملەر بىر قارىسا تولىمۇ ساددا، رايىش كۆرۈنەتتى. بىر قارىسا تولىمۇ جاھىل، تەرسا، بىر قارىسا باغرى پاختىدىن يۇمشاق، بىر قارىسا تاشتىن قاتتىق كۆرۈنەتتى. تېخى ھېلىلا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشقان، زار ـ زار يىغلاشقان، ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلىپ ئالىي تىلەكلەرنى تىلەشكەن ئادەملەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇلار «سىلى ئاتا، بىز بالا» دەپ باش ئېگىپ، قول باغلاپ تۇرۇشقان ئادەملەرگە ھېچ ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى ھېلىمۇ باش ئېگىپ تۇرۇشقىنى بىلەن كۆڭۈللىرىدە باش ئەگدۈرگىلى بولمايدىغان ئورتاق ئوي ـ خىيال باردەك، ھەممىسى تىلى بىلەن دىلىنى بىر قىلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. «قانداق خەقتۇ بۇلار؟» دەپ ئويلىدى خان كۆڭلىدە. بۇ ئوي بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل بېتىدە نۇرغۇن سوراق بەلگىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ بۇ بەلگىلەرنىڭ بىرەرسىگىمۇ جاۋاب تاپالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاسانلىقچە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ «رەقىبلىرى» چاي قويۇپ، نازۇ نېمەتلىك داستىخان سېلىپ كۆڭلىنى ئالغىلى بولىدىغان، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە، مەنسەپكە سېتىۋالغىلى بولىدىغان، ھەيۋە قىلىپ قورقۇتسا قورقۇپ قالىدىغان ئادەملەردەك كۆرۈنمەيتتى.

باشقا يۈرتنىڭ ئادەملىرىگە تازا ئوخشىمايتتى.

— خوتەنلىكنىڭ چىشى ئۇتتۇز ئىككى[1] ئىشەكتەك جاھىل خەق دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى خان زەردە بىلەن، — بەرھەق زال ئىشەكتىن ئۆتە جاھىل خەق ئىكەنسىلەر. لېكىن، مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك جاھىللىق قىلىسىلەركىن، بۇگۈن بىر كۆرۈپ باقاي.

شىرئېلىخان خاننىڭ ھاقارەتلىرىگە ئاچچىقى كەلگەندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە خاننى تىللاۋاتقىنىنى ياكى باشقا بىر ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن، قاڭشىرىدىن، بويۇنلىرىدىن تەر تەپچىرەپ تۇراتتى. لەۋلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنىدى.

— خوتەننىڭ ئەمىر بېگى! — دەپ چاقىردى خان يەنە بىر چۆچەك دۇغاپنى كالىدەك غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ساقال - بۇرۇتىنى سۈرتكىنىچە.

— خوش خان پاشايىم، — دېگىنىچە توپنىڭ ئالدىدىن بىرسى ئۆرە تۇردى.

شۇئان ھەممىنىڭ نەزەر كۆزى خوتەننىڭ ئەمىر بېگىگە چۈشتى. ئەمىر بەگ تۆگە بوي، مىس چىراي، بۇقا گەدەن ئادەم ئىدى. شىرئېلىخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويغىنىچە «خان ئەمدى ئۇنى نېمە دەركىن؟ قانداق قىلاركىن؟» دېگەنلەرنى ئويلاشقا باشلىدى.

— سىلى خوتەننىڭ ئەمىر بېگى تۇرۇپ خوتەنلىكلەرنى گەپكە كىرگۈزەلمەپلا، بۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن سىلى ئۆلۈمگە لايىق، — دېدى خان ئەمىر بەگكە مىختەك قادىلىپ.

---

① خوتەندىكى قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى، دېگەن تەمسىل قەدىمدىن مەشھۇر.

— شۇنداق، — دېدى ئەمىر بەگ بېشىنى سالغىنىچە، — گۇناھىمغا ئىقرارمەن.

— خوتەنلىكلەرگە بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش ئىشىنى قىلدۇرالىسىلا مەن گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىمەن، — دېدى خان، — بۇ ئىشنى قىلدۇرالاملا؟

— مۇشۇ ئىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىش بولسا قىلدۇرالايمەن، خان پاشايىم، — دېدى ئەمىر بەگ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — بۇ ئىشنى قىلدۇرۇشقا مەن ئاجىز كەلگۈدەكمەن.

— نېمىشقا؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى خان.

— بۇ ئىشنى ھېچكىم قوبۇل كۆرمەيدىكەن. ئەل رايىغا باققاننىڭ يامىنى يوق.

— باشقا يۇرت قوبۇل كۆرسە، بۇ يۇرت نېمىشقا قوبۇل كۆرمەيدىكەن؟

— باشقا يۇرت دېگەن باشقا يۇرت، بۇ يۇرت دېگەن بۇ يۇرت، خان پاشايىم.

— سېنىڭ مەن بىلەن زۇكۇنلاشقىلى جېنىڭ نەچچە؟ — دەپ سەنلىگىنىچە ئەمىر بەگنىڭ ئالدىغا قوللىرىنى شىلتىپ، چالۋاقاپ كەلدى خان.

ئەمىر بەگنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەشكە باشلىدى.

— خا . . . خان پاشايىم بىلەن زۇكۇنلاشقىلى ھەددىم ئەمەس، — دېدى ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە، — مە . . . مەن كۆڭلۈمدە بارنى دېدىم.

— بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەمسەن - خەجلىمەمسەن؟

— خە . . . خەجلىيەلمەيمەن، خان پاشايىم.

— نېمىشقا خەجلىيەلمەيسەن؟

— بىر پۇل دېگەن بىر پۇل، ئىككى پۇل دېگەن ئىككى

پۇل تۇرسا، بىرنى ئىككى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.
— نېمىشقا تىلىڭ بارمايدۇ؟ — تېخىمۇ چالۋاقاشقا باشلىدى خان.
— مەن مۇشۇ يېشىمغىچە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققان بەندە ئەمەسمەن. مېنى يالغان ئېيتىشقا مەجبۇرلىمىسىلا، بىرنى بىر دېگۈلۈك.
— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟
— بىر... نى... بىر دېگۈلۈك.
خاننىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. بۇنى كۆرۈپ ئەمىر بەگنىڭ پۇت ـ قولى تېخىمۇ جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.
— جېنىڭغا تويامسەن، مۇشۇ گېپىڭگىمۇ؟ — قەھرىلىك ۋارقىرىدى خان.
ئەمىر بەگنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ تىترەپ، يىغلاپ تۇرغىنىچە سۆزلىدى:
— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۈزۈلۈپ تىترەپ چىقتى.
— قىزىل تون، — دەپ ۋارقىرىدى خان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.
قىزىل تون قەتلىئام قىلىشنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇنى ھەممە بىلەتتى. خاننىڭ «قىزىل تون» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر بىردىنلا ئۈپۈر ـ تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى. قاراپ تۇرغان چېرىكلەر قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشتى. ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن يېتىشماي چىقىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر توپ چېرىك ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى. ئەمىر بەگنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. خاننىڭ مەھرەم يىگىتلىرى بىر قىزىل توننى ئېلىپ كېلىپ خاننىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇشتى. خاننىڭ كۆزىگە

ئەمدى ئۇستىدىكى تونىنىڭ رەڭگىدىنمۇ ئۆتە قىزىللىق تىقىلغانىدى.

— بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى خان ئالتۇن كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىچە.

ئەمىر بەگ شۇئان تۇپتىن سۆرەپ چىقىرىلىپ كاللىسى كۆتەككە بېسىلدى - دە، بىر قىلىچ بىلەنلا كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن شىر ئېلىخانىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى. ئىمىن بەگ ھاجىم «قورقماڭ، بالام» دېگەندەك ئۇنىڭ بېشىنى قولتۇقلاپ، كۆزىنى توسۇۋالدى. ئۇ شۇنداق قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئوغلىدىنمۇ ئۆتە قورقۇپ پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترىمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلار يىغا - زارە قىلىشقىنىچە ئۆرنىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. ئاياللار چىرقىراپ، ئەرلەر ۋارقىراپ قاچماقچى بولۇشتى. لېكىن، ئۇلارنى سانجاق - سانجاق چېرىكلەر توشۇپ تۇرۇشاتتى. دەرۋازا ئاللىبۇرۇن تاقىۋېتىلگەنىدى. ھېچكىم قاچاي دەپ قاچالمىدى.

— جاھىللىق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى خان چىرايىنى - - - ى سەتلەشتۈرۈپ سوغ ھىجايغىنىچە، — خوتەننىڭ ئەلەم ئاخۇنۇمى!

شۇئان تۇپتىن يەنە بىرسى سۆرەپ چىقىرىلىپ، خاننىڭ ئالدىغا ئېلىنىپ بېرىلدى. ئۇنىڭمۇ پۇت - قوللىرى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆچكىدەك جالاقلاپ تىترەشكە باشلىغانىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ سورىدى خان ئۇنىمۇ سەنلەپ.

— مە. . . مەن. . . مۇشۇ يېشىمغىچە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققان بەندە ئەمەسمەن، خان پاشايىم، — دېدى ئۇمۇ يىغلامسىرىغىنىچە، — بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭمۇ بېشى كۆتەكتىن تاۋۇزدەك

دۆمۆلاپ چۈشتى. يەنە بىرەيلەن سۆرەپ چىقىرىلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — دېدى ئۆمۆ قورقىنىدىن تىترەپ.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى. يەنە بىرەيلەن سۆرەپ چىقىرىلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يەنە بىر باش تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.

بۇژۇلداپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلار ئېقىن سۇدەك يەرگە يېيىلىشقا باشلىدى. قانغا مىلەنگەن تەنسىز باشلار، سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇپ قويۇلغان باشسىز تەنلەر بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. قان ئىچىدىن ئاللىقانداق جۈپ ـ جۈپ كۆزلەر چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەر بۇ رەزىللىككە مەڭگۈلۈك نەپرەت بىلەن ئالىيىپ قاراپ ئەسلا يۇمۇلمايدىغاندەك، قول بىلەنمۇ يۇمدۇرغىلى بولمايدىغاندەك قېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇ كۆزلەر تولىمۇ قەھرىلىك، قورقۇنچلۇق ئىدى. قارىغان ئادەمنى ۋەھىمە باساتتى. خان ئاشۇ كۆزلەرنى چۈشۈدىمۇ كۆرمىگەندەك شۇنچە بەخىرامان كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا بىر ئادەمنىڭ جېنى بىر قوينىڭ، بىر توخۇنىڭ، بىر قۇشقاچنىڭ جېنىچىلىكمۇ بىلىنمىگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ زەڭگى چىراي، قارا ساقال جاللاتلىرىمۇ ئىگىسىگە ئوخشاشلا ھەر بىر كاللىنى چاپقاندا

كۆزىنى مىت قىلىپ قويمايتتى. ئالىقىنىغا توكۇرۇپ، ئېغىر قىلىچىنى زەرب بىلەن ئۇراتتى. ئۇلار نان يەپ، سۇ ئىچىدىغان ئادەم ئەمەس، يۈرىكى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بەتبەشىرە مەخلۇقتەك كۆرۈنەتتى.

يىغا - زارە، داد - پەرياد چېكىگە يەتكەنىدى. كىملەردۇر ھوشىدىن كېتىپ ئۆزگىلەرنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى. بىر ئىككىقات ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىپ، بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمى قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. شىرئېلىخاننىڭ بىر يېنىدا ئولتۇرغان، بېشىغا سېۋەتتەك سەللە يۆگىگەن، ئاق ساقاللىق بوۋاي ئىشتىنىغا سىيىپ سالغىنىنىمۇ تۇيماي جالاقلاپ تىترىگىنىچە دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى. نىھايەت ئۇمۇ سۆرەپ چىقىرىلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — دېدى ئۇمۇ شۇنچە قورقۇپ تۇرسىمۇ كۆتەككە باش قويۇۋېتىپ.

— چاپ!

شۇئان بۇ بىچارە بوۋاينىڭ بېشىمۇ كۆتەكتىن تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشتى.

شىرئېلىخان ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قانغا مىلەنگەن باشلارغا، باشسىز تەنلەرگە قاراپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك، بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە قېتىم قۇسقۇسى كېلىپ «ھۆ» دېدىيۇ، لېكىن گېلىدىن بىر نەرسە يانمىدى. ئۇ كۆڭلىدە «خاننىڭ چېپىغا داخىل بولۇش» ئۈچۈن كەلگىنىگە مىڭ قېتىملاپ پۇشايمان قىلغانىدى. ئىمىن بەگ ھاجىم جالاقلاپ تىترىگىنىچە دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزى دۇرۇتقىمۇ تازا كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ كۆڭلىدە ئاغزىدىن سۈت تەمى كەتمىگەن بىر بالىنى بۇنداق يەرگە بىرگە ئېلىپ كەلگىنىگە كۆرمىڭ قېتىملاپ پۇشايمان قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى

يېگۈدەك ھالغا يەتكەنىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

يەنە بىر باش كۆتەكتىن دومىلاپ چۈشتى. جاللاتلارنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەنىدى. ئۇلارغا ھارغىنلىق يەتكەن، قوللىرىدىكى قىلىچلار گاللىشىپ قالغانىدى. ھېرىپ قالغان جاللات، گاللىشىپ قالغان قىلىچلار ئالماشتۇرۇلدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟

— بىرنى بىر دېگۈلۈك.

— چاپ!

— غەزەپلىرىگە ھاي بەرسىلە خان پاشايىم... خۇدا ھەققىدە رەھىم قىلسىلا...— دېيىشكىنىچە يىلىنماقتا ئىدى. خان بولسا، بىرنى ئىككى دېگۈزمىگىچە پەيلىدىن ياندىغاندەك، جاللاتلار قىلىچلىرىنى يىغىشتۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاردىكى سالاپەتلىك مويسىپىتلەر بارغانچە ئازلاپ قالغان، ئىمىن بەگ ھاجىم، شىرئېلىخانلارنىڭ ئەتراپىمۇ خىلىلا شالاڭلاپ كەتكەنىدى.

— مەندىن رازى بولۇڭ بالام،— دېدى ئىمىن بەگ ھاجىم يىغلامسىرىغىنىچە شىرئېلىخاننىڭ بېشىنى سىلاۋېتىپ،— ئۆيدىكىلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مەندىن رازى بولسۇن، مەنمۇ ھەممىڭلاردىن رازى. پېشانەمگە پۈتۈلگەن كۈن مۇشۇ ئوخشايدۇ، پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئامال يوق. مەيلى ياخشى بولاي، مەيلى ئەسكى بولاي، ئۆمرۈمدە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققىنىم ئېسىمدە يوق. سىزگىمۇ شۇنداق پەندى ـ نەسىھەت قىلاتتىم. ئۆمرۈمدە ئېيتىپ باقمىغان يالغان گەپنى بۈگۈن ئېيتىپ نېمە كۈن كۆرەرمەن. مەدرىسىدە ياخشى ئوقۇدۇڭ، مەدرىسىگە ئازراق ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەرگۈم بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. خۇدا نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ، مەدرىسىدىكى مۇددەرىس ئاخۇنۇم، پېقىر باللار گۇناھىمنى ئەپۇ قىلسۇن. چوڭ بولغاندا مەنسەپ كوچىسىغا ھەرگىز كىرىپ قالماڭ. ھەكىم بولغىڭىز بار ئىدى. ئالدىڭىزنى توسقان ئىكەنمەن. ھەكىم بولسىڭىز مەن رازى، بالام، روھىممۇ خۇش بولىدۇ. ھەكىم بولسىڭىز مېنىڭدەك كۈنگە قالمايسىز. . .

ئىمىن بەگ ھاجىم يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنى ۋەسىيەت قىلىۋېتىپ بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. شىرئېلىخانمۇ ئۆزىنى ھېچ باسالماي ئاتىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە تارام - تارام ياش تۆكتى. شۇ تاپ بۇ ئاتا - بالىنىڭ بىر - بىرىدىن ئەسلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، جۇدالىق نۆۋىتى قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى.

ئىمىن بەگ ھاجىم قۇياشنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي، دېگەندەك ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان بېتى ئۇنىڭ كۆڭلىدەكلا بۇزۇلغانىدى. ئەتىگەندىن بېرى ھارارەت چېچىپ تۇرغان قۇياش ئەمدى توپا - تۇمانغا كۆمۈلگەن تەخسىنىڭ يۈزىدەك بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى شامال ئارىلاش بۇخسۇۋاتقان چاڭ - توزان توسقانىدى. ئۇ خۇددى تاۋۇزدەك دومىلاۋاتقان ئادەم كاللىسىغا، ئېقىن سۇدەك يېپىلىپ ئېقىۋاتقان ئادەم قېنىغا قاراشقا ھېچ تاقەت قىلالماي يۇمۇلىۋالغان كۆزلەرگە ئوخشايتتى. قىبلە تەرەپتىن قارا بوران قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ يەنە قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا دورغا، چاپارمەنلىرى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئېسەدىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۇلار بىلەنمۇ رازىلىشىۋالدى. قويىنىدا بار تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شىرئېلىخاننىڭ قولىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ ئاللىقانداق ئىشلارنى جېكىلىدى.

— بىرنى ٴبىككى دەمەسەن - دەمەمەسەن؟
— بىرنى بىر دەگۇلۇك.
— چاپ!
يەنە بىر كاللا كۆتەكتەن تاۋۇزدەك دومالاپ چۇشتى.
— نەچچە كاللا چىپپىلىپ بولدى؟ — دەپ سورىدى خان بىر دۆۋە تاۋۇزدەك كاللىلارغا، ساينىڭ تەشىدەك يېتىشقان كاللىسىز جەسەتلەرگە نەزەر سېلىۋېتىپ.
— بىر كەم قىرىق كاللا، — دەپ جاۋاب بەردى. چاتلىرىنى كېرىپ، مەغرۇر تۇرغان مۇز تەلەت جاللات بېشى.
— بىر كەم قىرىق كاللا؟ — دەپ تەكرارلىغىنىچە تۆۋەندىكىلەرگە كۆز يۇگۇرتۇشكە باشلىدى خان.
ٴىمىن بەگ هاجىم خاننىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماي، دېگەندەك بېشىنى سېلىپ ٴارقىسىغا ٴازراق يۇرۇشۇپ قويدى. لېكىن، خاننىڭ كۆزى دەل ٴۇنىڭغا تىكىلىپ بولغانىدى. ٴۇ شۇٴان توپتىن سۆرەپ چىقىلدى. سۆرەپ ٴېلىپ مېڭىلغاندا ٴۇنىڭ پۇت - قولى، پۇتۇن ٴەزايى قارا بوران سوققان قارانچۇقتەك تىترەپ كەتتى. شىر ٴېلىخان ٴۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ٴاتىسىنىڭ قوللىرىغا، پەشلىرىگە، پۇتلىرىغا ٴېسىلىپ، سۆرىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. كۇچلۇك قوللار ٴۇنى تارتىپ ٴىتتىرىۋەتتى. ٴۇنى ٴىمىن بەگ هاجىمنىڭ ٴادەملىرى ٴارىغا ٴېلىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. كۆزنى يۇمۇپ ٴاچقۇچە ٴىمىن بەگ هاجىمنىڭ كاللىسى كۆتەككە بېسىلىپ بولدى.
— بىرنى ٴبىككى دەمەسەن - دەمەمەسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى خان.
ٴىمىن بەگ هاجىم قان ساقىپ تۇرغان كۆتەككە باش قويۇش بىلەن تەڭ تەقدىرگە تەن بەرگەندەك كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ٴۇ ساقىلىنى دىر - دىر تىترىتىپ، چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مېنى يالغان گەپ قىلىشقا زورلىمىغان بولسىلا خا. . . خان پاشايىم، — دېدى ئۆتۈنگەندەك قىلىپ.

— بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن زادى؟ — دەپ يەنە ۋارقىرىدى خان تېرىكەككەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ.

— مە. . . مەيلى ياخشى بولاي، مەيلى يامان بولاي، مۇشۇ يېشىمغىچە بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ باققىنىم يادىمدا يوق، — دېدى ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچماي، — بىرنى بىر دېگۈلۈك، خان پاشايىم.

— چاپ!

بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ شىر ئېلىخان چىرقىراپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ قىلىچنى كۆتۈرۈۋاتقان جاللاتنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ تۇرغانلار ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ئاجراپ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قېلىشتى. شىر ئېلىخان ھەممىنىڭ كۆزىگە مۆجىزىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ جاللاتنىڭ بىلىكىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى كۈچەپ سىلكىشكە، ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇشقا باشلىدى. جاللاتنىڭ قولىدىكى قىلىچ داراڭشىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىرنەچچە چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىشكىنىچە شىر ئېلىخانغا چاڭ سېلىشتى. شۇئان ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆرە تۇرغانلار تەۋرىنىشى، ئەتراپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى.

شىر ئېلىخان بىردەمدىلا نۇرغۇن قوللارنىڭ ئارىسىدا قەپەسكە سولانغان قۇشقا ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا قايرىلغان قوللىرىنى، ئىككى مۈرىسىنى، گەجگىسىنى كۈچلۈك قوللار ئامبۇردەك قىسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يۇلقۇنغۇدەك، تېپىچەكلىگۈدەكمۇ ئامال قالمىغانىدى. ئارىدىكى پاتپاراقچىلىقمۇ شۇئان بېسىقتى. شىر ئېلىخان بىلىكىنى چىشلىۋالغان جاللات ئاغرىققا چىدىماي تېخىچە ئىڭرايتتى. ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ كاللىسى كۆتەككە بېسىقلىق پېتى تۇراتتى. ھەممىنىڭ دېمى

ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن، كۆزلىرى شىر ئېلىخانغا قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى. ھەممىنىڭ چىرايىدا گۈل دېسە گۈل، كۈن دېسە كۈن، ئاي دېسە ئاي دېگۈدەك چىرايلىق بالىـــكەنغۇ بۇ، خۇدايا تۇۋا، ئادەمنىڭ قورسىقىدىنمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بالا تۇغۇلىدىكىنا؟ دېگەندەك ھەيرانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتـى. كىملەردۇر ئەمدى بۇ بالا نېمە كۈن كۆرەر؟ جېنىغا تۇشلۇق بولۇپ كۈننىڭ سىرتقىنى كۆرسە بولماسمىـــدى؟ دېگەندەك خورسىنىپ قويۇشماقتا ئىدى. ئارىدىن يەنە كىملەدۇر:

— «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىـــن قورقماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش قىلدىغۇ بۇ بالا، ھەي ئىسىت. . . ھەي ئىسىت، — دەپ پىچىرلىشىپ قويۇشتى.

خان قولىنى ئـارقىسىغـا تـۇتقىنىچـە شىر ئېلىخـاننىڭ ئالدى - كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ چىرايى، تەققى - تۇرقىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ ئۆزگىچە، جەلبكار بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتـى. ئوغۇل - قىزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنۇ بالىدەك كېلىشكەن بىرەرسى باردەك ئەمەس ئىدى.

— بـاركاللا، — دېدى خـان بىر پـەستىن كېيىن سوغ ھىجىيىپ، — ئۆزۈڭ چۈمۈلىدەك بولغىنىڭ بىـلەن ئاتاڭغا تارتمىشىنى بىلىدىكەنسەن. بالا دېگەن شۇنداق بولغۇلۇق. نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ئۈچ ياشقا، — دەپ جاۋاب بەردى شىر ئېلىخان تەمكىنلىك بىلەن.

— نېمە ئىش قىلىدىغان بالىسەن؟

— مەدرىسىدە ئوقۇيمەن.

— مەدرىسىدە ئوقۇيمەن - دە؟ — دېدى خان تەكرارلاپ، — شەرىئەتتە نەچچە ئەمەل بار، بىلەمسەن؟

— تۆت ئەمەل بار، خان پاشايىم، — دېدى شىر ئېلىخان

يەنە دەررۇ، ـــ پەرىز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ.
ـــ ھەببەللى، ـــ دېدى خان بېشىنى سىلكىپ، ـــ ياخشى ئوقۇپسەن، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق قايسى ئەمەل جۈملىسىگە كىرىدۇ؟
ـــ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپتۇر.
ـــ خوش، ـــ دېدى خان خېلى سالماقلىشىپ، ـــ سېنىڭ ئاتاڭ بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي ئاسىي گۇناھكار بولدى. ئاسىي گۇناھكار ئاتاڭغا تارتىشىپ بېشىڭنىڭ كېتىشىدىن قورقماسەن؟
ـــ قورقىمەن، ـــ دېدى شىر ئېلىخان، ـــ ئاتامدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن تېخىمۇ قورقىمەن. مېنىڭ ئاتام ئاسىي گۇناھكار ئەمەس، ئۇ راست گەپ قىلدى.
ـــ قورقساڭ بىرنى ئىككى دەپ بەر! ـــ دەپ بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈردى خان، ـــ بىرنى ئىككى دەپ بەرسەڭ ئاتا ـ بالا ئىككىڭنىڭ بېشىنى ئامان قويىمەن.
شىر ئېلىخان نېمىلەرنىدۇ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. قاراپ تۇرۇشقانلار نېمە دەيدىكىن؟ دېگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپلا قېلىشقانىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. قىبلە تەرەپتىن قارا بوران قەدەممۇ قەدەم تۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.
ـــ بىرنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟ تېز بول! ـــ ئالدىرىتىشقا باشلىدى خان.
ـــ دەي، ـــ دېدى شىر ئېلىخان ئېغىز ئېچىپ، ـــ مەن دەي، لېكىن سىلى ئاۋۋال بىر گەپكە جاۋاب بەرسىلە، ئاندىن مەن دەي.
ـــ نېمە گەپ؟ ـــ دەپ سورىدى خان توڭلۇق بىلەن.
ـــ سىلى بىزنى ياراتقان خۇدا، ئاسماندىكى قۇياش، ئاي، سىلىنى تاپقان دادىلىرى، تۇغقان ئانىلىرى زادى نەچچە بىرمۇ ـ ئىككىمۇ؟ بۇلارنى ئىككى دەپ بەرسىلە مەنمۇ بىرنى ئىككى دەپ بېرەي، بولمىسا بىر دېگەن بىر، بىرنى بىر،

ئىككىنى ئىككى دېگۈلۈك.

— نېمە؟ ئاغزىڭدىن نېمە چىقتى سېنىڭ؟ ھۇ تېجىمەل شۇمتەك، جاھىل ئېشەكنىڭ تەخىيى!

خان شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە شىر ئېلىخانىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتتى - دە، ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ زەرب بىلەن بىر نەچچە تەستەك سېلىۋەتتى. شىر ئېلىخانىنىڭ ئاغزى - بۇرنى شۇئان قانغا بويالدى.

خان كۈچلۈك رەقىبىگە دۈچ كەلگەن، رەقىبىنى يېڭەلمەي تازا جېلى بولغان يولۋاستەك پۇشۇلداشقا، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەپرايى تازا ئۆرلىگەنىدى. ئەپتىدىن شىر ئېلىخاننى چايناپ پۈركۈۋەتسىمۇ ئاچچىقى چىقمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ راستىنلا يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ ئۆزى بولغانىدى. شىر ئېلىخانىنىڭ يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدىكى بىچارە قوزىدىن ھېچ پەرقى قالمىغانىدى.

— بىرنى ئىككى دەمسەن - دېمەمسەن زادى؟ — دېگىنىچە قارا بورانىنىڭ گۈركىرىشى بىلەن تەڭ گۈركىرەپ يېقىنلاپ كەلدى خان.

— بىرنى بىر دېگۈلۈك، — دېدى شىر ئېلىخان بېشىنى تىك تۇتقىنىچە خانغا مەڭسىتمىگەندەك قاراپ.

— چاپ! — دەپ قەھرىلىك ۋارقىرىدى خان قولىنى شىلتىپ، — بۇنداق تېجىمەل، ساقال تاغىقىنىڭ تىرىك قالغىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل!

قاراپ تۇرۇشقان كۆزلەر كۈتۈلمىگەن بىر ئىشنى كۆرۈۋاتقاندەك چەكچىيىپلا كېتىشتى. جىيەكلەر جامدەك، چۆچەكتەك كېرىلىپ، قارىچۇقلار چاچراپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئاشۇ كۆزلەر گۈل دېسە گۈل، كۈن دېسە كۈن، ئاي دېسە ئاي دېگۈدەك چىرايى بار، ھەممىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قورقماي قىلالىغان مۇشۇنداق بىر بالىنىڭ پاجىئەسىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈشنى ھېچ خالىمىغاندەك، خالىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەرنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ، چوڭنىڭمۇ، كىچىكنىڭمۇ، بەگنىڭمۇ، چاكارنىڭمۇ، ھەممىنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا قەدەممۇ قەدەم ئالدىغا سۈرۈلۈپ، قارا بوران بىلەن تەڭ قاپساپ قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. دەرۋازا سىرتىدىن ۋارقىراپ - جارقىراشلار، قىلىچ - قالقانلارنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى، دەپ پىچىرلىغاندەك قىلىۋىدى، بۇ گەپ شۇئانلا ھەممىنىڭ ئاغزىغا كۆچتى. ھەممەيلەن شۇ گەپنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

— بالام نارەسىدە. . . يالغۇز ئوغۇل. . . رەھىم قىلسىلا. . . مەن بېشىمغا رازى. . .

ئىمىن بەگ ھاجىم يىغلامسىرىغىنىچە شۇنداق دەپ ئۈتۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى كۆتەك ئاستىدىن - يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى تېخىچە كۆتەككە بېسىپ تۇرغان ئىككى جاللات ئۇنى يۇمىلىتىپ ئىتتىرىۋەتكىنىچە شىرئېلىخاننى تارتىپ كېلىپ كۆتەككە بېسىشتى. شۇئان بىر جاللات قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. قىلىچ كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلار جاللاتقا ئۆزلىرىنى ئاتتى. شۇئان ئەمىر بەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۆرۈلۈپ، ئەتراپنى بىردىنلا قارا بوران باستى.

## 5

بوۋامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە مېنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىپ، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئارقامدىن بىرسى ماڭا قىلىچ كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىپ دەررۇ

بېشىمنى كۆتۈرەتتىم. كۆزۈمگە يەنە پارلاپ تۇرغان ئاي، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنۈشكە باشلايتتى.
بوۋام ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان چايدىن ئازراق ئۇتلاپ قويۇپ ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى يەنە سۆزلەشكە باشلايدىغان. بوۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە خوتەنلىكلەر بىلەن ھىدايىتۇللاخاننىڭ ئادەملىرى شۇ چاغدا بىر - بىرىنى قوچاقلىشىپ خېلى ئۇرۇشۇپ كەتكەنمىش. بوراندا كىملەرنىڭ يىقىلىپ، كىملەرنىڭ دەسسىلىپ، كىملەرنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېچ بىلگىلى بولمىغانمىش. شۇ قېتىمقى قارا بوران كېچە يورۇغىچە توختىمىغانمىش. ھىدايىتۇللاخان بىرمۇ خوتەنلىكنى بىرنى ئىككى دېگۈزەلمەي ئاخىر ئۇنىڭغا «چاشقان تۆشۈكى ساراي» بولغانمىش. ئۇ كېچە يورۇپ بوران توختاپ بولغۇچە ئەمىر بەگ مەھكىمىسىدىكى ئالتۇن - كۆمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنمىش. شۇ چاغدا ئۇ قېچىپ كەتمىگەن بولسا قىيما - چىيما بولۇپ كېتەركەنمىش. لېكىن ئۇنى خۇدانىڭ ئۆزى جازالىغانمىش. شۇ كېچىسى بوراندا ئۇنىڭ ئادەملىرى ئېزىقىپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەنمىش. خوتەن بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى سايدا ئۇنىڭ دۈبۈلغا - ساۋۇتلۇق، قىلىچ - قالقانلىق نۇرغۇن ئادەملىرىنىڭ ئۆلۈكى قالغانمىش. ئۇ ئاخىرىدا ئۆزى تاپىنىنى يالىغان جۇڭغار خاننىڭ قولىدا ئۆلگەنمىش.
شۇ قېتىمقى قارا بوران بەك قاتتىق چىققانمىشكى: يەر يۈزىگە نەچچە غېرىچ توپا - تۇمان قونغانمىش. ئۆلگەنلەرنى تونۇماقمۇ بىر گەپ بولغانمىش. بىرسىنىڭ تېنى بىلەن يەنە بىرسىنىڭ كاللىسى ئالمىشىپ كېتىپ دەپنە قىلىنغان ئەھۋالمۇ بولغانمىش. لېكىن، ئىمىن بەگ ھاجىم نەچچە كۈن ئىزدەپمۇ شىرئېلىخاننىڭ يا تېنىنى، يا كاللىسىنى تاپالمىغانمىش. ئىمىن بەگ ھاجىمنىڭ ئايۋان - سارىيىدا، شىرئېلىخان ئوقۇغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەدرىسىدە بىر نەچچە كۈن هازا بولغانمىش. مەدرىسە ئالدىدىكى كۆل بويىدا بىرنەچچە نەزىر قازانلىرى ئېسىلغانمىش. شىرئېلىخاننىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ دەردىدە زار يىغلاپ هەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەنمىش. ئىمىن بەگ هاجىم مال ـ دۇنياسىنىڭ هەممىسىنى سەرپ قىلىپ شىرئېلىخان ئوقۇغان مەدرىسىنى يېڭىلاپ سېلىپ بەرگەنمىش. مەدرىسىگە يەنە بىرنەچچە يەردىكى بېغىنى، بىرمۇنچە يېرىنى ۋەخپە[1] قىلىۋەتكەنمىش. ئۇ يەنە يۇرت ـ يۇرتقا كۆل كولىتىپ، كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، يەر سېتىۋېلىپ مازار بىنا قىلدۇرغانمىش. مۇشۇ يۇرتتىكى «غوجام كۆل، بەگ ئۆستىڭى، خان ئېرىق، هاجىم كۆۋرۈكى، يالغۇز ئوغۇل پادىشاهىم، غوجا پاقلانخان مازىرى. . . دېگەنلەرنىڭ هەممىسى ئەسلىدە ئىمىن بەگ هاجىم ئوغلى شىرئېلىخاننىڭ روهىغا ئاتاپ قىلغان ئىشلاردىن قالغان نامىمىش.

بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، شىرئېلىخاننى شۇ چاغدا «ئۆلگەن» دېگۈچىلەرمۇ، «ئۆلمىگەن، ئۆلگەن بولسا يا تېنى، يا كاللىسى تېپىلماسمىدى؟» دېگۈچىلەرمۇ بولغانىكەن. لېكىن، بوۋام بولسا ئۇنى خوتەندە هازىرغىچە هايات ياشاپ يۈرۈۋاتقاندەكلا ئويلارمىش. ئۇنىڭ چىرايى گەپ ـ سۆزى، پەزىلىتى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاپ قالارمىش. ئاشۇ ئوخشاپ قالىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنىڭ بارلىقى ئېنىقمىش. ئۇ بوۋامغا: «بىرنى بىر دېگۈلۈك، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ يالغان ئېيتمىغۇلۇق» دېگىنىچە كىشىلەرنى راستچىللىققا ئۈندەپ يۈرۈۋاتقاندەكلا بىلىنەرمىش.

بوۋام هېكايىسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن

---

① ۋەخپە — ئىگىدارچىلىق قىلىش قانۇنىي هوقۇقىنى مەسچىت ياكى مەدرىسكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

ماڭىمۇ راست گەپ قىلىپ ياشاش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدىغان. نىھايەت، ئاشۇ بوۋامنىڭمۇ بۇ ئالەمدىن كەتكىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى. مانا ئەمدى مەنمۇ بىر بوۋاي بولۇپ قالدىم. بوۋام ماڭا، بوۋامغىمۇ ئۇنىڭ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھېكايىنى بۈگۈن مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. نەسىھىتىمگە قۇلاق سېلىڭلار، بالىلىرىم، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم، دىلى بىلەن تىلى باشقا، يالغانچى ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ سىلەر راست گەپ قىلىپ ئادەمدەك ياشاڭلار. بىرنى بىر دەڭلار!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# خۇمار

ئۇيلاپ باقسام جاھاندا بىرەر ئىشقا خۇمار بولۇپ قالمىغان ئادەم يوقتەك قىلىدۇ. بىرسىنىڭ تاماكا خۇمارى بولسا، يەنە بىرسىنىڭ ھاراق خۇمارى بولىدۇ. بىرسىنىڭ كىتاب خۇمارى بولسا، يەنە بىرسىنىڭ ئاچچىقسۇ ياكى قىزىلمۇچقا خۇمارى بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ مەنسەپ خۇمارى بولسا، بەزىلەرنىڭ ئۆيدە خوتۇن، بالىسى بار تۇرۇپ سىرتتا قىز - چوكانلارغا قاش ئاتىدىغان خۇمارى بولىدۇ. . . جاھاندا بۇنداق ئىشلارنى ئاز دەمسىز؟ ئادەم دېگەن ئۆلمىسە كۈندە ھەر قىسما ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان گەپكەن. مەن باشقىلارنى يىغلىتىپ ئۆزى سۆيۈنۈپ كۈلۈشكە، بىرىنى بىرىگە چېقىشقا، ئۆزگىلەرنى ئورىغا ئىتتىرىۋېتىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا خۇمار بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنىمۇ تولا ئاڭلىغان. خۇمار دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ بىر ئىشقا ئادەتلىنىپ قالغاندەك پىسخىك ھالەتمۇ؟ راست گەپنى قىلسام، بۇ ھەقتە مەن تازا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ خۇمار دېگەننى شۇنداقراق بىر ئىشمىكىن دېگۈم كېلىدۇ.

ئۆزۈمنى ئالسام، مەن كىتاب خۇمارىمۇ بار، تاماكا خۇمارىمۇ بار بىر ئادەم. كۆڭلۈمگە بىر ئىش تەسىر قىلغان ھامان قەلەم - قەغەزنى قولۇمغا ئېلىپ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ كېتىدىغان خۇمارىممۇ بار تېخى. بۇنى رەسمىي خۇمار دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئالدىنقى ئىككىسىگە مەن راستتىنلا خۇمار. باشقىلار ئىككى كۈندە بىر قاپ تاماكا چەكسە، مەن بىر كۈندە

ئىككى قاپ تاماكا چېكىۋېتىمەن. خۇشال بولساممۇ چېكىمەن، ئاچچىقلانساممۇ چېكىمەن، خىيال سۈرسەممۇ چېكىمەن. ئۇخلاشتىن بۇرۇنمۇ چېكىمەن، ئويغىنىپ قوپقاندىمۇ چېكىمەن. سالامەتلىكىمنى ئويلاپ تاماكىنى نەچچە قېتىم تاشلىۋەتمەكچى بولدۇميۇ، يەنە تاشلىيالمىدىم. خۇمار بولۇپ قالغان ئىشتىن قول ئۈزمەك راستتىنلا تەس ئوخشايدۇ. كىتاب خۇمارىمغا كەلسەك، ھەر ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىرەر - يېرىم سائەت كىتاب ئوقۇمىسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. بىكار قالغان چاغلىرىمدا بىرەر كىتابنى ئېچىپ ئوقۇپ قويمىسام ئۆزۈمنى زېرىكىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. باشقىلارنىڭ قولىدىكى بىرەر يېڭى كىتاب - ژۇرنالغا كۆزۈم چۈشكەن ھامان قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈپ باقمىغۇچە كۆڭلۈم تىنمايدۇ. پۇلغا پايلىماي كىتاب ئالمىساممۇ كىتابخانىنى بىر قۇر ئايلىنىپ ئۇنى كۆرۈپ، بۇنى ۋاراقلاپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ چىقىدىغان چاغلىرىممۇ بار.

مېنىڭ شۇنداق خۇمارىم بولغاچقىمىكىن، خېلى جىق يازغۇچى - شائىرلار بىلەن يېقىن ئۆتىمەن. ئۆزۈمنى ماختىغىنىم ئەمەس، راستتىنلا يازغۇچى - شائىر ئاغىنىلىرىم خېلى بار. ئۆزىنى تونۇمايدىغان ئاللىقانداق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىسمىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، قانداق خۇمارى بارلىقىنىمۇ خېلى ئوبدان بىلىمەن. بەزىدە مۇشۇ يازغۇچى - شائىر دېگەنلەرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئۆزىنى كۆرمەي ئۆتكەنمۇ ياخشىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، يازغۇچى - شائىر دەپ ئېغىزغا چوڭ ئالغان بىلەن ھەرگىزمۇ سىز، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئادەملەر ئەمەس، كۆزىمىزگە كۆندە چېلىقىپ يۈرگەن، رەستىدە كېتىۋېتىپ دوقۇرۇشۇپ قالغان ئادەملەردىن ھېچ پەرقى يوق ئىكەن. كۆرسىڭىز كۆزىڭىزگە ھېچ

ئىشەنمەي قالىسىز. كۆكتۆلدىكى ئوبرازىمۇ ئاددىيلىشىپ قالىدىغان گەپكەن. قارىسىڭىز بىرسى يەر پاپىسى، بىرسى خادىدەك ئېگىز، بىرسى قاقشالدەك ئورۇق، بىرسى كېسەل چىراي، بىرسى ئالدىغا مۈكچىيىپ قالغان، بىرسى تاقىر كاللا، بىرسى سالۋا چاچ، بىرلىرىنىڭ بىر قولى بار، بىر پۇتى يوق... ھەممىسى شۇنداقراق ئادەملەر، قايسىدۇر بىر يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتناشقان بىر توپ ئادەملەرگە نەزەر سېلىۋېتىپ «خۇدايا توۋا، مۇشۇ ئادەملەرمۇ يازغۇچى - شائىرلارمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغىنىم ھېلىغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بەزىدە مۇشۇ بىرنەرسە يازىدىغان يازغۇچى - شائىر دېگەن ئاغىنىلەرنىڭمۇ غەلىتە - غەلىتە خۇمارى بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ.

مەن بىر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان مەشھۇر يازغۇچى مۇھەررىرنى بىلىمەن. ئاڭلىسام ئۇنى بىلىدىغانلارنىڭ تولىسى ئارقىسىدىن «بىر جىڭ مۇھەررىر» دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ نېمە گەپ ئەمدى، دەپ سورىسىڭىز، ھېلىقى «بىر جىڭ مۇھەررىر» كىم بىر جىڭ ھارىقىم بار دېسە شۇ ھامان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدىغۇدەك. ئۇنى بىر جىڭ ھاراققا گۇللاپ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا پىيادە ئاپارغىلى بولغۇدەك. ئۇ كىم بىر جىڭ ھاراق بىلەن مېھمان قىلسا شۇنىڭغا «خاتىرجەم بول! تەھرىر بۆلۈمىدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. ئەسىرىڭنى ئۆزۈم تەھرىرلەپ ئالدىمىزدىكى سانغا بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغۇدەك. ئۇ ئۆزى پۇل خەجلەپ بىر يەشىك ھاراق ئېلىپ ئىچسىمۇ باشقىلارنىڭ بىر جىڭ ھارىقىنى ئىچكەندىكىدەك كۆڭۈللۈك ئىچەلمىغۇدەك. ئۇ باشقىلارنىڭ بىر جىڭ ھارىقىغا شۇنداق خۇمار بولۇپ قالغانمىش.

ئوبزورغا ئوبزور يازىدىغان يەنە بىر ئاغىنە بولىدىغان.

ئۇنىڭدىن ھاراق ئىچمىگەن چېغىدا ئون ئېغىز گەپ سورىسىڭىز دۇدۇقلاپ ئاران بىر ـ ئىككى ئېغىز جاۋاب بېرىدۇ. بولمىسا ئۈنمۇ يوق. ئۇنىڭ بىر ئادەمگە چىراي ئېچىپ سالام قىلغىنىنىمۇ ئانچە كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ بىرەر سورۇنغا كىرىپ ئۈچ ـ تۆت رومكا ھاراق ئىچىپ قالسا سورۇندىكى گەپنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بولىدۇ. ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدۇ. ھېلى بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ھېلى يەنە بىرسىنى تىللاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ گېپىچە بولغاندا ئۇيغۇرلاردىن ھازىرغىچە يازغۇچى ـ شائىر دەپ تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئادەممۇ چىقمىغانمىش. پات يېقىندىمۇ چىقماسمىش. ئۇنىڭ يەنە شىلەپە ـ ئاياغلىرىنى ھاراق ئىچكەن سورۇندا يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئۆيىگە بېرىپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى كېچە يورۇغىچە ئۇخلىغىلى قويماي تىللاپ چىقىدىغان ئادىتىمۇ بار. لېكىن ئۇ مەستلىكىدىن يېشىلسە يەنە ئەسلىگە قايتىپ بوت ـ ھەيكەلنىڭ ئۆزىلا بولۇۋالىدۇ. يېقىندا ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ «ھەسەت خۇمارىمۇ بار، ئىتتەك ئادەم چىشلەيدىغان خۇمارىمۇ بار» دەپ باھا بەرگىنىنى ئاڭلىدىم.

يەنە بىر قورايدەك ئورۇق شائىر ئاغىنەممۇ بار. ئۇنى ھەر دائىم ئۇيقۇسىرىغان، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھالەتتە ئۇچرىتىمەن. بۇ ئاغىنىنىڭ ئورۇقلىقىغا قاراپ «نان يېمىگىلى ھەپتە ـ ئون كۈن بولغانمۇ نېمە، ئۆزىنىغا قالماي بۇ ئالەمنى قويۇپ بېرىپ، ئۇ ئالەمگە كېتەمدۇ، قانداق» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىمەن. لېكىن بۇ ئاغىنىنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇسىڭىز، ئاي. . . ھاي. . . نېمە دېگۈلۈك؟ تومۇزنىڭ تازا ئىسسىقىدا بىر نوگاي مۇز سۇيىنى گۇپۇلدىتىپ ئىچكەندە ھۇزۇرلىنىپ كېتىسىز. ئاڭلىسام بۇ ئاغىنە گۆشكە ئۆچمىش، ئۇچ ۋاخلىقىغا ئۇچ ۋاخ غورا، چامغۇر، ماش ـ پۇرچاق، قىزىلمۇچ ـ سامساق دېگەندەك بىر نەرسىلەرنى سېلىپ

ئەتكەن سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاشنى تەرلەپ ـ تەپچىرەپ ئولتۇرۇپ ئىچكىلى خۇمارمىش. شۇنداق ئاشتىن بىر جام ئىچكەن ھامان تەنلىرى يايراپ، شېئىر يازغۇسى كېلىپلا تۇرارمىش. سۆزلەپ كەلسەم بۇنداق گەپلەر ساماندەك. شەھەردىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان يۈسۈپجان شەيدائىي ئىسىملىك بىر شائىر ئاغىنەم بولىدىغان. ئۇنى قاچانلا ئۇچراتسام ئېڭەكلىرىنى پاكىز قىرىپ، چاچلىرىنى مايلاپ سىپتا تارىۋالغان، بوينىغا گالستۇك چەككەن، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ پۇتىدىكى خۇرۇم ئايىغىغىچە ئېبقى ئاق، قارىسى قارا پارقىراپ تۇرغان ھالەتتە كۆرەتتىم. ئۆزىمۇ خېلى كېلىشكەن، ئوتتۇرا بوي، يۈزلىرى دۈگىلەك، ئاقپىشماق يىگىت ئىدى. كۆزگىمۇ خېلى ئىسسىق چىراي كۆرۈنەتتى. ئۇنى بۇ يۇرتتىكى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شائىر دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ سىياقىغا قاراپمۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ «شائىر دېگۈچىلىكى بار ئىكەن» دېگۈسى كېلەتتى.

يۈسۈپجان شەيدائىينى تونۇمايدىغانلار بىلمەيدۇ، ئۇنىڭمۇ سەل ئۆزگىچىرەك بىر خۇمارى بارلىقى ماڭا ئايان. ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش تاماكا خۇمارىمۇ، ھېلىقى «بىر جىڭ مۇھەررىر»گە ئوخشاش ھاراق خۇمارىمۇ، ئوبزورغا ئوبزور يازىدىغان مۆرىمەس ئاغىنىمگە ئوخشاش ھەسەت خۇمارىمۇ، ئىتتەك ئادەم چىشلەيدىغان خۇمارىمۇ يوق. قورايدەك ئورۇق شائىر ئاغىنىمگە ئوخشاش ئاچچىق ـ چۈچۈك، سۈيۈق ـ سەلەڭ بىر نەرسىگە ئامراق خۇمارىمۇ يوق. ئەمەل خۇمارى، بىرسىنى يەنە بىرسىگە چاقىدىغان خۇمارى، ئۆزگىنى يىغلىتىپ ئۆزى كۈلىدىغان خۇمارى بارلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. ئەمىسە ئۇنىڭ نېمە خۇمارى بار دەمسىز؟ ئۇ گەپ قىلىشتىن ئەسلا ئېرىنمەيدۇ. سىز ئۇنىڭ گېپىنى بىر كۈن كەچ بولغۇچە ئاڭلاشقا ئېرىنمىسىڭىز ئۇ سىزگە راستتىنلا بىر كۈن كەچ بولغۇچە گەپ



قىلىپ بېرەلەيدۇ. بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا سۆزلىگىلى بولىدىغان مەقسەتنى بىرنەچچە يۈز ئېغىز گەپكە سوزۇپ سۆزلەيدۇ. ناۋادا سىز بىرەر ئىش بىلەن بىر ياققا ئالدىراش كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قانداق ئەھۋالىڭ، دەپ سوراپ قويسىڭىز سورىغان، سورىمىغان گەپلەرنىمۇ قىلىۋېرىدۇ. بۇ چاغدا يا ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ، يا «خوش» دەپ يولىڭىزغا ماڭالمايسىز. ئۇنى قانداق گەپ قىلىدۇ دەمسىز؟ ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. بۇنى ئېنىقراق دېمىسەم چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسىز.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆيدە ساپاغا چۆكۈپ، چېكىدىغىنىمنى چېكىپ، ئوقۇيدىغىنىمنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ئايالىم قازان بېشىدا تۇرۇپ:

— يا كىتابنى يېگىلى بولمىغان، يا تۈتۈنگە قورساق تويمىغان، بىر ئۆيگە كىردىم دەپ قالدىمغۇ بالاغا، — دەپ كوتۇلداشقا باشلىدى.

— نېمە گەپ زادى؟ — دەپ سورىدىم كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

— سىزمۇزە، بىر قىسما بولۇۋالدىڭىز مۇشۇ كۈنلەردە، — دېدى ئايالىم ئاشخانا ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەرتۇقىغا قولىنى سۈرتكەچ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مەن گەپ قىلمىسام بۇ ئايدىن ئۇ ئايغىچە ئۆيدە نېمە كەم، نېمە يوق، سوراپمۇ قويمايسىز. سىز بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىپ ھېرىپ چارچاپ ئاران ئۆيگە كەلگەندە بىر دەم ئاراملىق بولمىغان. سىزمۇ بىرەر ئىشقا قولىڭىزنى ئەگرى قىلىپ قويسىڭىز يامان بولارمىدى؟

— خۇمارىڭ تۇتۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدىم گەپنى چاقچاققا بۇراپ، — تاماكىدىن بىر تال چېكىپ قويامسەنيا؟

— ئادەمگە گەپ خۇشياقمىغاندا قويۇڭە ئۇنداق گېپىڭىزنى، — دېدى ئايالىم چىرايىنى پۇرۇشتۇرگىنىچە، —

بىر ئەر كىشى تۇرۇپ بىر ئۆينىڭ ئىشى بىلەن ھېچ كارىڭىز بولمىسا كىمنىڭ خۇمارى تۇتمايدۇ. مەن گەپ قىلمىغۇچە ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز سورىمايسىز، بىر ئۆي تۇتىمەن دەپ ئۇن، گۆش، كۆكتاتتىن تارتىپ چېكىدىغان تاماكىسىغىچە ئۆزۈم توشۇپ، جېنىم سۇ بولۇپ ئېقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ ئۆيدە. . .

ئايالىمنىڭ كوتۇلداشلىرى قۇلىقىمغا ھېچ ياقمىدى.

— سەن نېمە دېمەكچى زادى، گېپىڭنى ئېنىـ ـ ـ ـق قىلمامسەن؟ — دەپ سورىدىم تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ.

— گۆش يوق، گۆش، — دېدى ئايالىم مەندىنمۇ ئۈنلۈك قىلىپ، — توڭلاتقۇدا گۆش قالماپتۇ. بالا ئېمىتىدىغان ئەمچىكىمنى كېسىپ تاماق ئېتىشنىڭ ئورنى يوقكەن.

— شۇنچىلىك گەپمىدى؟ — دېدىم سەل ئاچچىقىـ ـم كېلىپ، — بىر ھازا كايىمايمۇ دېگىلى بولمامدۇ بۇ گەپنى؟

— مېنىڭمۇ بىكاردىن بىكارغا كايىغۇم بارمۇ؟ كايىمىسام بىر كۈن كەچكىچە ئۆينى تۇتۇنگە توشقۇزۇپ، كىتابقا قاراپ ئولتۇرغىنىڭىز ئولتۇرغان سىزنىڭ.

ئايالىم بىلەن يەنە گەپ تەگىشىشنى خوپ كۆرمەي ئىشىكتىن چىقتىم. ئىشىكتىن چىقىپلا ئۆزۈمنى قەپەستىن ئۇچۇپ چىققان قۇشتەك خېلى ئەركىن ھېس قىلىپ قالدىم. ئەتىگەنلىك قۇياش ئېگىز بىنالارنىڭ ئۈستىدە پارلاپ تۇراتتى. گۆش ئالماقچى بولۇپ كېتىۋاتىمەن. كېتىۋېتىپ ئايالىمنىڭ خۇمارى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ قالدىم. ھەممە ئادەمنىڭ بىرەر خۇمارى بولغان يەردە ئايالىمنىڭمۇ خۇمارى بولماي قالامتى؟ ئۇنىڭ ئۆيدە بەزىدە كىچىككىنە ئىشقىمۇ شۇنداق بىر ھازا كايىشىپ قورسىقىنى بوشىتىۋالىدىغان خۇمارى بارلىقى ماڭا ئايان ئىدى. خۇمارى بېسىققاندا يەنە بىر ئوبدانلا ئايالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى ساقلىقى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىپ ئۆز ئىشىنى ئۆزى باش كۆتۈرمەي قىلىشۋېرەتتى. ئۇيلاپ باقسام بىز توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىپ قالغىلى خېلى يىللار بوپتۇ. ئارىدا ئىككى بالىغا ئاتا - ئانا بولۇشتۇق. ئۆيىمىزدىمۇ، خىزمەت ئورنىمىزدىمۇ، جاھاندىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەردى. ئايالىمنىڭ شۇ خۇمارى تۈپەيلى بىز ئىككى قېتىم ئاجرىشىپ يەنە يارىشىۋالدۇق. توي قىلغانىنى قوشقاندا بىر خوتۇننى ئۈچ قېتىم ئالدىم دېگەن گەپ. بالىلارنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا چىداشىمىدۇق. كۆڭلىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە بىر - بىرىمىزگە چىداشىمىدۇق. مېنىڭمۇ خېلى بولىدىغان، ئايالىم ئارزۇلايدىغان يەرلىرىم بولسا كېرەك. راست گەپنى قىلسام ئايالىمنىڭمۇ شۇنداق يەرلىرى خېلى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خەقنىڭ خوتۇنلىرىدەك كىيىم خۇمارى، زىبۇ زىننەت خۇمارى، رېستوران خۇمارى، ئويۇن - تاماشا خۇمارى، تاتلىق يەپ - ئىچىدىغان خۇمارى، كۆرپىدىن چۈشمەي ئىغىناقلاپ ئۇخلايدىغان خۇمارى. . . يوق ئىدى. بۇنى ئويلىسام ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن شۇ بىر خۇمارىنىزە، قانداق قىلاي، ئۇنىڭ بۇ خۇمارىغىمۇ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن. كۆنمەي ئاجرىشىپ كېتىپ ئارقىدىن يەنە شۇ بىر خوتۇننى تۆتىنچى قېتىم ئېلىشىنىڭ ئورنى يوق ئەمدى. بۇرۇن كىچىك بولساق ھازىر چوڭ بولدۇق. ئادەم دېگەنگە يۈز كېرەكتە.

پوچتىخانىنىڭ يېنىدىكى قاسساپتىن ئىككى جىڭ گۆش ئېلىپ سۇلياۋ خالتىغا سالدىم - دە، ساڭگىلاتقىنىمچە ئەمدىلا ئۆي تەرەپكە ئالدىمنى قىلىپ تۇراتتىم. يۈسۈپجان شەيدائى دېگەن شائىر ئارغىنا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە ئېڭەكلىرىنى پاكىز قىرىپ، چاچلىرىنى مايلاپ سىپتا تارىۋالغانىدى. بويىنىغا چىگىۋالغان گالستۇكى ئۇنى راستتىنلا شائىرلاردەك كۆرسىتەتتى. كۆڭلىكىنىڭ

ياقىسىدىن تارتىپ پۇتىدىكى خۇرۇم ئايىغىغىچە ئېقى ئاق، قارىسى قارا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا «ئەتىگەندە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى بۇ ئاغىنە، يەنە بىردەم گەپكە تۇتۇپ تۇرۇۋالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇچرىشىپ قالغان ئىكەنمىز، كۆرۈشمەي بولمىدى. تولا گەپ قىلىدىغان خۇمارى بولسىمۇ يەنە بىز ئاغىنە - دە.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆرۈشۈشكە قول سوزغاچ.

— يامان ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭچۇ؟ — دېدىم مەنمۇ قولۇمنى سوزۇپ، لېكىن شۇئان ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا مۇنداقلا ئۇدۇل كېلىپ قالغان «ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭچۇ؟» دېگەن گەپنى ھېچ ئويلىماي چىقىرىۋېتىپ بولۇپ «ئىسىم» دەپ سالدىم دىمىغىمدا. ئۇمۇ دەررۇ:

— نېمىسىنى سورايسەن؟ — دېگىنىچە ئۆز گېپىنى باشلاپ كەتتى، — كاللاڭنى تاتىلىغۇدەك بىردەم ئارام بارمۇ دېگىنە؟ مېنىڭ كۈنلىرىمنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقى ساڭا ئايانغۇ؟ ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقمۇ تەسلىشىپ كەتتى مۇشۇ كۈنلەردە. ئوقۇتقۇچى دېگەن دەرس تەييارلاش، كۈندە دوسكا ئالدىدا نەچچە سائەت ئۆرە تۇرۇپ كاپىلداش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئاماننى زامانغا ئۇلاشتۇرالماي ئۆتىدىغان گەپكەن، شۇ. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك مەكتەپتىكىلەر ئۇيۇشما خىزمىتى، ئىتتىپاق خىزمىتى، قىرائەتخانا باشقۇرۇش، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش دېگەندەك بىر پاتمان ئىشلارغا مېنى ساقالدىمان قىلىپ قويۇشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىيات كۇرۇژۇكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈزىتىدىغان، ھەپتىدە بىر سان تام گېزىتى چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ دېگىنە ئاداش.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قايمۇقۇپلا كەتتىم. كۆڭلۈمدە «ھېلىمۇ ساراڭ بولۇپ قالماپتۇ بۇ ئاغىنە» دەپ ئويلىدىم.
يۇسۇپجان شەيدائىنىڭ لەۋلىرى خۇددى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىدەك لىپىلدىماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە «ھەئە»، «شۇنداقمۇ» دەپ قويغىنىمچە بۇ ئاغىنە توغرىسىدا ئاللىقانداق خىياللارنى سۈرۈشكە باشلىدىم.
يۇسۇپجان شەيدائى خېلى جىق تەخەللۇسلارنى قوللانغان بىر شائىر ئىدى. ئۇ بىر تەخەللۇسنى ئۇزۇن بولسا بىر - ئىككى يىل، بولمىسا بەش - ئالتە ئايلا قوللىناتتى. بۇ ئاغىنىنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇسى بىلەن قوشۇپ ئاتىمساق شۇ ھامان ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالاتتى. شۇڭا بۇ ئاغىنىنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ بىر مەھەل ئۇنى «يۇسۇپجان تەشنائى» دەپ ئاتاپ يۈردۇق. كېيىن «يۇسۇپجان پىراقى» دەپ ئاتايدىغان بولدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بارا - بارا يۇسۇپجان شۇڭقارى، يۇسۇپجان تارىمى، يۇسۇپجان تەكلىماكانى... دەپ ئاتاپ بولالمايلا قالدۇق. يۇسۇپجان ئىسمىنىڭ شېئىر يازىدىغاندىن زادى نەچچىسى بار؟ قايسىسىنىڭ تەخەللۇسى نېمە؟ بىز بىلىدىغان ئوقۇتقۇچى يۇسۇپجان ھازىر زادى قانداق تەخەللۇس قوللاندى؟ بۇرۇنقى تەخەللۇسنى قانداق يېڭى تەخەللۇسقا ئۆزگەرتتى؟ بىر مەھەل بۇنى ئاڭقىرماقمۇ بىر گەپ بولۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى تولا خوتۇن يەڭگۈشلىگەن تۈتۈرۈقسىز ئەردەك نۇرغۇن تەخەللۇسلارنى قوللانغاندىن كېيىن ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ شېئىرغا شەيدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «شەيدائى» دېگەن تەخەللۇستا توختاپ قالغانىدى.
قۇياش بارغانچە ئۆرلەپ ھارارەت چاچماقتا ئىدى. يولدىكى ئۇتۇشۇپ تۇرغان ماشىنىلارمۇ، يولۇچىلارمۇ خېلى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى. يۇسۇپجان شەيدائىنىڭ لەۋلىرى تېخىچە كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىدەك لىپىلداپ تۇراتتى.

پۇتلىرىمنىڭ تالغانلىقىنى ھېس قىلدىم – دە، ئېغىرىمنى ئۇ پۇتۇمدىن بۇ پۇتۇمغا يۆتكەپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. مەن يەنە ئۇنىڭ ئاشۇ لەۋلىرى ئارىسىغا قاراپ «ھەئە»، «شۇنداقمۇ» دەپ قويغاچ ئۆز خىيالىمنى سۈرۈشكە باشلىدىم.

يۇسۇپجان شەيدائى پەسىل پۇرسىتىنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويمايتتى. ئەتىيازدا يازدا كېلىدىغان بايراملارغا، يازدا كۈزدە كېلىدىغان بايراملارغا، كۈزدە قىشتا كېلىدىغان بايراملارغا ئاتاپ شېئىر يېزىپ ئالدىن ئەۋەتىپ بولاتتى. ئۇنىڭ قوليازمىلىرى ماڭا نېمىشقىدۇ ئېگەكلىرىنى قىرىپ پارقىرىتىپ يۇرسىمۇ قېرىلىقى چېنىپ قالغان ئەردەك، ئۇپا، ماينى بولۇشىغا سۇرتسىمۇ يۈزلىرىدىكى سەپكۈن، داغلار يەنە بىلىنىپ قالغان ئايالدەك، باشقىلارنىڭ كىيىمىنى تىلەپ كىيىپ تويغا، بازارغا بارغان ياسانچۇق قىزدەك، چاقسا ئىچىدىن مېغىز چىقمىغان ياڭاقتەك، تۇز قويمىغان ئاشتەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ تەرىپىنى كۆڭلۈمدە بىلىپ ئېغىزىمدىن چىقىرىپ يۈرمەيتتىم. ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىمدىن چىقارغىنىممۇ بىكار ئىدى. «شېئىرىڭىزنىڭ مۇنداق يېتەرسىزلىكى بار ئىكەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. «ياخشى يېزىپسەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا خۇشال بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا مەنمۇ ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا «يامان ئەمەس، خېلى ياخشى يېزىپسەن» دەپ قوياتتىم.

ئۇ قولىيازمىلىرىنى ئاز دېگەندە بەش – ئالتە نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ بەش – ئالتە گېزىت – ژۇرنالغا بىراقلا ئەۋەتەتتى. شۇ بەش – ئالتە گېزىت – ژۇرنال ئىچىدىن بىرسى بولمىسا بىرسى ئۇنىڭ بىر – ئىككى پارچە شېئىرىنى ئېلان قىلىپ قالاتتى. شۇ بىر – ئىككى پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇ جېنىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي كۈلەتتى. مەن بولسام قوليازما نۇسخىسى بىلەن ئېلان نۇسخىسىدا خېلى پەرق بارلىقىنى ئويلاپ خورسىنىپ

قوياتتىم. . .

خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام يۇسۇپجان شەيدائىنىڭ لەۋلىرى تېخىچە كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىدەك لىپىلداۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ھېچ ئاڭقىرالمايمەن. كۆڭلۈمدە «ئېغىز دېگەنمۇ گەپ قىلىغانغا تالمايدىغان نەرسە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ ئاغزى تالمىغان بىلەن مېنىڭ پۇت - قوللىرىم تېلىپ كەتكەنىدى. بىر قولۇمدا ساڭگىلىتىپ تۇرغان سۇلياۋ خالتىدىكى ئىككى جىڭ گۆش ئىككى سان گۆشنىڭ ئېغىرلىقىدەك بىلىنىشكە باشلىغانىدى. سۇلياۋ خالتىنى ئۇ قولۇمدىن بۇ قولۇمغا، ئېغىرىمنى بۇ پۇتۇمدىن ئۇ پۇتۇمغا يۆتكىدىم - دە، يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۈتۈننى يۆۋلىگەچ ئاسمانغا قارىدىم.

قۇياش بارغانچە تىكلەنمەكتە ئىدى. تومۇزنىڭ ئاپتىپى يەر - جاھاننى تونۇردەك قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى. شۇئان ئايالىمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن سىياقى خىيالىمدىن كەچتى. يۇسۇپجان شەيدائىنىڭ گەپلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قايسى گېپى قۇلىقىمغا كىردى، قايسى گېپى كىرمىدى؟ ئۆزۈممۇ ھېچ بىلمەيمەن. يېرىم - يارتا قۇلىقىمغا كىرگەن گەپلەردىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان شېئىرى يۈز پارچىدىن ئاشقانمىش. ئۇ بۇ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى گېزىت - ژۇرناللاردىن قىيىپ ئېلىپ، بىر ئالبومغا چاپلاپ چىققانمىش. ئۇ بۇ شېئىرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى ئىشلەشنى نىيەت قىلغانمىش. بۇ شېئىرلارنى بەش نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ، بەش نەشرىياتقا ئەۋەتىشنى ئويلاپ قويغانمىش. بىرسى بولمىسا بىرسى نەشر قىلىپ قالارمىش. شېئىرلار توپلىمىغا بېسىلىدىغان ئۆلچەملىك سۈرەتنىمۇ تەييارلاپ قويغانمىش. ئۇ

شېئىرلار توپلىمىنى ئەۋەتكەن هامان ئارقىدىنلا خوتەننىڭ گىلەم، ياغاچقىلىرىدىن، يەكەن، قەشقەر تەرەپلەرنىڭ بادام مېغىزىدىن، تۇرپاننىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، كىشمىشلىرىدىن، غۇلجا تەرەپلەرنىڭ هەسەل، قۇرۇتلىرىدىن خالتا، يەشىك تەييارلاپ مۇهەررىرلەرگە ئەۋەتىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانمىش. مۇشۇ كۈنلەردە مۇهەررىرلەرنىڭمۇ «گېپى يوغىناپ» كەتكەنمىش. بىر نەرسە ئەۋەتمىگەن ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتماسمىش.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. يۈسۈپجان شەيدائىنىڭ ئاغزى هېچ بېسىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بوينۇمنىڭ، گەجگەمنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ قالدىم. يەنە ئۆرە تۇرۇۋېرىشكە مادارىم قالمىغاندەك ئىدى. يۈسۈپجان شەيدائىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، خوش دەپ ماڭاي دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

— ئاداش، سائەت. . .

— توختا، گېپىمنى بۆلمە! — دېدى ئۇ دەررۇ، — سائەت دەمسەن؟ مۇشۇ سائەت توغرىسىدىمۇ بىر پارچە شېئىر يېزىش ئويۇم بار. ئېسىمگە كەلتۈرۈپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى. بىزنىڭ هەممە ۋاقتىمىز سائەتكە باغلىق، شۇنداقمۇ؟ سائەتكە قاراپ ئورنىمىزدىن تۇرىمىز، سائەتكە قاراپ خىزمەت قىلىمىز، سائەتكە قاراپ تاماق يەيمىز، ئۇخلايمىز. بىزنىڭ هەممە ئىشىمىز سائەتتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ياخشى تېما. شۇڭا، سائەت توغرىسىدا شېئىر يېزىلسا ياخشى چىقىشىدا گەپ يوق. شۇ تاپتا «سائەتكە مەدھىيە» دەپ بىر پارچە شېئىر يېزىشنى كۆڭلۈمدە ئويلاپ بولدۇم. مەنمۇ سائەتكە قاراپ ۋاقىتنى بەك قەدىرلەيمەن. . .

ئۇ شۇ گەپنى قىلغاندا «سەن ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئادەم بولغاندىكىن تولا كاپىلدىماي يولۇڭغا ماڭساڭ بولمامدۇ» دېگۈم كەلدىيۇ، يەنە ئېغىزدىن چىقىرالمىدىم.

— ئاداش، ۋاقىت. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

— توختا، گېپىمنى بۆلمە! — ئۇ دەررۇ شۇنداق دەپ يەنە گېپىمنى بۆلۈۋەتتى، — ۋاقىت دەمسەن؟ ھازىر شۇ ۋاقىتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەنغۇ؟ يېقىندىن بېرى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كۈندە بىر پارچە شېئىر يېزىشنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلدىم. كۈندۈزى يازالمىسام كېچىسى يازىمەن.

— ئاداش، ئۆيدىكى خوتۇن - بالىلار. . .

— توختا، توختا! گېپىمنى بۆلمەي تۇرمامسەن! — دېدى ئۇ يەنە دەررۇ گېپىمنى بۆلۈۋېتىپ، — خوتۇن - بالىلار دەمسەن؟ بۇ تېمىدا بىر داستان يېزىش خىيالىم بار. بۇنىمۇ ئېسىمگە كەلتۈرۈپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى. خوتۇن بالىلارمۇ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئەزاسىغۇ، ئاياللارنى يېرىم دۇنيا دەيمىز. بالىلار چوڭلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاج. بۇ تېمىدا چوڭراق ھەجىمدە بىر نەرسە يېزىلسا چوقۇم ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنداقمۇ دېدىم. لېكىن بىزنىڭ ئۆيدىكى خوتۇن - بالىلار - زە. . . بەزى كېچىسى شېئىر يېزىۋاتسام بۆشۈكتىكى بالا يىغلاپ زېھنىمنى چېچىۋېتىدۇ. بۇنداق چاغدا بىر ئۆيگە كىرىپ قالغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىمەن. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمگە تىنچ مۇھىت ھەممىدىن مۇھىمكەن. ئاخشـــــمـــــى يوتقانغا كىرىشتىن بۇرۇن قەغەز - قەلەمنى بېشىمغا ئەكېلىپ قويۇپ ياتىمەن. ئىلھام كېلىپ قالسا توكنىڭ يېپىنى تارتىپلا باشنى كۆتۈرۈپ يازىدىغان گەپ. تولـــــراق قەغەزنـــــى ياستۇققا، خوتۇننىڭ قورسىقىغا، دۈمبىسىگە قويۇپلا يازىمەن. ئىـــلھام كېلىپ قالسا، بىردەم توختاپتۇر، دېگىلى بولامتىمۇ؟ بىر قېتىم شۇنداق ئىلھام كېلىپ قېلىپ توكنىڭ يېپىنى تارتىپلا قېشىمدا ئۇخلاپ ياتقان خوتۇننىڭ دۈمبىسىگە قەغەزنى قويۇپ شېئىر يېزىۋاتقانىدىم. خوتۇن ئويغىنىپ كېتىپ «نېمە قىلىۋاتىسەن ھوي سارالڭ؟» دەپ مۇدۇرۇشىگىلا قەلەمنىڭ ئۇچى قەغەزنى تېشىپ خوتۇننىڭ دۈمبىسىگە سانجىلىـپ كەتمەسمۇ، خوتۇن

ئاچچىقىدا قەلەمنى يۇلۇپلا ئېلىپ سۇندۇرۇۋەتتى. بەكمۇ راۋان چىقمىدىغان، قولۇم بىر ئوبدان كۆنۈپ قالغان قەلەم ئىدى. ھازىرغىچە ئۇنداق قەلەمگە ييەتەلمىدىم. كۆلىسەڭغۇ؟ ئىلھام دېگەن شۇنداق نەرسە. ئۇنىڭ كەلگۈسى كەلسە ۋاقىت، ئورۇن تاللىماي كېچىسىمۇ، كۇندۇزىمۇ، تالادىمۇ، ئۆيدىمۇ كېلىپ قالىدىغان گەپكەن. شائىر دېگەن ئىلھام كەلگەن ھامان ۋاقىتنى چىڭ تۇتالمىسا بىر پارچە ئوبدان شېئىردىن قۇرۇق قالدى دېگەن گەپ. بىر قېتىم ھاجەتخانىنىڭ كاتىكىدە ئولتۇرۇۋېتىپ شۇنداق ئىلھام كېلىپ قالماسىمۇ، يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام قەغەز يوق، قولۇمغا بىر قاپ سەرەڭگە چىقتى. سەرەڭگە قېپىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئىككى كۇپلېتلا شېئىر يېزىۋالغانىدىم. خېلى ئوبدان چىقتى دېگىنە. . .

مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ «شېئىر دېگەن ئىلھام كەلدى دەپلا يازغىلى بولىدىغان شۇنداق ئاددىي نەرسىمۇ؟ ئۇ بىرەر بەدىئىي خاھىشنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ۋاستە تاللاپ، كۆڭۈلدە تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولغاندا ئاندىن قولغا قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىپ يازىدىغان نەرسە ئەمەسمۇ؟» دېمەكچى بولدۇم. لېكىن گەپنى ئۇزارتىشنى خالىماي ئۈنچىقمىدىم.

قوياش ئاللىبۇرۇن تىكلىنىپ بولغان ئىدى. تونۇرنىڭ ئۆتىدەك يېلىنجاپ جىمىرلاۋاتقان ئالۋۇن كۆزنى چاقاتتى. يۇسۇپجان شەيدائىنىڭ لەۋلىرى تېخىچە كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىدەك لىپىلداپ تۇرماقتا ئىدى. مەن ئېغىزىمنى بۇ پۈتۈمدىن ئۇ پۈتۈمغا، سولياۋ خالتىنى ئۇ قولۇمدىن بۇ قولۇمغا يۆتكىگىنىمچە ئىچ ـ ئىچىمدىن تىتىلداشقا باشلىغانىدىم. شۇ ئارىدا قولۇمدىكى سولياۋ خالتا پوككىدە قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشقا چىدىغان بىلەن ئۇ ئىككى جىڭ گۆشنى كۆتۈرۈپ، ئاپتاپتا

سوزۇلۇپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىمىغانىدەك قولۇمغا ئۆتكۈزۈۋالغان يېرىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. گۆش تونىغا مىلەنمىگەن ئىدى. مەن دەررۇ ئولتۇرۇپلا سولىياۋ خالتىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن يېرىنى چەگدىم ـ دە، يەنە قولۇمغا ئۆتكۈزۈپ ساڭگىلاتقىنىمچە بىلىمنى رۇسلىدىم.

— ئاداش، مەن گۆشنى ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىپلا. . .

— توختا، توختا! نېمىگە ئالدىرايسەن؟ گېپىم تېخى تۈگىمىدى. . .

يۇسۇپجان شەيدائى شۇنداق دېگەچ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. مەن ئۇنىڭدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ ئارقىمغا بىر قەدەم داجىغانىدىم. ئۇ مۇشۇ ھامان ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىدى. «كاللىسىنىڭ سۈيى بار ئاغىنىمۇ نېمە بۇ؟ بۇگۈن نېمە بولۇپ ئالدىمغا يولۇقۇپ قالغاندۇ بۇ كاپ ـ كاپ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. خۇمارىم تۇتۇپ مەيدە يانچۇقۇمنى كوچىلىغانىدىم، قولۇمغا قۇرۇقدىلىپ قالغان تاماكا قېپى چىقتى. ئاچچىقىمنى تاماكا قېپىدىن ئالغۇم كەلگەنىدەك ئۇنى قاتتىق مىجىپ ـ مىجىپ بىر ياققا چۆرىۋەتتىم. كۆڭلۈمدە «بۇ ئاداشنىمۇ شۇنداق مىجىپ چۆرىۋەتكىلى بولغان بولسا ـ ھە! ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. لېكىن ئۇ تاماكا قېپى ئەمەس ئادەم ـ دە، يەنە كېلىپ شائىر تېخى.

ئۇ پەرۋاسىز ھالدا ئۆز گېپىنى قىلماقتا ئىدى. تىڭشىلداپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ قايسى گېپى قۇلىقىمغا كىردى، قايسى گېپى كىرمىدى؟ يەنە تازا بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئارىلاپ قۇلىقىمغا كىرىپ قالغان يېرىم ـ يارتا گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ بۈگۈنمۇ يەنە «مۇھەررىرلەرگە مەدھىيە» دېگەن بىر پارچە شېئىرىنى بەش نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ بەش گېزىت ـ ژۇرنالغا بىراقلا ئەۋەتىۋەتكەنمىش. بۇ شېئىرنى مۇھەررىرلەر كۆرگەن ھامان ئېلان قىلارمىش. چۈنكى، مۇھەررىرلەرمۇ ماختاشقا ئامراق

ئادەملەرمىش. ئۇ شۇ شېئىرلارنى سېلىپ بولۇپ پوچتىخانىدىن چىقىۋاتقىنىدا مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانمىش.

— ئۇھ! — دېدىم ئۇنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۇنلۇك قىلىپ. كۆڭلۈمدە «مۇشۇنىڭ بىلەن گېپى تۈگىگەندۇ، خوش دەپ ماڭاي ئەمدى» دەپ تۇراتتىم، ئۇ يەنە دەررۇ گېپىنى ئۇلاپ:

— ھە راست، ئەسەرلىرىمنى باشقىلار ئوقۇغاندەكمۇ؟ جەمئىيەتتە ئانچە - مۇنچە گېپىم بولغاندەكمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

ئۇنىڭ بۇنداق سوئال سوراپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. شۇڭا، دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدىم.

— خەق شائىر دەپ تونۇسا مەيلىغۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىچە مېنىڭ گەپ قىلىشىمنىمۇ كۈتمەي.

شۇ ئارىدا يەنە بىر شائىر ئاغىنە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپلا «ئالە شەرىڭنى، ئەمدى مۇشۇ يەردە كۈن كەچ بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قالدىم. ئىككى شائىر قوللىرىنى قويۇپ بېرىشمەي بىر - بىرسىدىن ئامانلىق سورىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «خوش ئەمىسە» دېدىم - دە، ئارقامغا ئۆرۈلدۈم.

ئارقامدىن خۇددى ئىت قوغلىغاندەكلا تېز - تېز قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. كوچىدا كىملەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ، كىملەرنى مۇرىدىۋەتكىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. يۈسۈپجان شەيدائىيدەك گەپخۇمارلاردىن بىرەرسى ئۇچراپ قالمىغىيدى، دېگەن ئوي بىلەن ئالدىمغا ئۇچراپ قالغان تونۇش - بىلىشلەرگىمۇ تۈزۈك سالام قىلغۇم كەلمىدى. كۆزۈمگە يۈسۈپجان شەيدائىينىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىدەك توختاۋسىز لىپىلدايدىغان لەۋلىرى، بارغانچە غەربكە سىلجىۋاتقان قۇياش، ئايالىمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىماسىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ھاسىراپ، ھۆمۈدىگىنىمچە ئىشىكتىن كىردىم. كۆڭلۈم تۇيغاندەك ئاپالىم شۇ ئانلا:

— قانداق ئادەمسىز شۇ چاغقىچە ئۆينى تېپىپ كېلەلمەيدىغان؟ — دېگىنىچە چالۋاقاشقا باشلىدى، — سىز چىقىپ كەتكىلى نەچچە سائەت بولدى، بىلەمسىز؟ گۆش ئەكىرىمەن دەپ ئەتىگەن ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن ئادەم كۈن پېشىن بولغاندا ئۆيگە كەلگەن بارمۇ؟ قاچان كېلەر دەپ ئىشىككە قاراپ... خۇدايا توۋا...

— يولدا بىر گەپ خۇمار شائىر ئاغىنە ئۇچراپ قېلىپ... — دېيىشىمگىلا ئاپالىم:

— شۇ شائىر دېگەن بىر نېمىلەرنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلىمىسام دەيمەن، — دېگىنىچە قولۇمدىن سولياۋ خالتىنى سىلكىپلا ئالدى.

«گەپ ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىگەندۇ» دەپ ئويلاپ «ئۇھ» دېدىم ـ دە، ئۆزۈمنى ساپاغا تاشلىدىم. ئەمدىلا بىر پىيالە سوغۇق چاينى قولۇمغا ئېلىپ ئولتۇراتتىم، ئاپالىم:

— ۋاي... ئانامەي، ئەكېلىپ بەرگەن گۆشىنى بۇنىڭ، — دەپ كوتۇلدىغىنىچە يەنە ئالدىمدا پەيدا بولدى، — نېمە دېگۈلۈك بۇ ئەرنى زادى؟ خۇدايا توۋا...

— نېمە دەيسەن ئەمدى؟ — دېگىنىمچە بېشىمنى كۆتۈردۈم ئۇنىڭ يەنە نېمىگە كوتۇلداۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي.

— قانداق گۆش بۇ؟ تاپتەك پۇراپ قالغان گۆشنىمۇ ئەكەلگەن بارمۇ؟

ئاپالىم شۇنداق دېگىنىچە ئاغزى ئۇچۇق سولياۋ خالتىنى ئالدىمدىكى شىرە ئۈستىگە پوككىدە قويدى. شۇئان سولياۋ خالتىدىن بىر نەچچە چىۋىن گىڭىلدىشىپ ئۇچۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر سېسىق پۇراق گۇپپىدە قىلىپ بۇرنۇمغا

ئۆرۈلدى. دېمىم بىردىنلا ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

— مېنى تولا كوتۇلدايدۇ دەيسىز، كوتۇلدىمىسام قىلغان ئىشىڭىزنىڭ ھالى مۇشۇ مانا، بۇنداق ئىشنى كىچىك بالىمۇ قىلماس جاھاندا، — دېدى ئايالىم كۆزلىرىمگە مىختەك قادىلىپ.

— قاسساپتىن ئالغاندا ھېچ پۇرىغاندەك قىلمىغان، — دېدىم گەدىنىمنى تاتىلىغىنىمچە ئايالىمنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇۋېتىپ، — خەق بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرغانغىمۇ مۇشۇنداق پۇراپ قالغانمىدۇ بۇ گۆش؟

— گۆش دېگەننى مۇشۇنداق ئىسسىقتا يېرىم كۈن ئاپتاپقا قاقلىسىڭىز پۇرىماي قالامتى ئەمىسە! ھېلىمۇ ياخشى ئۆزىڭىز پۇراپ قالماپسىز.

شۇ تاپ ھەر ئىككىمىزنىڭ خۇمارى تازا چېكىگە يەتكەندەك ئىدى. مەيدە يانچۇقۇمغا قول سېلىپ تاماكىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم-دە، ئۆزۈمنى باغانچە تۈگۈلۈپ، ساپاغا چۆكۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. نېمە دېگۈلۈك؟ سەۋەنلىك ئۆزۈمدە بولغاچقا ئېغىزىمغىمۇ گەپ كەلمەي قالدى. ئايالىم ماڭا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە پۇشۇلدايتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ ئېچىنكىمگە بىر-ئىككىنى كاچاتلىۋەتسىمۇ خۇمارى بېسىقمايدىغاندەك قىلاتتى. كۆڭلىدە مېنى تىللاۋاتامدىكىن. مەن كۆڭلۈمدە يۈسۈپجان شەيدائىنى تىللاشقا باشلىغانىدىم. «بۈگۈن نەدىنمۇ يولۇقۇپ قالغان بولغىيدىڭ ئالدىمغا؟ شائىر مەن دەپ يۈرگىنىڭگە مىڭ لەنەت، سەندەك كاپ-بىر نېمىنى ئىككىنچى ئالدىمغا يوپۇرا قىلماس خۇدايىم...»

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# بىرنى بىر دېگۈلۈك

ئاپتورى: ئايمۇھەممەت ساھىبى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئەنسار مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ خۇڭتىۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32؛
باسما تاۋىقى: 8.75؛ قىستۇرما بېتى: 6
2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3060
ISBN7—228—08650—3
باھاسى 13.00 يۈەن